رىزۋانگۈل يۈسۈپ

# قىزارغان سەھرا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ISBN 7-228-05870-4
9 787228 058709 >


ISBN 7-228-05870-4
定价: 10.50元

15
1247. 7
39

رىزۋانگۈل يۈسۈپ

# قىزارغان سەھرا

( ھېكايىلەر )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئازاتگۈل ئاتاۋۇللا
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

## قىزارغان سەھرا

رىزۋانگۈل يۈسۈپ

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 8.75 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 3,000
ISBN7—228—05870—4/I • 2164
باھاسى : 10.50 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据

红遍乡村:维吾尔文/热孜莞古丽·玉苏甫著。— 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.8

ISBN7—228—05870—4

Ⅰ.红… Ⅱ.热… Ⅲ.小说 — 作品集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第63739号

责任编辑:阿扎提古丽·阿塔吾拉

封面设计:艾克拜尔·萨里

红遍乡村(维吾尔文)

热孜莞古丽·玉苏甫　著

新疆人民出版社出版发行

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码:830001)

新疆人民出版社微机室排版

新疆新华印刷三厂印刷

787×1092毫米 32开本　8.75印张　2插页

2000年8月第1版　2000年8月第1次印刷

印数:1——3,000

ISBN7—228—05870—4/I·2164　定价:10.50元

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇھەررىردىن

ئاپتور رىزۋانگۈل يۇسۇپ 1970 ــ يىل 12 ــ ئاينىڭ 16 ــ كۈنى يەكەن ناھىيە ئارال يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ كىتابخۇمار ئاتىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىدە كىتابنى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ئېسىل پەزىلەت يېتىشتۈرۈپ ، باللىق چاغلىرىدىن تارتىپلا نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان ۋە خەلق ئاغزىدىن داستان ، رىۋايەت ، چۆچەكلەرنى بېرىلىپ ئاڭلىغان . مانا بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىدە مەلۇم رول ئوينىغان .

ئۇ ئىجادىيەتكە كىرىشكەندىن كېيىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ، رۇس ئەدەبىياتى ۋە غەرب ئەدەبىياتىغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ ۋە ئۆگىنىپ ، ئۇلاردىن مول بىلىم توپلىغان . ئۇ 1990 ــ يىلدىن ھازىرغىچە « قەشقەر ئەدەبىياتى » ، « تارىم » قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللاردا 20 دىن ئارتۇق پوۋېست ۋە ھېكايىلەرنى ئېلان قىلدۇردى . ئۇنىڭ « شەبنەم » ناملىق ھېكايىسى « 9 ــ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى » غا ، « سىرلىق ئالما » ناملىق ھېكايىسى « تارىم ئەدەبىياتى مۇكاپاتى » غا ، « جىگدە چېچىكى » ناملىق ھېكايىسى « جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى توپلىمى » غا كىرگۈزۈلدى .

« قىزارغان سەھرا » ناملىق بۇ ھېكايىلەر توپلىمىغا ئاپتورنىڭ 14 پارچە ھېكايىسى ئېلىندى .

# مۇندەرىجە


سىرلىق ئالما.......................... 1
قامغاقنىڭ چۇشى.......................... 25
بەخت.......................... 45
شاماللار كۈيى.......................... 62
يېشىل ئارمان.......................... 83
شەبنەم.......................... 108
ھارغىن تۇيغۇلار.......................... 137
تۈگىمەس ناخشا.......................... 158
جىگدە چېچەكى.......................... 189
ئىككى ئارىدا.......................... 210
قۇرۇپ كەتكەن تال.......................... 224
قىزارغان سەھرا.......................... 233
ئېزىتقۇ.......................... 247
خىيال.......................... 266

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# سىرلىق ئالما

ئۇ يىگىت تەڭلىگەن ئالمىغا قول ئۇزاتتى . ئالمىنى ئېلىۋېتىپ ، يىگىتتىن سىز كىم بولىسىز ؟ دەپ سورىماقچى بولۇپ ، نېمىشقىدۇر سورىمىدى ، شۇ تاپتا ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقى ، مەھەللە سىرتىدا ئۆزىنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكى تۇيۇقسىز ئېسىگە كېلىپ ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . يىگىتكە رەھمەت ئېيىتىپلا ، ئىتتىك مېڭىپ ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى . ئۇ ئۆزىنى چۈشەكەۋاتقاندەك ھېس قىلدىيۇ ، قولىدىكى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان قىپقىزىل ئالمىغا قاراپ بۇ خىيالنى رەت قىلدى . يىگىتنىڭ ئۆزىگە ئالما تەڭلىگەندىكى تۇرقىنى ئەسلىدى . بۇ ئالمىنى راستتىنلا ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭغا بەرگەنىدى . ئۇ مەھەللە سىرتىدىكى باغنىڭ ئوڭ يېنىدىكى چىغىر يولدا كېتىۋاتاتتى ، مۇشۇ باغنى كۆتۈرە ئالغان يىگىت بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە .

ئۇ ئالمىنى چىشلىدى . ئالما يېڭىلا ئۈزۈلگەندەك ئاجايىپ سۇلۇق ، چۈرۈك ، سۈزۈك ئىدى . قىز ئالمىنى لەززەتلىنىپ يەۋېتىپ ھەيران قالدى . 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شېخىدىن يېڭىلا ئۈزۈلگەن بۇنداق ئالمىنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟ ئۇ چىپپىدە توختاپ كەينىگە قارىدى . يىگىت ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى . قىز ئۆزىنىڭ تاڭ سەھەردە راستتىنلا خاسىيەتلىك بىر چۈش كۆرگەنىگە ئىشىنىپ قالدى ، قولىدىكى ئالمىنىڭ قالغان قىسمىنى ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپ پاك ـ پاكىز يەۋەتتى .

قىز كۆن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگۈچە لىق بىر تاغار ئوت ئېلىپ بولدى . يىراقتىن باغنىڭ بۇك - باراقسان يوپۇرماقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئەمدىلا چاقناشقا باشلىغان كۈن نۇرى ئەنە شۇ يوپۇرماقلاردىن سىرغىغىنىچە كېۋەزلىكلەرگە ، قىزنىڭ مەڭ-زىلىرىگە تۆكۈلەتتى . قىزغا بىردىنلا ئاشۇ ياپپېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدا قىزىرىپ پىشقان ئالمىلار جۇلالىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ تاغارنى يۈدۈپ ، باغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى . باغنىڭ پاكار تېمىنى باغاشلاپ تۇرغان يوپۇرماقلار ئارىسىدا قىپقىزىل ئالما ئەمەس ، ئەمدىلا تۈگمىچىلىك بولغان توك غورىلار ماراپ تۇراتتى . قىزنىڭ باغقا كىرگۈسى كەلدى . باغقا كىرسىلا ھېلىقى يىگىت ئۇچراپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ، ئۆز خىيالىدىن خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى . بايا يىگىت ئۇنىڭغا ئالما تەڭلىگەن يەر-دىن ئۆتكەندە يۈرىكى ، پۈتۈن ۋۇجۇدى شۇررىدە ئېرىپ كې-تىۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

— كىچىككىنە ئوت ئالىمەن دەپ مۇشۇ چاغقىچە يىتكەن بارمۇ ؟ تاماق سوۋۇپ قالغىلى نەۋاق ، تېز بول ، تامقىڭنى يە !

ئۇ ئانىسىغا خاراموش ھالدا قاراپ قويۇپ قاچىنى قولىغا ئالدى . لېكىن تاماققا كۆڭلى تارتمىدى . ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۇ ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ نازۇك بىر تۇيغۇ غىد-دىقلىماقتا ئىدى . ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى بۇ تۇيغۇ ئاۋۋال كىچىككىنە ئۇچقۇنغا ، بارا - بارا لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوت - ئاتەشكە ئايلى-نىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇ يۈرىكىنىڭ ھەتتا پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئوت-تەك قىزىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى . بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرى-دىن ئايرىلىپ قالغاندەك ، ئۆزىنىڭ زادى نېمە بولغىنىنى بىلەل-مەي ، بۇ بىر كۈننى شۇنداق گاراڭ ھالەتتە ئۆتكۈزدى .

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھامان قىپقىزىل جۇلالىنىپ تۇرغان

ئاشۇ ئالما كېلەتتى . يۈرىكى نېمشقىدۇر باغقا تەلپۈنەتتى . باغقا كىرگۈسى ، كىمنىدۇر كۆرگۈسى كېلەتتى . ھەر كۈنى سەھەردە خالتىسىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى باغنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ، يۈرىكى سەل ئارامىغا چۈشكەندەك قىلاتتىيۇ ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈرىكىنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈۋاتقانلىقىنى سېزەتتى .

قىز بارا ـ بارا ئۇيقۇدىن ، تاماقتىن قالدى ، چىرايى زە-پىراندەك سارغىيىشقا باشلىدى . بەزىدە ئۇت ئالغىلى چىقىپ ، باغنىڭ يېنىدا باغقا تىكىلگىنىچە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى . ئۇنىڭ كۆز نۇرى باغنىڭ پاكار تېمىنى تېشىپ ئۆتۈپ ، باغنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە قويماي ئاختۇرۇپ چىقىپمۇ ھېچ نەرسىنى تاپالمايتتى . كۆڭۈن بويى خاراموش ، گاراڭ ھالدا يۈرەتتى . پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ، كۆزلىرىدىن ، لەۋلىرىدىن ئوتلۇق ئاھ تۆكۈلەتتى .

— توۋا ! سەن نېمە بولدۇڭ ؟ ئەجەب ئۆزۈڭگە ئوخشىماي قېلىۋاتىسەنا ؟ — ئانىسى ئۇنىڭ ھالىدىن ئەنسىرەپ قالغا-نىدى ، — نېمە ئىش بولدى ؟ زادى نېمە بولدۇڭ ؟ بىرەرسىگە كۆيۈپ يۈرمەيدىغانسەن ؟

ئالما ۋەقەسىنى ئېيتىش ئۈچۈن ئۆمەللىگەن ئېغىزى ئانى-سىنىڭ كېيىنكى گېپى بىلەن توختاپ قالدى . كۆيۈپ قېلىش ؟ ھېلىقى ئالمىچى يىگىتكە ؟ توۋا ، ئۇ راستتىنلا ھېلىقى يىگىتكە كۆيۈپ يۈرگەن بولسا ـ ھە ! لېكىن ئۇ زادى نەدىدۇ ؟ قەيەرگە كەتكەندۇ ؟ نېمشقا قىزنى كۆرگىلى كەلمەيدىغاندۇ ؟

دېرىزىدىن تولۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان تولۇن ئاي يۇلتۇزسىز ئاسماندا سۆيگىنىنى كۈتۈۋاتقان تەنھا مەلىكىدەك كۆرۈنەتتى .

— مېنى سېغىنىدىڭىزمۇ ؟

قىز يېقىملىق شىۋىرلاشتىن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى . كۆز ئالدىدا تۇرغان يىگىتنى كۆرۈپ ، يۈرىكى شىددەت بىلەن سوقۇپ

كەتتى . يىگىت ئۆزى بىلەن ئاي نۇرىنى بىللە ئېلىپ كىرگەندەك ، ئۆي ئىچى سۈتتەك ئاپئاق نۇرغا تولۇپ كەتكەندى . يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن ئاي نۇرى ئەكس ئېتەتتى . يىگىت قىزنىڭ چاچلىرىنى ئاۋايلاپ سىلىدى . پېشانىسىگە ، چاچلىرىغا سۆيدى . قۇلىقىغا ئاستاغىنا شىۋىرلىدى :

— سىزنىڭ مېنى كۈتۈۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن . مەنمۇ سىزگە ئاشىق ، ئەمما مەن يىراققا كېتىمەن . شۇڭا سىز بىلەن خوشلىشاي دەپ كەلدىم ...

يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئالما پۇرىقىغا قوشۇلۇپ ، ئەرلەرگە خاس ئوتلۇق ھارارەت ياناتتى . قىزنىڭ يۈرىكى بىردىنلا تىلغا كىرگەندەك بولدى .

— مەن سىزگە ئاشىق بولۇپ قالدىم . سىز ماڭا ئالما بەرگەن كۈندىن باشلاپ ، مەن سىزنى شۇنداق كۈتتۈم . يولىڭىزغا تەلمۈرۈپ ياش تۆكتۈم . ئاخىر سىز كەلدىڭىز ، كەلمىگەن بولسىڭىز يۈرىكىم كۆيۈپ كاۋاپقا ئايلىنىپ كېتەر ئىدى ...

شۇ مىنۇت ، شۇ دەقىقىدە ئۇلارنىڭ قەلبىمۇ ، جىسمىمۇ ، روھىمۇ ، قانلىرىمۇ بىرلىشىپ كەتتى . قىزنىڭ ۋۇجۇدى ئاجايىپ شېرىنلىك ئىچىدە ئېرىپ ، يىگىتنىڭ جىسمىغا سىڭىپ كەتتى .

* * *

— تۇۋا ، سەن بۆلەكچىلا بولۇپ قاپسەنغۇ ؟ جىن چاپلىشىۋالمىغاندۇ ساڭا ؟ نېمىشقا ئۆز - ئۆزۈڭگە سۆزلەپ كۈلۈپ يۈرىسەن ؟

قىز ئانىسىنىڭ سۆزىگە جىلمىيىپ كۈلۈپلا قويدى . ھېلىقى كۈندىن ئېتىبارەن ، قىزنىڭ يۈرىكىدە كۆيۈۋاتقان ئوت ،

ئازابلىق تەلپۈنۈشىنىڭ ئورنىنى بىر خىل خالىس چەملىك ، بەختىيارلىق ئىگىلىگەنىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ، تومۇر - تومۇرلىرىدىن كۈلكە تاماتتى . تاڭ شامىلى ئۇنى باغلاپ باغرىغا باساتتى . باغ تېمىدىن ماراپ تۇرغان يوپۇرماقلار ئۇنىڭ يېقىملىق شىۋىرلاشلىرى بىلەن لەززەتلەندۈرەتتى . ئەتراپتىن گۈپۈلدەپ ئالما پۇرىقى كېلەتتى . ئۇنىڭ ھۆسنىدىمۇ ئالما قىزىللىقى ئەكىس ئېتەتتى .

ئۇ بىردىنلا تولۇپ سەمرىشكە باشلىدى . بۇنىڭدىن دەسلەپتە ئانىسىمۇ ، ئۆزىمۇ خۇشال بولدى . ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئانىسى قىزىدىكى ئۆزگىرىشتىن ھەيران قالدى . قىزنىڭ گۈلگۈن چىرايىغا سۇس داغ چۈشكەن ، قورسىقى يوغىناشقا باشلىغانىدى .

— ۋاي ئانامەي ، نېمە كۆرگۈلۈك بۇ ؟ — ئانىسى پېشانىسىگە شاپىلاقلاپ ، ئورنىدا نەچچە چۆرگىلەپ كەتتى ، — نەلەردە يۈرۈپ پوق يەپ سالغانسەن . ئىست ، قىز بالا چوڭ قىلىپ گۇناھكار بولدۇمغۇ مەن . نېمشقا ۋاقتىدا ئەرگە بېرىۋەتمىگەن بولغىيتتىم ؟ ھۇ نومۇسنى بىلمەيدىغان ، مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكتۈڭغۇ ئەمدى . ئەرگە تەگكۈچە چىداپ يۈرسەڭ بولماسمىدى . ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ بۇنداق يۈرگۈچە ئۆلسەڭ بولمامدۇ ؟ مەن بۇ نومۇسنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرىمەن ؟

قىز ئانىسىنىڭ سۆزىدىن دەسلەپتە ھەيران بولدى . كېيىن بىردىنلا يۈرىكىدە ، تومۇر - تومۇرلىرىدا ئاجايىپ بىر ھېسسىياتنىڭ ئوقچۇۋاتقانلىقىنى سەزدى . قورسىقى تۈيۈقسىز تەۋرەپ كەتتى . ۋۇجۇدى شېرىن بىر تۈيغۇ تەسىرىدە تىترىگەندەك بولۇپ ، زوق بىلەن قورسىقىنى ئاستاغىنا سىلاپ قويدى .

— بۇگۈندىن باشلاپ ئۆيدىن تالاغا چىقمايسەن . قوشنا - قولۇملاردىن سەن نومۇس قىلمىغان بىلەن مەن

نومۇستىن ئۆلىمەن .

قىز ئانىسىنىڭ ئاچچىق سۆزلىرىگە ئۈنسىز ماقۇل بولدى . ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ راستتىنلا باشقىچە ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ بەدەنلىرى ، قەدەملىرى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى . يوغان قورسىقىنى كۆتۈرۈپ ، بېلىنى ئەگكىنىچە ھويلىدا مېڭىپ يۈرۈشمۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كې-لەتتى . دادىسىنىڭ ھومىيىپ قاراشلىرىنى ، ئانىسىنىڭ ئاچچىق سۆزلىرىنى قاتتىق ھار ئالغىنىغا قارىماي ، ئۇنىڭ يۈرىكىدە تەس-ۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق ، خاتىرجەملىك ، بەختىيارلىق بار ئىدى .

تولۇن ئاي ئاسماندا تەنها ئۈزۈپ يۈرگەن بىر كېچىدە ، ئۇنى قاتتىق تولغاق تۇتتى . ئۇ « ئوغلى » نىڭ بۇ دەرىجىدە « كەپسىز ، تەخىرسىز » لىكىنى ئويلىمىغانىدى . « ئوغلى » ھەر قېتىم سىرتقى دۇنياغا تەلپۈنۈپ قورسىقىغا قاتتىق ئۈسكىنىدە ، ئاچچىق ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ ، لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتى-ۋېتەتتى . ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ تاشلايتتى . ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ، ئۆلۈمنى ئارزۇلاپ كېتەتتى . ئانىسى ئوچاققا ئوت پۈۋلەپ سۇ قاينىتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى . ئۆي ئىچىنى ئاچچىق تۈتۈن بىلەن سۇ ھورى قاپلاپ كەتكەنىدى . ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە تۇتقان ئاچچىق تولغاق ئۇنى پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى . ئۇنىڭ تولغىنىش ، ۋارقىراش تۈگۈل ، كۆزىنى ئېچىشقىمۇ ماغدۇرى قالمىدى .

ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەرگە يېقىن ، مەھەللە مەزىنىنىڭ بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتقان ئاۋازى بىلەن تەڭ ، ئۇنى ھەر قې-تىمقىدىنمۇ ئاچچىق ، قاتتىق تولغاق تۇتتى . تولغاق دەستىدىن ئۇنىڭ ھالسىز بەدىنى سىلكىنىپ لەرزىگە كەلدى . ئاچچىق چىر-قىراش بىلەن تەڭ ، ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن شىددەت

بىلەن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ سىرتقا ئۆزىنى ئاتقاندەك بولدى . ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى قۇشتەك يەڭگىل سەزدى . بالىسىنىڭ ئىڭەلەپ يىغلىغان ئاۋازىنى غۇۋا ئاڭلىغاندەك بولدى . « بالام ! ئوغلۇم ! » ئۇنىڭ ئاۋازىنى پەقەت ئۆزىلا ئاڭلىدى . ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ بالىسىدىن بارا ـ بارا يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى . « مەن سىزنى باشقا بىر گۈزەل دۇنياغا باشلاپ بارىمەن . مەن بىلەن يۈرۈڭ ! » كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ يەڭگىل ئۇچۇۋاتقانلىقىنى سەزدى . ۋۇجۇدى ئاجايىپ راھەتلىنىپ كەتتى . ئاپئاق بۇلۇتلار ئۇنىڭ يېنىدىلا ئۈزۈپ يۈرەتتى . ياپيېشىل باغۇ بوستانلارمۇ ، بىپايان قۇملۇقمۇ يىراقتا قالغانىدى . ئۇ باشقا بىر گۈزەل دۇنيانىڭ ئۆزىنى قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋاتقانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگىنىچە كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكەتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا راستتىنلا ئاجايىپ گۈزەل بىر دۇنيا نامايان بولدى . ئاپئاق مانان قوينىدا سوزۇلۇپ ياتقان بۇ دۇنيا شۇ قەدەر گۈزەل ، سېھىرلىك ئىدىكى ، گويا تىلسىمات دۇنياسىدەك كىشىنىڭ يۈرىكىنى ، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى سېھىرلەيتتى .

ــ ئانا !

بۇ ئاۋاز تولىمۇ يىراقتىن ئاڭلانغىنىغا قارىماي ، ئۇنىڭ گۈزەل دۇنيادىن سېھىرلەنگەن يۈرىكى سىلكىنىپ ئەسلىگە كەلدى . ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق تونۇدى .

ــ ئانا ! قايتىپ كېلىڭ ! مېنى تاشلاپ كەتمەڭ !

ئاۋاز بۇ قېتىم تولىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى . بۇ ئاۋازدا ئاجايىپ ئۇلۇغ مۇھەببەت ، كۈچلۈك ئىلتىجا ، بىچارىلەرچە يالۋۇرۇش بار ئىدى .

ــ بالام ، جېنىم ئوغلۇم ! ــ ئۇنىڭ يۈرىكى ، تومۇر ـ تومۇرلىرى ئېرىپ كەتكەندەك بولدى . يۈرىكىدە ئانىلىق ھېسسى-

ياتى شۇنداق تاشقىنلىدىكى ، بۇنى ھەرقانداق نەرسىنىڭ توسا-لىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .
ئۇ گۈزەل دۇنيادىن ۋاز كەچتى . ئۇنىڭغا ئوغلى قولىنى كۆتۈرگىنىچە باغرىغا ئىنتىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئوغلىنىڭ لەۋ-لىرىنى تەمشىپ ، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتقان ھالىتى كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولدى . راست ، تېزرەك قايتىپ بالىنى ئېمىتىش كېرەك . ئۇنى باغرىغا بېسىش كېرەك . ئوغلى ئۇچۇن ئۇ بولمىسا بولمايدۇ . ئۇ دەرھال ئارقىغا ياندى . گۈزەل خىيالىي دۇنيا ، ئاپ-ئاق بۇلۇتلار ھەممىسى يىراقتا قالدى . ئۇ يەنە ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنياغا — ئوغلىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى .

* * *

— بالام ! مېنىڭ ئوغلۇم ! — ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا بالىسىنى چاقىردى . ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاتا - ئانىسىنىڭ سولغۇن چىرايىغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ پىچىرلىدى ، — مەن قايتىپ كەلدىم . ئەمدى كەتمەيمەن .
— خۇداغا شۈكۈر ، ئاخىر كۆزۈڭنى ئاچتىڭ . بىزنى شۇنداقمۇ قورقۇتقان بارمۇ ؟ — ئانىسى ئۇنىڭ پېشانىسىگە بوشلا سۆيۈپ قويدى .
— بالام ، مېنىڭ بالام قېنى ؟ ئۇنى ئەكېلىڭلار ، مەن ئۇنى ئېمىتمىسەم بولمايدۇ .
— بولدى قىل ! — ئانىسى ئۇنى بوشلا سىلىكىدى ، — بىزگە خاپىلىق تېپىپ بەرگىنى ئاز كەلگەندەك ، سېنىڭ جېنىڭنى ئالغىلى تاسلا قالدى . ئۇنداق نەس شۇمنىڭ گېپىنى قىلما !

— بالام ، مېنىڭ بالامـنى ئەكېـلىپ بېرىڭـلار ، بالام نەدە ؟ — ئۇ گەۋدىسىنى كۆتۈردى .

— ئاستاراق گەپ قىل ! بۇ رەسۋاچىلىقلارنى قوشنىلار بىلسۇن دەمسەن ؟ ئۆزۈڭنى ئۇيلىمىساڭمۇ بىزنى ئويلاپ قويساڭ بولمامدۇ ؟ ھېلىمۇ بۇ ئىشلارنى ھېچكىم بىلمىدى . بولمىسا يۈزىمىزنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرەر ئىدۇق . ئەمدى بالىنىڭ گېپىنى قىلماي ئۆزۈڭنىڭ غېمىنى قىل . ئاۋۋال ساقاي ، قالغان گەپلەرنى كېيىن دېيىشەيلى !

— خۇش بوپ كېتەي ، بالامنى ماڭا بېرىڭ ! — ئۇ تارامىلاپ تۆكۈلۈپ تۇرۇپ ئانىسىغا يالۋۇردى .

— ساڭا دېدىمغۇ ، بالاڭنىڭ گېپىنى قىلما دەپ ، — ئانىنىڭ ئاۋازىدا ئاچچىق بار ئىدى ، — بالاڭ ئۆلۈپ كەتتى ، تۇغۇلۇپلا تىنىقتىن قالدى . ئۇنى دادىڭ يۇيۇپ ـ تاراپ ، كېچىدە ئاپىرىپ قەبرىستانلىققا كۆمۈپ قويدى .

— ئاھ ، بالام ، ئوغلۇم ! — ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . يۈرىكى قاتتىق زەربىدىن پارتلاپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى . ئۆزىنى بىردىنلا ئىنىس ـ جىنسىز پايانسىز چۆلدە تېنەپ يۈرگەندەك ھېس قىلدى .

— يالغان ، ئۇلار سىنى ئالداپ قويدى ، — ئۇنىڭ قۇلىقىغا غايىبتىن شۇنداق ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى . بالىسىنىڭ باياتىنقى ئۇنى چاقىرغان ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى . راست ، ئوغلى ئۇنى چاقىرمىغانمىدى ، مىنى تاشلاپ كەتمە ، دېمىگەنمىدى ؟ ئۇ چوقۇم ھايات ، مۇشۇ دۇنيادا ھېلىمۇ ياشاۋاتىدۇ ، ئۇ ھەرگىز ئانىسىنى تاشلاپ كەتمەيدۇ .

ئانىسى ئۇنىڭغا راستىنلا يالغان سۆزلىگەنىدى . ئۇ بالىسىنى سىغىنىپ شۇنداق كۆپ ياش تۆكتىكى ، ئاخىر ئانىسى ئۇـ

نىڭ يىغىسىغا چىدىماي راستىنى ئېيتتى . بالا تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئالدىن دېيىشىۋالغان مەسلىھەت بويىچە دادىسى ئۇنى يۆگەككە مەھكەم يۆگەپ ، شەھەردىكى نەچچە مىڭ ئادەم ناماز ئوقۇيدىغان چوڭ مەسچىتكە ئەكىرىپ قويۇپ قايتىپ چىقىپتۇ . بالىنى كىمنىڭ بېقىۋالغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن . ئۇ بۇلارنى ئاڭلاپ يەنە نەچچە كۈنگىچە ئاھ ئۇرۇپ يىغلىدى . ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىپ ئېغىر خورسىندى . ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئازغىنا ئۈمىد ، ئوغلىنىڭ بۇ دۇنيادا ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ بار ئىدى . ئاشۇ ئۈمىدلا ئۇنى بۇ دۇنياغا باغلاپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى .

* * *

ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى . يەنە بۇرۇنقىدەك سىرتلارغا چىقىپ ئېتىزلىقتىن ئوت ئېلىپ كېلىدىغان بولدى . ئەمما ئەمدى ئانىسى ئۇنى يالغۇز چىقارمايتتى . قاچان قارىسا سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرەتتى . ھەتتا باغ تەرەپكە ئۇزاقراق قارىشىغىمۇ يول قويمايتتى .

سەھرا يەنە ئەڭ گۈزەل بولغان باھار پەسلىنى كۈتۈۋالدى . ھەممە جايدا ـــ ئېتىزلىقلاردا ، توپا باسقان چىرايلاردىمۇ يېشىل نۇر جىلۋە قىلاتتى . ئۇنىڭ بىردىنلا ئالما يېگۈسى كەلدى . يېشىللىق ئۇنىڭ قەلبىدىكى گۈزەل ھېسلارنى ، تاتلىق ئەسلىمىلەرنى قوزغاپ قويغاندەك قىلاتتى . ئۇ يەنە تاڭ سەھەردە ئوت ئالغىلى چىقىدىغان ئادىتىنى تېپىۋالدى . ھەر كۈنى سەھەردە ، ئانىسى تېخى ئويغانماستا يوتقانىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ باغ يېنىغا باراتتى . « ئالمىچى » يىگىتنىڭ تۇيۇقسىز چىقىپ قېلىشىنى ، ئۆزىگە ئالما تەگلىشىنى كۈتەتتى . ئۇ

ھەركۈنى زور ئۈمىد بىلەن چىقاتتىيۇ، لاسىدە بوشىشىپ، ئۈمىدسىز ھالەتتە قايتىپ كېلەتتى. يۈرىكىدىكى سېغىنىش كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ باراتتى. ئۇ ئاخىر بىر كۈنى تەۋرىنىپ كۆل قىلىپ، قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن باغقا كىردى. ئۇ بۇ باغنىڭ كەڭرىلىكىنى، مېۋىلىرىنىڭ خىللىقىنى بىلەتتى. كىچىكىدە باغدا بەخىرامان ئويناپ يۈرەتتى. ياز كۈنلىرى قېرى باغۋەنىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، دوستلىرى بىلەن باغنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىدىن مېۋىلەرگە ھۇجۇم قىلىشاتتى. كېيىن بۇ باغلار كىملەرگىدۇر ھۆددىگە بېرىلدى. ناتونۇش ئادەملەر باغنىڭ بىر قانچە يىللىقىنى كۆتۈرە ئېلىپ مېۋىلىرىنى يىغىپ سېتىپ، يەنە غايىب بولۇشاتتى. ئۇلار بالىلارنى ئۇرۇپ - قوغلاپ باغقا يېقىن يولاتمايتتى. كىمدۇر بىرى ئاتايىن ئوغرىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن باغ ئەتراپىغا پاكارغىنا تام سوقۇۋالدى. ئەنە شۇنىڭدىن بېرى، بۇ باغ بۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرگە ياتلىشىپ كەتتى.

ئۇ يۈرىكى دۈپۈلدىگىنىچە باغنىڭ نېرىقى چېتىدىكى ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆينىڭ ئىشىكى يېپىقلىق ئىدى. ئۇ ئىشىككە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. مۇشۇ تۇرقى يىگىت ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپلا قالسا، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان قىزنى كۆرىدۇ. ئۇ ھەيران قالار، شۇ چاغقىچە قىزنى ئىزدىمىگىنى ئۈچۈن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالار؟ ئۇ بەلكىم قىزغا ئالما ساقلاپ قويغاندۇ...

ئىشىك غىچىرلىدى. ئىشىكتە ساڭگىلاپ تۇرغان كىچىككىنە زەنجىر كۈچلۈك سىلكىندى. ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئوتتۇرا ياشلىق، ۋىجىككىنە ئادەم قىزنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ قالدى - دە، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى.

— بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟

— ھەئە ... بىر ... بىرسىنى ئىزدەپ ...

— كىمنى ئىزدەيسىز ؟

قىز تۇرۇپ قالدى . بىردىنلا يىگىتنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى .

— مۇشۇ باغنى كۆتۈرە ئالغان بىرسىنى ئىزدەيتتىم .

— مەندە ئىشىڭىز بارمىدى ؟

قىز بىردىنلا ئالدىراپ قالدى .

— سىلى بۇ باغنى بۇ يىل كۆتۈرە ئالدىلىمۇ ياكى ئۆتكەن يىلىمۇ ؟

— ئۆتكەن يىلى بۇ باغنى كىملەرنىڭ كۆتۈرە ئالغىنىنى بىلمەيمەن . مەن بۇ يىل ئەتىيازدىن باشلاپ ئۈچ يىللىق توختام تۈزدۈم .

قىز ئۈمىدسىزلەندى . يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇۋالدى . يۈرىكىدە گۈزەل ئەسلىمىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى .

* * *

— سىنىڭ تەلىيىڭ كەلدى . يېزىنىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلۇپ شەھەرگە كىرىپ كېتىدىغان بولدۇڭ . ساڭا خېرىدار بولغان كىشىنى كىمكەن دېمەمسەن ؟ ھەرەمدە نەچچە يىل تۇرۇپ ، يۇرتنى سېغىنىپ كەلگەن ھاجىمكەن ، ھاجىم دېسەم قېرى ئادەممەكىن دەپ قالما ، تېخى قىرىققىمۇ كىرمەپتۇ . ھاماڭ سېنى ئەخلاقلىق ، يۈزى تۆۋەن قىز دەپ تونۇشتۇرۇپتىكەن . ئۇ كىشى سەن ئۈچۈن پۇلنى ئايىماي خەجلىدى . ئەخلاقلىق ، دىيانەتلىك بولسىلا بولدى دېگۈدەكمىش . ئەھۋالىڭ ئۆزۈڭگە ئايان . ئارتۇقچە

نازلانما . توي كۈنى ئۆزۈڭ بىر ئامالىنى قىلارسەن...
ئانىسى ئۈنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە توختىماي نەچچە كۈن سۆزلىدى . ئۈنىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا توي تەييارلىقىغا كىرىشتى . ئۇ ھەممە ئىشلارغا پەرۋاسىز قاراپ تۇردى . توي كۈنى تۇزغا چىلانغان ناننى چىرايىنى پۈرۈشتۈرمەيلا يەۋەتتى . قىز كۆچۈرۈپ مېڭىش ئالدىدىكى نازلىق يىغىسىنىمۇ يىغلىمىدى .
ئۈنىڭ ئېرى ئوتتۇرا بوي ، يۇملاققىنا كەلگەن ئادەم ئىدى . ئۇ ئوتقاشتەك بىزەلگەن ھۇجرا ئۆيدە ئېرىنىڭ جايىنامازدا يۈكۈنۈپ ناماز ئوقۇپ ئولتۇرغان ھالىتىگە قاراپ تۇردى . ئەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرگىنىدە ، ئۈنىڭ يۈرىكىدىكى قانداقتۇر بىر تۇيغۇ شۇررىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇ خۇدادىن نېمىنى تىلەۋاتىدىغاندۇ ؟ ئۈنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك پاك ، ئېپپەتلىك قىز بولۇپ چىقىشىنى تىلەۋاتامدىغاندۇ ياكى خۇداغا ھەمدۇ سانا ئېيتىۋاتامدىغاندۇ ؟
ئۈنىڭ بىردىنلا يىغلىغۇسى كەلدى . پۈتۈن بەدىنىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى . ئاۋۋال ئۈنسىز ، كېيىن بوغۇلۇپ ــ بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى .
ــ نېمە بولدىڭىز ؟ نېمىشقا يىغلايسىز ؟ ــ ئېرى يېنىغا كەلدى . ئۈنىڭ ئاۋازىدا ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بار ئىدى ، ــ ماڭا رازىلىقىڭىز يوقمىدى ؟
كۆز ياشلىرى ئۈنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى . ئۇ ئۈندىماق ئەمەس دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتاتتى .
ــ ئەمىسە نېمىشقا يىغلىدىڭىز ؟ ماڭا دەڭە؟ نېمە ئىش كۆڭلىڭىزگە بۇنچە قاتتىق تەگدى ؟
ئېرى ئۈنىڭ قولىنى يۈزىدىن ئاجرىتىپ ، كۆز ياشلىرىنى

ئاستاغىنا سۈرتۈپ قويدى . ئۇ لاپپىدە كۆزىنى ئېچىپ ، ئېرىگە قارىدى . ئېرى ئۇنىڭغا تونۇشتەكلا قىلاتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاجايىپ يېقىملىق ، ئوتلۇق نۇر تۆكۈلەتتى . ئۇ ئېرىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ئاستاغىنا پىچىرلىدى :

— مەن ... مەن قىز ئەمەس .

ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ، لەۋلىرىمۇ تىترەپ كەتتى . ئەمما ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۆزىدە بىر خىل خاتىرجەملىك سەزدى .

— ئۇلار سىزنى ئەخلاقلىق قىز دەپ تونۇشتۇرغانىدى ، — ئەرنىڭ ئاۋازىدا ئاچچىقتىن كۆرە قاتتىق ھەيرانلىق بار ئىدى ، — سىزنى كۆرگەندە كۆزۈمگە پەرىشتىدەك پاك كۆرۈنگەنىدىڭىز ، قانداقسىغا ...

چىراغ تۇيۇقسىز ئۆچۈپ قالدى . ئاي نۇرى دېرىزىدىن سوزۇلۇپ‍قىنا كىرىپ ، ئۇدۇل ئۇنىڭ يۈزىدە ، لەۋلىرىدە توختىدى . ئېرى ئۇنىڭ ئالدىدىلا تۇراتتى . ئېرىنىڭ ئاچچىق تىنىقى ئۇنىڭغا ئۇرۇلۇۋاتاتتى .

— سىز مېنى ئالدىمىدىڭىز . ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ، — ئەر بىردىنلا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ ياش يۇقى مەڭزىنى مېھىر بىلەن سىلاپ قويدى ، — مەن يۇرتۇمغا قايتىپ ، چوقۇم دىيانەتلىك ، ياخشى ئايالغا ئۆيلىنىمەن دەپ نىيەت قىلغانىدىم . نىيىتىمگە يارىشا سىز بىلەن باش قوشۇش نېسىپ بوپتۇ . سىز مېنى ئالداشنى راۋا كۆرمىدىڭىز . مېنىڭمۇ سىزنى ئالدىغۇم يوق . سىزگە ئېيتسام ، يۇرتتىن چىقىپ كەتكىنىمگە 15 يىلدىن ئېشىپتۇ . دادام بىلەن ھەرەمگە ھەج قىلىشقا بېرىپ شۇ يەردە قېپقالغانىدىم . ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولدۇم . ئايالىم بىلەن 10 يىلغا يېقىن چىرايلىق ئۆتتۇق . ئەمما پەرزەنتلىك بولمىدۇق ، — ئەر بىر ھازاغىچە جىمىپ كەتتى . ئاي نۇرى ئەمدى

لىكتە ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەرنىڭ كۆزلىرىگە كۆچكەنىدى. — ئۇنىڭ بەكلا باللىق بولغۇسى بارلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ سەۋەبىنىڭ ئۆزۈمدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئەمما بۇنى ئايالىمدىن يوشۇردۇم. كۆڭلۈمدە كېيىنچە بىرەر بالا بېقىۋالارمىز دەپ ئويلاپتىمەن. كېيىن ... كېيىن ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ھامىلدار بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككىقاتلىقىنى ماڭا ئېيتقاندا، مېڭەمدە چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. نەچچە كۈنگىچە خۇدۇمنى يوقىتىپ قويغاندەك يۈردۈم. ئەسلىدە ئايالىم شوپۇرۇم بىلەن ... كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. ئۇ يۇرتنىڭ ھەممە نېمىسىدىن رايىم يېنىپ كەتتى: ئايالىمنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىپ يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم، ئەر كىشى ئۈچۈن ھامان ئايال ھەمراھ زۆرۈر ئىكەن. بۈگۈن بىزنىڭ نىكاھىمىز قوشۇلدى. سىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرمىدىم. ئەگەر ئەمدى ماڭا رايىڭىز بولمىسا، ھەممىنى تەقدىردىن كۆرىمەن.

ئەرنىڭ ئاۋازىدا خاتىرجەملىك، سەمىمىيلىك بار ئىدى. ئۇ ئاي نۇرىغا كۆمۈلگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى.

ئۆي ئىچىدە يېقىملىق، سىرلىق بىر ھىد ئەگىپ يۈرەتتى. بۇ ھىد ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى تاتلىق غىدىقلىغاندەك بولدى. ئەرنىڭ تىنىقى ئۇنىڭغا تونۇشتەكلا ئىدى. ئۇ ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئېرىنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى ئاستاغىنا قويدى.

* * *

— مېنىڭ ... مېنىڭ بالام بار ئىدى ...

ئۇ بىر كۈنى ئېرىگە تۇيۇقسىز شۇنداق دېدى.

— بالىڭىز؟ قانداقسىغا؟ — ئېرى كۆزىنى يوغان ئې-چىپ، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى، — سىز بۇرۇن توي قىلمىغان تۇرسىڭىز، ئەجەبا...

ئۇ ھوپپىدە قىزىرىپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— بالىڭىز ھازىر قەيەردە؟

— ئۇقمايمەن، — ئۇنىڭ كۆزىگە غىلىدە ياش كەلدى، — ئانام دەسلەپتە ئۇنى ئۆلۈپ كەتتى، دېدى. كېيىن خەققە بېرىۋەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ھازىر نەدىلىكىنى بىلمەيمەن.

ئېرى خېلى ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى. كېيىن ئۇنىڭغا مۇنداقلا تەسەللى بېرىپ قويدى:

— بولدى قىلىڭ، بالىلىق بولغۇڭىز كېلىپ شۇنداق خى-ياللارنى قىلىۋاتقانسىز ھەرقاچان. خالىسىڭىز بالا بېقىۋالايلى. بولدى، ئارتۇقچە خىياللارنى قىلماي ئەمدى ئۇخلاپ ئارام ئېلىڭ!

ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. بالىسىنى قاتتىق سې-غىنغانلىقتىنمۇ كۆكسى سەل - پەل چىڭقالغاندەك، تومۇرلىرىدىكى قانلار سۈتكە ئايلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— ئانا مەم... مە!

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، بالىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، قوچىقىدا پىلتىڭلىغىنىچە گۇگۇراۋاتقان بالىغا قاراپ ھەيران قالدى. خۇشاللىقتىن، ھايا-جاندىن يۈرىكى تېپچەكلەپ كەتتى. بالا بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىگە ئېسىلدى ۋە ئاستا - ئاستا شورتۇلدىتىپ ئېمىشكە باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىدە، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ ئۇلۇغ بىر ھېسسىيات شىددەت بىلەن مەۋج ئۇردى.

— بالام، مېنىڭ ئوغلۇم! — ئۇ بالىسىنىڭ پېشانىسىگە مېھىر بىلەن سۆيۈپ قويدى. بالا ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى.

كۆزى ئۇتتەك ياناتتى . پېشانىسىدىن نۇر تۆكۈلەتتى .

— قارىسىلا ، ئوغلۇم ، مېنىڭ بالام ، — ئۇ ئېرىنى ئويغاتتى ، — بالام مېنى كۆرگىلى كەپتۇ . ئۇنى بىرسى ئەكېلىپ قويۇپتۇ .

ئېرى ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ، ئېرەنسىزلىك بىلەن غۇدۇرىدى :

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ ، ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي ...

ئېرى ئۆرۈلۈپلا ئۇيقۇغا كەتتى . ئېرىنىڭ بۇ قىلىقىدىن رەنجىشمۇ ئېسىگە كەلمەيتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى ئالەمچە خۇشاللىقتىن مەست ئىدى . بالىسىغا قاراپ — قاراپ تويمايتتى . بۇدرۇققىنا قوللىرىنى سىلاپ سۆيەتتى .

ئۇ كېچىنى بالىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇخلىماي ئۆتكۈزدى . سەھەردە ئېرىنىڭ تەرتتىگە سۇ ئىسسىتىش ئۈچۈن ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىپمۇ بالىسىدىن كۆز ئۈزمىدى . ئېرىنىڭ بالىنى كۆرگەندىن كېيىنكى ھالىتىنى ئۆزىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتى ، ئېرى بۇ بالىنى كۆرسە نېمە دەركىن ؟ مېنىڭ بالام دېسە ئىشىنەرمىكىن ؟ ئۇنى ئۆز بالىسى ئورنىدا ياخشى كۆرەلەرمىكىن ؟ بەلكىم دەسلەپتە بالام دېيىشكە ئانچە كۆنەلمەس . ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بالىغا چوقۇم مېھرى چۈشىدۇ . كۆتۈرۈپ ، ئەركىلىتىپ ، ئۆز بالىسىدەك باقىدۇ .

ئېرىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپلا ، بالىغا قاراپمۇ قويماي ھاپىلا — شاپىلا تەرەت ئېلىپ مەسچىتكە مېڭىشى ئۇنىڭ سەل كۆڭلىگە كەلدى . نېمە قىلغىنى بۇ ؟ بالىغا ئەجەب قاراپمۇ قويمىدى ؟

ئېرى مەسچىتتىن كىرىپلا ، سۇپىدىكى كۆرپىگە — بالىنىڭ يېنىغىلا ئولتۇرۇپ ، تەييارلاپ بەرگەن چايىنى غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى . ئېرىنىڭ قىلىقى ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىگە

www.uyghurkitap.com

راستتىنلا تەگدى . ئۆزىنىڭ بالىسى بولمىغىنى ئۇچۇنلا قەستەن كۆرمەسكە سېلىۋاتىدۇ . بالىنى پاتۇرماي باقسۇنچۇ قېنى ، ئۇ ئېـ رىگە كۆرستتىش ئۇچۇن بالىنى قولىغا ئالدى . بالا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى . ئېرى يەنە پەرۋاسىزلىق بىلەن چاي ئىچەتتى .

— ئەسلىدە سىلىنىڭ بالا بىلەن خۇشلىرى يوق ئىكەن - دە ! — ئۇ ئاچچىقىدا يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى .

— كىم دەيدۇ بالا بىلەن خۇشى يوق دەپ ، — ئېرى بۇ قېتىم ئۇنىڭغا سوغۇق تەگدى ، — بالا بېقىۋالايلى دېدىمغۇ .

ئۇ ئېرىنىڭ قولىدىكى بالىغا دىققەت قىلمىغانلىقىغا ھەيران قالدى . ئۇنىڭ پەرۋاسىزلىقىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بالىنى ئاستاغىنا سۇپىغا قويۇپ ، پۇشانىسىگە سۆيدى .

— نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ بىكاردىن - بىكار سۇپىغا ئۇسۇپ ...

ئۇ چەكچەيگىنىچە ئېرىگە بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتتى .

— سىلى ئەجەبا بۇ بالىنى ... بۇ بالا مېنىڭ ...

— بالا جىنى چاپلىشىۋاپتۇ سىزگە ، — ئېرى بىردىنلا ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ كەتتى ، — بالا بېقىۋالايلى دېيىشتۇققۇ ، دې- يىشكەن بىلەن بۇگۈنلا تەييار بولۇپ تۇرىدىغان بالا يوق ، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتى — سائىتى بولىدۇ ، — ئېرى ئالدىراپ ئايىغىنى كىيدى ، — مەن دۇكانغا كەتتىم . مېنى چۈشلۈك تاماققا ساقلىماڭ .

ئېرى چىقىپ كەتتى . ئۇ لاسسىدە بوشىشىپ ، بالىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى . نېمە ئىش بۇ ؟ نېمىشقا ئېرى بالىغا قاراپمۇ قويمايدۇ ؟ گويا بالىنى كۆرمىگەندەكلا ...

بالا ئويغانغاندى ، ئۇ ئانىسىغا قاراپ تاتلىققىنا گۇگۇلدى . ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ ، بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىۋېلىپ ، يېنىش - يې-

نىشلاپ سۆيۈپ كەتتى . ئۇنىڭ بىردىنلا بالىنى قوشنا ئاياللارغا كۆرسەتكۈسى كەلدى . بالىنى كۆتۈرگىنىچە مەھەللىدىكى ئاياللار ئاپتاپسىنغاچ مۇڭدىشىدىغان جايغا كەلدى .

— كەلسىلە ، خۇمارگۈل ، ھېلىلا سىلىنىڭ كېلىشىڭلارنى قىلىشىپ ئولتۇرغانىدۇق .

— مېنىڭ گېپىمنى ؟ قانداقسىغا ؟

— سىلىنى بالا بېقىۋالغۇسى بار ئىكەن دەپ ئاڭلايمىزغۇ ؟ داۋالىنىپ ئۆزلىرى تۇغقانغا يەتمەيتتى . تۇغماس ئەمەستۇرلا ھەرقاچان . ئەگەر راستتىنلا تۇغماس بولسىلا ، ئەرلىرىگە راسا تۇغۇمچان خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ بېرىمىز جۇمۇ .

ئۇ قۇچىقىدىكى بالىغا ھېچكىمنىڭ دىققەت قىلمىغىنىغا ھەيران قالدى . بۇ مېنىڭ بالام ، دېمەكچى بولدىيۇ ھېچنېمە دېمىدى . كۆڭلى لاسىدە بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كىردى . نېمە ئىش بۇ ؟ نېمىشقا ھېچكىم بۇ بالىغا دىققەت قىلمايدىغاندۇ ؟

بالا بىردىنلا يىغلاپ كەتتى . ئۇ ئارتۇقچە خىياللارنى تاشلاپلا بالىنى پەپىلىدى . كەچ كىرگۈچە بالىسى بىلەنلا بولدى . كەچتە ئېرى قايتىپ كېلىپ ، ئۇنىڭ بىكاردىن ـ بىكارغا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگىنىگە ھەيران قالدى .

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز بىكاردىن ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ ...

ئۇ شۇ چاغدىلا بالىنى ئېرىنىڭ ھەم قوشنىلىرىنىڭ راستتىنلا كۆرمىگىنىگە ئىشەندى . توۋا ، كۆز ئالدىمدىلا تۇرغان بالىنى كۆرمىسە ـ ھە ! ئەجەبا ، بۇ بالىدا باشقىچە بىر خىسلەت بارمىدۇ ؟ بۇ راستتىنلا ئۇنىڭ بالىسىمىدۇ ياكى ؟ ئۇ بالىسىنى بىراۋنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرگىنىگە ئىشىنىپ يۈرگەنىدىغۇ ؟ بالا ئۇنىڭغا قاراپ تاتلىق ـ تاتلىق كۈلەتتى . كۆكسىنى چىڭ قامالاپ ،

كۆزىنى ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۈزمەي شورتۇلدىتىپ ئېمەتتى. ئېمىـ
لەرنىدۇر دەپ گۇگۇرايتتى، ئەركىلەيتتى.

ئۇ بالىسىغا ئىچىكىپلا كەتتى، ئەمدى ئېمىشقىدۇر ئارتۇقچە
خىياللارنى قىلىغۇسى كەلمەيتتى. بالىسىنىڭ باشقىلارغا
كۆرۈنۈش - كۆرۈنمەسلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى.
قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ بالىسى قوينىغا قايتىپ كەلدى. بالىـ
سىنى سېغىنىپ، بالىسىغا زار بولۇپ، ۋاككىدە يېرىلىپ كېتەيلا
دەپ قالغان يۈرىكى ئەمىن تاپتى. ئەمدى ئۇ بالىسىنى ھەرگىز
بىراۋلارغا بەرمەيدۇ. بېشىغا ھەر قانداق ئېغىر كۈن كەلسىمۇ،
ئەمدى ھەرگىز بالىسىدىن ئايرىلمايدۇ. ھەتتا ئۇ ئادەم بالىسى ئەـ
مەس، جىن بالىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئەمدى ھەر-
گىز بالىسىدىن ئايرىلمايدۇ.

بالا تۇنجى قېتىم ئېنىق قىلىپ «ئانا!» دەپ چاقىردى.
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تايتاڭلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئالەمچە
ئىدى. ئۇ بۇ خۇشاللىقنى كىمگىدۇر ئېيتىپ ئورتاقلاشقۇسى كېـ
لەتتىيۇ، ھېچكىمنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاـ
نىسىغا ئېيتىۋىدى، ئانىسىمۇ ئىشەنمىدى، «جىن چاپلىشىۋاپتۇ»
دەپ ئۇقۇتۇپ يۈردى. ئۇنىڭ بالىسىغا بولغان مېھرى كۈندىن-
كۈنگە ئېشىپ باراتتى. بالىسىدىن مىنۇت ئايرىلىشقىمۇ
چىدىمايتتى.

بالا ئاستا - ئاستا چوڭ بولدى. ئۇ ئاز گەپ قىلاتتى. تو-
لىمۇ ئاز كۈلەتتى. قاچان قارىسا نېمىنىدۇر ئويلانغاندەك خىيالچان
يۈرەتتى. چوڭ بولغانسېرى ئەتىگەندە چىقىپ كەتسە كەچتە
پەيدا بولىدىغان بولۇۋالدى. نەگە بارغانلىقىنى سورىسا «مەندىن
ئارتۇق غەم يېمەڭ، نەگە بارىدىغانلىقىمنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ يۈر-
مەڭ، ئىشقىلىپ مەن يامان ئىش قىلمايمەن» دەپ خاتىرجەم

www.uyghurkitap.com

جاۋاب بېرەلمىدى .

بالا تۈيۈقسىز يوقاپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىشىشكە تەلمۈرۈپ قالدى . كۆز ياشلىرى ئىقىپ قۇرۇدى . يۈرىكى ئاچچىق ـ ئاچچىق ئاغرىيدىغان بولۇۋالدى . ئاخىر ئاغرىپ يېتىپ قالدى . ئىرى ئۇنىڭ تۈيۈقسىز ئاغرىپ يېتىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي ئۇنى دوختۇرخانىدا داۋالاتتى . ئەمما ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى چۈشىنىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق ھەم دىمىق ئىدى . ئاسمان قارامتۇل بۇلۇتلار ئاستىدا ئېغىر تىناتتى . ئۇ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇدى . ئوغلى ئۈچۈن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن دۇئا قىلدى . ئوغلىنى ئىزدەپ تاپالايدىغاندەك تۇيغۇدا سىرتقا چىقتى . ئۇ ئەتراپقا تەكشى قارىغىنىچە كېلەتتى . ئۇنىڭغا ئوغلى چوقۇم ئۇچراپ قالىدىغاندەك ، بۈگۈن ئوغلىنى كۆرەلەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇ يىراقتىن توپلىشىپ تۇرغان ئادەملەرنى كۆرۈپ قىستىلىپ توپنىڭ ئىچىگە كىردى . ئۇ ئالدىدىلا تۇرغان بالىغا قارىغىنىچە قېتىپ تۇرۇپ قالدى . يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلدى . ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى . « ئاھ ! جىنىم بالام ، يۈرەك پارەم ! » ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى . بالا بېشىنى كۆتۈردى . ئالدىغا ئېتىلىپ كەلگەن ئايالغا دەسلەپتە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى .

* * *

ئۇ ئۆمرىدە ھېچكىمنى ، ھەتتا كىچىك باللارنىمۇ تاك ئېتىپ چېكىپ باقمىغانىدى . ئۇ كۆڭلى قارا باسقاندەك ئىش بولدى . ئۇلارنىڭ بېغىغا يېزا باشلىقى بىر توپ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ

كەلدى . ئۇلار نەچچە كۈندىن بېرى كەنتمۇ كەنت ، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ « ئۆنۈمسىز باغلارنى تېرىلغۇ يەرلەرگە ئۆزگەر-تىش » بىلەن ئاۋارە ئىدى . ئۇلارنىڭ قەدىمى تەگكەن بىر قانچە باغ ھەش - پەش دېگۈچە كېسىلىپ ، قىرقىلىپ دېگەندەك ۋەيران بولغانىدى . بوۋىسى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى .

— بۇ ئۆنۈمسىز باغ ئەمەس ، — دېدى بوۋاي چىرايلىق-قىنا ، — بۇ باغنىڭ مېۋىلىرى سەر خىل ، بۇ يۇرتتا بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باغ يوق . باغنى ۋەيران قىلىۋەتسەڭلار بولمايدۇ .

— ھېچكىمنىڭ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىققا ھەددى ئەمەس ، — سېمىز يېزا باشلىقى بوۋايغا پوپوزا قىلدى ، — سىلى ئېيتىپ باقسىلا ، مېۋە - چېۋىگە قورساق تو-يامدۇ ؟ بىز تېرىلغۇ يەرلەرنى كېڭەيتمەكچى . باغ ھۆكۈمەتنىڭ ، سىلى تولا ھەددىلىرىدىن ئاشمىسىلا ، — ئۇ ئادەملىرىگە قاراپ بۇيرۇق قىلدى ، — قېنى ، ئىشنى باشلاڭلار !

ھەش - پەش دېگۈچە بىر قانچە تۈپ كۆچەت يىقىلدى . بوۋاي ئاچچىقتىن تىترىگىنىچە كۆچەت ھەرىدەۋاتقانلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالدى .

— توختاش ! ھۇ تويمىغۇر نەپسى بالالار ! — دەپ ۋار-قىرىدى بوۋاي ، — مەن سەنلەرگە قېرى جېنىمنى تىكىپ قويى-دۇم . باغنى راستتىنلا بۇزىمەن دېسەڭ ، ئاۋۋال مېنىڭ جېنىمنى ئېلىش !

— يوقال كۆزۈمدىن ، ھۇ جاھىل قېرى ! — يېزا باشلىقى ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى ، — ئۇقۇپ قوي ، باغ سېنىڭ شەخسىي بېغىڭ ئەمەس . سېنىڭ ئارىلىششقا ھەققىڭ يوق ! — شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ بوۋاينىڭ يۈزىگە قاتتىق تەستەك تەگدى . بوۋاي سەنتۈرۈلۈپ كەتتى . مەڭزىنى سىلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى .

كۆزىدىن سىرغىغان ئىككى تامچە ياش ئاپئاق ساقىلى ئۈستىدە قېتىپ قالدى. بالا باغقا سۇ تۇتۇۋاتاتتى. يىراقتىن بوۋاي بىلەن سېمىز ئادەمنىڭ نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كەتمەننى تاشلاپلا ئۇلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. بوۋاينىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش ئۇدۇل ئۇنىڭ يۈرىكىگە تامغاندەك، بىردىنلا قانلىرى قىزىپ، مۇشتۇمى تۈگۈلدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن چاقناۋاتقان ئۇچقۇننى كۆرۈپ، سېمىز ئادەم قورققاندەك سەل كەينىگە داجىدى، ئەمما كېچىككەنىدى، ئۇ كۈچلۈك بىر مۇشت زەربىسىدە كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى. مۇشت ئۇ ئادەمنىڭ مېڭىسىگە تەگكەنىدى.

ئۇ مۇشۇ باغدا چوڭ بولغانىدى. باغنىڭ چېتىدىكى ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە ئۆيدە بوۋىسى بىلەن بىللە تۇراتتى. «مەن سېنى مەسچىتتىن تېپىۋالغان، — دېدى بوۋاي بىر كۈنى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — سېنى كۆزۈمنىڭ ئۇچۇقىدا ئاتا - ئانىڭنىڭ قولىغا قايتۇرسام بولاتتى. مېنىڭچە، ئاناڭ چوقۇم ياخشى ئايال. ئۇ ئىلاجسىز قىلىپ، سېنى ياخشى نىيەتلىك بىرى بېقىۋالار دېگەن ئۈمىدتە مەسچىتكە قويۇپ قويغان. ئۇ چوقۇم سېنى سېغىنىدۇ، ھەر ۋاقىت سېنى ئەسلەيدۇ.»

ئۇ ئەزەلدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ كىملىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ يېتىملىكىنى ھېس قىلىپمۇ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھامان قانداقتۇر بىر مېھرىبانلىقنى سېزەتتى. كىمدۇر بىرى ئۇنى پەپىلەپ، ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى. كېچىسى ئۇخلاۋاتقىنىدا بىرى ئۇنىڭ يوتقىنىنى تۈزەپ قوياتتى، باشلىرىنى سىلاپ، بوشقىنا سۆيۈپ قوياتتى. ئۇ قوللار، لەۋلەر بوۋىسىنىڭكىدەك قوپال، يىرىك ئەمەس، يۇمشاق، يېقىملىق ئىدى. ئۇ بوۋىسىغا ئەگىشىپ سىرتقا چىققىنىدا، ئەتى-

گىنى مەكتەپكە ماڭغىنىدا بىر سىيما ئۇنى پېشانىسىگە سۆيۈپ ، ئىشىك تۈۋىدە ئۇزىتىپ قالاتتى . كەچتە ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالاتتى . كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى بارا ـ بارا ئاشۇ سىيماغا بولغان كۈچلۈك سېغىنىش ، مۇھەببەت بىلەن تولدى ، ئۇ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىدىن ، ھەممە ئادەملەردىن ھېلىقى سىيمانى ئىزدەيتتى . ئۇنى تاپالايدىغانلىقىغا ، ھامان بىر كۈنى ئۇنى كۆرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى .

* * *

ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئوغلىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، بىر نەچچەيلەننىڭ ئوغلىنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . « ئاھ ، ئوغلۇم ! » ئۇ بار كۈچىنى يىغىپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

# قامغاقنىڭ چۈشى

يېقىندىن بۇيان، ئايىمگۇلنىڭ بويى گويا بىرى كوكۇلىدىن تارتقاندەكلا ئۆسۈپ كەتتى. ئۇ تېخى باشلانغۇچنىڭ 6 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقىنىغا قارىماي، مەھەللىدىكى بويىغا يەتكەن قىزلاردىنمۇ ئېگىزلەپ كەتكەنىدى. پاكار، دوغىلاق ئۆگەي ئانىسىنىڭ كىيىملىرى ئەمدى ئۇنىڭغا قىسقا كېلەتتى. ۋىجىككىنە كەلگەن سىنىپ مۇدىرى خانىممۇ بۇ قىزنىڭ نازۇك، زىلۋا بويىغا ھەۋەسلەنگىنىگە قارىماي، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلاتتى. ئايىمگۈل سارغۇچ چاچلىرىنى قانچە يوشۇرسىمۇ كونا چىت ياغلىقىدىن كۆپۈپ چىقىپ تۇراتتى. زۇۋاندار ئۆگەي ئانىسى ئۇنىڭغا « سېرىق ئاسلان » دېگەن لەقەمنى قويۇپ قويغانىدىن بېرى، بۇ لەقەم ئۇنىڭغا ئەزان چىللاپ قويغان ئىسمىدەكلا سىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئاپئاق ئىدى، قىپقىزىل ئالۇچىدەك لېۋى، قىيىپ قويغاندەك ئىنچىكە ئەگمە قېشى، كېپىكىنىڭ كۆزلىرىدەك مۆلۈلدەپ تۇرىدىغان ئاجايىپ چىرايلىق كۆزلىرىگە كىشىنىڭ مەستلىكى كېلەتتى. ئايىمگۈل باشلانغۇچنىڭ ئاخىرقى ئوقۇش يىلىنى تولىمۇ تەستە تۈگەتتى. ئۇ بىردىنلا ئەركىنلىككە چىققاندەك يەڭگىللەپ قالدى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ مۇئەللىم خانىمنىڭ پات - پاتلا دەيدىغان « تۆگىدەك بويىڭىز بولغۇچە، تۈگمىدەك ئەقلىڭىز بولسىچۇ » دەپ كەمسىتىشلىرىدىن، ئۆگەي ئانىسىنىڭ « توپاقتەك تۇرۇپ ئوقۇيمەن دەپ ماڭغىنىنى كۆرۈك،

مەكتەپكە بارىمەن دەپ قويۇپ نەلەردە يۈرۈشنى كىم بىلىدۇ بۇ-نىڭ » دېيىشلىرىدىن ھەر ھالدا قۇتۇلدى.

مەھەللىنىڭ سىرتىدا قامغاق، يانتاق، جىغانلار كۆپ ئىدى. مەھەللىنىڭ ئاياللىرى بىكار بولسىلا ئاشۇ قامغاق، يان-تاقلارنى چاناپ ئۆگزىگە، دەرۋازىسى ئالدىغا دۆۋىلىشەتتى، تار يوللار تېخىمۇ تارلىشاتتى. قۇرۇپ يوللارغا چېچىلغان تىكەنلەر يالاڭ ئاياغ پۇتلارغا سانجىلىپ ماگۇزمايتتى. قامغاقلار قۇرۇغاندا ئەڭ ياخشى يېقىلغۇ بولاتتى. ئۇزۇن قارا قىشنىمۇ بۇ يەرلىكلەر قۇرۇغان قوناق شېخى، قامغاق، يانتاقلارنى قالاپ ئۆتكۈزەتتى.

قامغاق يىغىش ئايىمگۈلنىڭ ئۆيدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىدى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى، ئېتىزدا ئىشلەپ ھېرىپ كەتكىنىگە قارىماي، ئارغامچىنى كۆتۈرۈپ مەھەللە سىرتىغا چىقتى. كۈن ئاللىبۇرۇن يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىقىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ ئار-قىسىغا مۆككەنىدى. ئايىمگۈل قامغاق، يانتاقلار قاپلاپ كەتكەن دۆڭلۈككە چىقتى. دۆڭلۈكتىن قارىغاندا بۇ مەھەللىنىڭ قىڭغىر - قىيسىق لاي تاملىق ئۆيلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پۈتكۈل كەنت — تارغىنا يول بويلىرىغا سىلىنغان ۋىجىك، ئاۋاق تېرەك كوچەتلىرى، پاخمۇاش بولۇپ كەتكەن پاكار شاپتۇل ۋە ياڭاق كۆچەتلىرىگىچە تەشنالىقتا قاغجىراپ، چاك - چاك يېرىلىپ ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەھەللە تەرەپتىن بىق-سىپ كەتكەن قىغ، ئاچچىق توپا پۇرىقى كېلەتتى. مەھەللە ئاقۋاش موماي لاردەك ھارغىن ئىدى. يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېتىزلاردىكى سارغايغان بۇغدايلار، توپا بېسىپ يېشىللىقنى يۈ-تۈنلەي يوقاتقان دەل - دەرەخلەرنىڭ ئاقۇچ يوپۇرماقلىرى... كىشىگە بۇرۇقتۇرما، خۇنۇك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئايىمگۈل بىر ھازاغىچە قامغاقلىرىنى چاناپ دۆۋىلىۋەتكەن-

دىن كېيىن ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن بېلىنى رۇسلىدى . ئەتراپقا گۈگۈم پەردىسى يېيىلماقتا ئىدى . قىزنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز كەتكەن تاشلىق ساي ياتاتتى . قامغاقلىقتىن ئۆتسىلا گويا ئۆتكۈز مەيدىغان بۇ تاشلىق ساي مەھەللىنى تۆت تەرەپتىن ئوراپ تۇراتتى ، قىز ھەر قېتىم قامغاق چانىغىلى چىقسىلا يىراق ئۇپۇق سىزىقىغا قاراپ كېتەتتى . ئۇپۇق سىزىقىدا ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر قاراتۇل ئېگىزلىك چوقچىيىپ تۇراتتى . ئاسمان يېرىم چەمبەر شەكلىدە بۇ تاشلىق ساينى يېپىپ تۇراتتى . تومۇزدا بۇ يەرمۇ ئاشۇ تاشلىق سايدەك قىزىيتتى . بۇنداق چاغلاردا كەنتنى كېسىپ ئۆتىدىغان كىچىك ئۆستەڭدىن ئېقىپ كېلىدىغان قاپقارا لاي سۇ كىشىلەرگە ئابھاياتتەك كۆرۈنەتتى . چوڭ ـ كىچىك ھەممىيلەن خۇشال بولۇپ چۇرقىرىشاتتى . قاغجىراپ كەتكەن دەل ـ دەرەخ ، زىرائەتلەر قېنىپ سۇ ئىچىشەتتى . كىچىك باللار ، ھەتتا بوۋايلارمۇ ھەممىسى يىگىتلەرمۇ يوتىسىغىمۇ كەلمەيدىغان سۇغا چۆشۈپ چۆمۈلەتتى . نەچچە كۈنگىچە كەنتتە قىيا ـ چىيا بېسىلمايتتى . مەھەللىنىڭ ئايىغىدا سۈپسۈزۈك ، تاتلىق سۇيى بار بىر قۇدۇق بولغىنىغا قارىماي ، كىشىلەر يىلدا ئۈچ ـ تۆت قېتىملا كېلىپ بىر قانچە كۈنلۈك « مېھمان » بولۇپلا يوقاپ كېتىدىغان بۇ لاي سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىشەتتى .

ئايىمگۈل ئۇپۇق سىزىقىدىن كۆز ئۈزمەي ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردى . ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇپۇق سىزىقىنىڭ ئۇ چېتىدە نېمىلەر بار-لىقىنى ، دەرسلىك كىتابلىرىدا ئوقۇغان ، كەنت ئىشخانىسىدىكى تېلېۋىزوردا غىل ـ پال كۆرۈپ قالغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ زادى قەيەردە ، قانداق ياشايدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى . ئايىمگۈل قاراڭغۇلۇقتىن قورقاتتى . ئۇ ئۇيۇل ـ تۇپۇل يىغقان قامغاقلىرىنى ئارغامچا بىلەن تېڭىپ مورىسىگە ئارتتى . قامغاق ئېغىر ئەمەس

ئىدى . يۇمران تىكەنلەر قىزىنىڭ بەدىنىگە بوش سانجىلاتتى . ئۇ مۈرىسىنى ئالدىغا ئېگىپ ، يېنىك شىپىلدىغىنىچە مېڭىپ كەتتى . كەنت قورۇسى ئالدىدا بىر توپ ياش بالىلارنىڭ تۇرغىنىنى ئا-يىمگۈل يىراقتىن كۆردى . بىردىنلا ھودۇقۇپ ، پۈتلىرى كالامپاي-لىشىپ ، يول بويىغا دۆۋىلەكلىك قىغقا پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى . ئۇ بۇ بالىلارنىڭ چاقچاقلىرىدىن قورقاتتى .

— ھەي ! ئايىمخان ! ئەرگە تەگكۈدەك بوپسەن . ماڭا تېگەمسەن ؟

— ماگەۋاي ئەمەت تاز ، سەن مۇشۇ تۇرقۇڭدا بىر يىل ئىشلەپمۇ ئايىمخاننىڭ بويىغا رەخت توشتىپ بولالمايسەن . مەنلا ئالاي ، قانداق ئايىمخان ، بازارغا ئاپىرىپ ئۈچ مېتىر دۇخاۋا ئېلىپ بېرەيمۇ ؟

— بۇ سەت سېرىق ئاسلاننىڭ ھالىنى دېمەيسلەر . ئاۋۇ كونا قامغاقلىقتا بىرنى سۆيۈپ قوي دېسەم ، ئۇنىماي قېچىپ كەتتى .

ئايىمگۈل ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتى . ئۇ پۈتۈن ئاچچىقىنى كۆزىگە يىغىپ ، بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىدى . كىرلەشكەن دوپپا ، توپا باسقان قارامتۇل چىرايلار ئارىسىدا گەدىنىنى يېپىپ تۇرغان قاپقارا چاچ ، ئالچىپار گۈللۈك كۆڭلەك كۆزىگە لاپپىدە چېلىقتى . ئۇنىڭ ئاچچىقى بىردىنلا غايىب بول-دى . ئىتتىكلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، تېز مېڭىپ كەتتى .

ئۇ شۇ كېچىسى ئاشۇ قارا چاچنى چۈشىدى . ئەمما ، ئىگىسىنىڭ زادى كىملىكىنى ئەسلىيەلمىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا غۇۋا بىر چىراي بار ئىدى . شۇ چاغدا بۇ چىراي ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغاندى . كۆزلىرى ئەجەب قارا ، بۇرۇتى ئەجەب

بىر يارىشىملىق ، باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەن قاملاشقان بىر مېھمان .

ئايىمگۈل ھېلىقى كەپسىز بالىنىڭ « بازارغا ئاپىرىپ دۇخاۋا ئېلىپ بېرەمسىز ؟ » دېگەن سۆزىنى ئىختىيارسىز ئويلاپ قالدى ، ئايىمگۈل بىلىدىغان بازار بۇ يەردىن يىرىم كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ، ئۇيۇق سىزىقى بويىدىكى خېلى چىرايلىق بىر يەر ئىدى . ئۇ يەردە نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى . ئۇ يەردىكى كىشىلەر بۇ يەردىن بەختلىك ياشايتتى . ئۇ بازارغا بېرىپ كەلگەنلەرگە بەزىدە ھەۋىسى كېلەتتى . ئۇلارنىڭ « بازار » توغرىسىدىكى پاراڭلىرىغا قۇلاق سالغۇسى كېلەتتى ، چۈنكى ئۇنىڭغا تېخى بۇنداق ئامەت نېسىپ بولمىغان ، ئۇ چوڭ بولۇپ ھازىرغىچە بازارغا بېرىپمۇ باقمىغانىدى . ئۇنىڭ توي قىلغان ياش چوكانلارنىڭ ئېشەك ھارۋىسىدا ئېرىنىنىڭ يېنىدا جىلمىيىپ ئولتۇرۇپ بازارغا ماڭغانلىرىغا ھەۋىسى كېلەتتى . ئۇلار كىيىۋالغان ئاۋۇ ۋالىلداپ تۇرغان گۈللۈك دۇخاۋىنى ئاشۇ بازاردىن سېتىۋالغانلىقىنى بىلەتتى .

ئايىمگۈلنىڭ قوشنىسى مەرەمنىسانىڭ تويى بولدى . بۇ تەلەيلىك قارا قۇمچاق قىز ھەممىسىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ ، مەھەللىنى تىترەتكىنىچە يېتىپ كەلگەن قول تراكتورىغا چىقىپ بازارغا يۆتكەپ كېتىلدى . ئايىمگۈل تۆت ئادەم تۆت تەرەپتىن كۆتۈرۈۋالغان چىرايلىق كىگىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا رومال بىلەن يۈزىنى چىڭ يۆگەپ ئولتۇرغان مەرەمنىسانىڭ « ھۇ » تارتىپ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە خۇشلۇقتىن يىغلاۋاتامدىغاندۇ يا ، دەپ ئويلاپ قالدى . مەھەللە ئىچىنى توپا ـ چاڭغا كۆمۈپ كېتىۋاتقان كىچىك تراكتورغا ئۇزاق ـ ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى .

ـــ بۇ قىز بالىنىڭ ئەجەب تەلىيى كەپتا ؟ ـــ ئايىمگۈلنىڭ

ئۆگەي ئانىسى ئىشكنى ياپقاچ غوتۇلدىدى . بۇ مەھەللىگە بازاردىن قىز كەلمەيتتى . بازارغا ياتلىق بولۇپ بارالايدىغان تەلەيلىك قىزلارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى . ئايىمگۈل ئاشۇنداق تەلەيلىك قىزلارغا بەك ھەۋەس قىلاتتى . بازار توغرىسىدا پات ـ پات شېرىن ، تاتلىق خىيال سۈرەتتى .

ــ ئايىمگۈل ، تىنچ ـ ئوبدان تۇردىڭىزمۇ ؟

خىيال سۈرگىنىچە قامغاق چاناۋاتقان ئايىمگۈلنىڭ بۇ ناتونۇش ئاۋازدىن چۆچۈپ كېتىپ ، قولىدىن كەتمەن چۈشۈپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزىگە يەنە تونجى بولۇپ ، يەلكىسىگە تېگەي دەپ قالغان قاپقارا چاچلار كۆرۈندى .

ــ سەن... سەن كىم بولىسەن ؟ ــ ئايىمگۈل كەنتنىڭ سىرتىدىكى ئانچە ئادەم كەلمەيدىغان بۇ قامغاقلىقتا جىنغا ئۇچراپ قالغاندەك قورقۇپ كەتتى .

ــ مېنى تونۇمىدىڭىزما ؟ مەن مۇھەممەت .

ــ مۇھەممەت ؟ قايسى مۇھەممەت ؟

ــ ھاۋاز دۈيجاڭنىڭ ئوغلى .

ــ ۋۇي ، سەن كۇلىغا قېچىپ كەتمىگەنمىدىڭ ؟

ــ كۇلىغا ئەمەس ، ئۈرۈمچىگە .

ئايىمگۈلنىڭ يۈرىكى بىر ئاز ئورنىغا چۈشتى . ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ يىگىتنىڭ ئىلگىرى شاپاق دوپپا كىيىپ يۈرىدىغان توپا چىراي ، كەپسىز مۇھەممەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك بىر ھازا قاراپ كەتتى . ئۇ قىزلاردەك ھاۋارەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغان ، ياقىسى ـ يەڭلىرىگىچە پاكىز ئىدى . قىز ھېلىقى كۈنى غۇۋا كۆرگەن ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلەر ، يارىشىملىق بۇرۇت ئۇنىڭغا ئەمدى ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئايىمگۈل بىردىنلا ئۆز تۇرقىدىن نومۇس قىلىپ قالدى . يەڭلىرى

يىرتىلىپ كەتكەن رەڭسىز چىت كۆڭلىكى، پۇتىغا تىككەن كە-رىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كىيىۋالغان دادىسىنىڭ كېلەڭسىز لاتا ئايىغى...

نېرىدا قۇدۇق جازىسى چوقچىيىپ تۇراتتى . بۇ قۇدۇقنى كىشىلەر « ئەۋلىيا قۇدۇقى » دەپ ئاتىشاتتى . كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ كەنتنىڭ ئايىغىدىكى نەچچە كۇنلۇك يىراقلىقتىكى بىر جايىدا چوڭ بىر « ئەۋلىيا مازىرى » بار ئىمىش . ئادەملەر بۇ ئۇ-لۇغ مازارنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يىراق - يىراقلاردىن ئېشەك-لىرىنىڭ ، پىيادىلىك كېلىدىكەن . چۆل - باياۋاندا سۇ بولمىغاچقا ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكى مۇشۇ چۆللۈكتە قاپتىكەن . ئىخلاس-مەن بەندىلىرىگە رەھمى كەلگەن قۇدرەتلىك خۇدا تاۋاپچىلار ئۈچۈن قۇدۇق ئاپىرىدە قىپتۇ . چۆللۈكتىكى تۇنجى قۇدۇق بولغان بۇ « ئەۋلىيا قۇدۇقى » بويىدا تاۋاپ قىلىشقا كەلگەنلەر قايتماي ئولتۇراقلىشىپ ، مۇشۇ مەھەللىنى بەرپا قىلغانىكەن . ئا-يىمگۈل ئەۋلىيا مازىرىنى تاۋاپ قىلىشقا كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ ، قالغان ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ زادى قەيەردىن كەل-گەنلىكىنى ، ئۇ يەرلەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كېلەت-تى . ئەمما ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ئايىمگۈل ھەر قېتىم سۇغا چىققىنىدا قۇدۇق بېشىدا تۇرۇپ بويىنىنى سوزۇپ ، يىراق - يىراقلارغا قاراپ كېتەتتى . ھېلىقى « ئەۋلىيا مازىرى » قەيەردىدۇ ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ ئادەملەر بارمىدۇ ، دەپ ئويلاپ كېتەتتى . تە-ۋەككۇل قىلىپ ئاشۇ « ئەۋلىيا مازىرى » نى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلگۈسى كېلەتتى .

يىراقتىن قۇدۇققا سۇغا چىققان ئاياللار كۆرۈندى . ئا-يىمگۈل بىردىنلا ھودۇقۇپ قالدى . ھاپىلا - شاپىلا يىغقان قام-غاقلىرىنى ئارغامچىغا تېگىپ مۇرىسىگە ئارتتى .

— ئەكبىلىك ، مەن كۆتۈرۈۋالاي !

ئايىمگۈل بىر نەرسە دەپ بولغۇچە ، كۈچلۈك قوللار قىز-نىڭ قولىدىكى ئارغامچىنى يۇلۇپ ئېلىپ لىككىدە مۈرىسىگە ئې-لىۋالدى . قىز ـ ئورغاق ، كەتمەننى تۇتقىنىچە جايىدا تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ بىلەن سوكۇلدىشىپ بىرگە مېڭىشتىن ئىزا تارتىپ كەينىدە قالدى . يىگىت تېز ـ تېز ماڭغىنىچە بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى . ئايىمگۈل يۈرىكىدە تاتلىققىنا بىر سېزىمنىڭ تې-پىچەكلەۋاتقانلىقىنى سەزدى . يىگىتنىڭ باياتىن ئۇنى « ئايىم-گۈل » دەپ چاقىرغىنىنى ئەسلىدى . بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا شۇ قەدەر يېقىملىق ئاڭلىنىپ كەتتى . ئۇنى بۇ چاغقىچە ھېچكىم بۇنداق چاقىرىپ باقمىغانىدى ...

كەنت قورۇسى ئالدىدا يەنە بىر توپ ياشلار تۇراتتى . ئايىمگۈل يىراقتىن ئاشۇ باللار ئارىسىدىكى مۇھەممەتنى كۆردى . مۇھەممەت ھېچ ھېيىقماستىن ئايىمگۈلنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— قامغاقلارنى ھويلىڭىزغا ئەكىرىپ قويدۇم .

ئايىمگۈلنىڭ يۈزلىرى لاۋۇلداپ ياندى . ئېغىزىدىن « رەھمەت » دېگەن سۆز ئارانلا چىقتى . ئۇنىڭ ئەتراپىنى بىر-دەمدە قوپال كۈلكە ، ئىسقىرتقان ئاۋازلار قاپلاپ كەتتى .

— ھەي ، مۇھەممەت ، سېنىڭ ئۆتۈپ تېشىپ ئاشۇ سېرىق ئاسلانغا كۆزۈڭ چۈشۈپتۇ ـ دە ؟ مەندەك ئادەمگە بىكارغا بەرسىمۇ ئالمايمەن ئۇنداق تاتىراڭغۇ ئاۋاقنى ...

ئايىمگۈلنىڭ بۇنداق قوپال سۆزلەرنى ئاڭلاشقا تاقىتى يوق ئىدى . ئۇ يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىغىنىچە تېز ـ تېز مېڭىپ كەتتى .

— ئايىمگۈل ، توختاڭە !

ئايىمگۈل كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن يىگىتنى كۆرۈپ چىپپىدە توختىدى .

— يىغلىدىڭىزما ؟ مەڭ ! — ئايىمگۈل يىگىت ئۇزاتقان قولياغلىقنى تارتىنىپقىنا ئالدى .

— ئەتىمۇ چىقامسىز ؟

— نەگە ؟

— قامغاق يىغقىلىچۇ ؟

ئايىمگۈلنىڭ يۈرىكى بىردىنلا دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى .

— ياق ، چىقمايمەن .

— ئەتە چىقىڭ . مەن سىزگە قامغاق يىغىشىپ بېرىمەن .

— ياق .

— مەن سىزنى ساقلاپ تۇرىمەن !

ئايىمگۈل يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

ئاسمان قىپقىزىل شەپەق بىلەن نۇرلانغانىدى . بۇ نۇر تەسىرىدە چەكسىز كەتكەن تاشلىق سايمۇ سۇس قىزارغىنىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى . بۇ مەنزىرە قىزغا ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى . يۈرىكىدە تاتلىق ھېسلار ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇيناقشىيتتى . ئايىمگۈل خېلى كۆپ قامغاق يىغىپ بولدى . ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قامغاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆيلىرىگە مېڭىشتى .

— ئۇھ ! باياتىن بېرى ھەمراھلىرىڭىزنىڭ كېتىشىنى كۈتۈپ كۆزۈم تۆت بولدى ، — يىگىت ھاسىرىغىنىچە يېتىپ كەلدى .

— مەنمۇ ھازىر كېتەي دەپ تۇرغان ، — ئايىمگۈل ھەر- قانچە قىلىپمۇ يىغىشتۇرالمىغان « كۆرۈمسىز » چېچىدىن نومۇس قىلغىنىدىن قىزىرىپ ، ئىتتىك ئارغامچىغا قول ئۇزاتتى .

— بىردەم تۇرسىڭىزچۇ .

قامغاق ، يانتاقلار تاشلىق ساي تەرەپتىن كېلىۋاتقان



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۈچلۈك شامالدا لەرزان تەۋرىنەتتى . قىزنىڭ قولىغا يانتاقنىڭ قۇرۇغان تىكىنى سانجىلىپ كەتتى. قىز ئالدىراپ قولىنى سىلكىدى .

— تىكەن كىرىپ كەتتىمۇ ؟

— هەئە .

— ئەكېلىڭە، قاراپ باقاي !

قىز قولىنى قاچۇرۇپ بولغۇچە ، نازۇك بارماقلىرىنى كۈچلۈك قوللار ئارىسىدا كۆردى . يىگىت قىزنىڭ قولىغا تازا تىكىلىپ قاراپ تىكەننى كۆرگەندىن كېيىن ، قىزنىڭ تىترەپ تۇرغان بارمىقىنى ئاغزىغا ئاپاردى . تىكەن سانجىلغان يەرگە چىشىنى بوشلا پاتۇردى . قىزنىڭ ۋۇجۇدى لاۋۇلداپياندى . يىگىتنىڭ بارماقلارغا سەلگىنە تېگىپ كەتكەن يۇمران بۇرۇتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تومۇر ـ تومۇرلىرىغىچە غىدىقلىدى . ئۇ بارمىقىنى ئىتتىككىلا تارتىپ كەينىگە داجىدى . قىزنىڭ ئۇچىسىدىكى قىزىل كۆڭلەك يانتاق ، قامغاقلار ئارىسىدا ئېنىق قىزىل كۆرۈنەتتى . كۆڭلەك ئۇنىڭغا قىسقا كەلگەنىدى . كۆك خادانى شىمىنىڭ تىزىدىكى ياماق مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

— يىقىلىپ چۈشمەڭ يەنە !

ئايىمگۈل يىگىتنىڭ تىكىلىپ تۇرغان كۆزىدىن قورقۇپ كەتتى . چەبدەسلىك بىلەن دۆۋىلەكلىك قامغاقنىڭ دالدىسىغا ئۆتتى .

— تېز كەتكىن ، خەقلەر كۆرۈپ قالىدۇ ، — ئۇ يىغلايدىغاندەككىلا تۇراتتى .

— خەق كۆرۈپ قالسا مەيلى ، مەن يامان ئىش قىلمىدىم . قامغاق چاناۋاتىمەن .

— ئەمىسە مەن كېتىمەن .

— سىز كەتسىڭىز، مەنمۇ بىللە كېتىمەن.
ئايىمگۈل قامغاقنى مۇرىسىگە ئارتتى.
— توختاڭ! گېپىم بار.
— ھە، نىمە دەيسەن؟
— سىز بەك چىرايلىقكەنسىز.
ئايىمگۈلنىڭ چىرايى بىردىنلا تامدەك تاتىرىپ كەتتى. بەدىنى لاغىلداپ تىترەپ، كۆزىگە ياش ئۇلاشتى. بۇ سۆز ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ «سەن سېرىق ئاسلان»، «كۆك كۆز»، «ئاۋاق» دېگەن سۆزىدىنمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇ يىغلىغىنىچە تېز — تېز مېڭىپ كەتتى.
— نېمە بولدىڭىز؟ گېپىمگە خاپا بولدىڭىزما؟ — يىگىت ئۇنىڭ كەينىدىن ھاسىرىغىنىچە يېتىپ كەلدى، — مەن راست گەپ قىلدىم. سىز راست چىرايلىق. بۇ يەردىكى باشقا قىزلارغا ئوخشىمايسىز. يۈزىڭىز سۈتتەك ئاپئاق، كۆزىڭىز يۇلتۇزدەك چىرايلىق، بولۇپمۇ بويىڭىز. سىزنىڭ بوي — تۇرقىڭىز شۇنداق زىلۋا، نازۇك، سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنىڭ چىرايلىقلىقىنى بىلمەيدىغانسىز؟ گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز ئەينەككە قاراپ بېقىڭ!
ئايىمگۈلنىڭ يىغىسى ئۆزىنىڭ ئىشكى ئالدىغا كەلگەندىلا ئاندىن توختىدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى دوقمۇشتا ئۆزىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان مۇھەممەتنى كۆردى، يۈرىكىگە تاتلىققىنا سىزىم ئېقىپ كىردى. لېۋىگە ئىختىيارسىز كۈلكە يامرىدى. ئۇ مۇرىسىدىكى قامغاقلارنى يەرگە قويۇشى بىلەنلا جىگدە شېخىدىكى قۇشقاچلار چۇرۇقلاشقىنىچە پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ چۇرۇقلاشلىرى ئاجايىپ يېقىملىق ئىدى.
ئايىمگۈل ئۆگەي ئاپىسىدىن يوشۇرۇنچە ئەينەككە

ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قارىدى ، ئۇنىڭ لەۋلىرى كىشىنىڭ چىشلەپ ئۈزۈۋالغۇسى كەلگۈدەك دەرىجىدە چىلانىدەك يۇمىلاق ۋە قىزىل ، يۈزلىرى ھەقىقەتەن كىچىككىنىمۇ چېكىتتىن خالىي سۈتتەك ئاق ، قۇدۇق سۈيىدەك سۈزۈك ئىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ چاچلىرى ... خۇددى ئالۋاستىنىڭ چېچىدەك سارغۇچ ھەم بۇلۇق ئىدى . ئايىمگۈل چېچىنى پاكىز يۇيۇپ ، يېلىمنى تازا سۇۋاپ چىگىگىدە قىلىپ ئىككى ئۆرۈۋىدى ، ئۆزىگە خېلى ئىسكەت كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ ئەينەكتىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ كەتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ، تومۇر ـ تومۇرلىرىدا ئاجايىپ تاتلىق ، يېقىملىق بىر ئاۋاز بار ئىدى . بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالاتتى ، ھەربىر ھۈجەيرىلىرىگىچە ھاياجانلاندۇراتتى ، كۈلدۈرەتتى .

— سىز ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق ، — بۇ قېتىم ئايىمگۈل بۇ يېقىملىق سۆزلەرنى ئاجايىپ تاتلىق ھېسلار ئىچىدە قىزىرىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى ، — چوڭ شەھەردىكى قىزلار سىزدەك ئاپئاق بولمەن دەپ يۈزىگە ئاقارتىدىغان مايلارنى سۈرتىدۇ . كۈلمەڭ ، راست شۇنداق ، خۇدا ھەققى . چاچلىرىنى سىزنىڭكىدىنمۇ سېرىق بويىۋالىدىغان قىزلار كۆپ دەگە ...

— چوڭ شەھەردىكى كىشىلەر بىزگە ئوخشامدۇ ؟

— ئوخشايدۇ . ھەممىمىز ئوخشاش ئادەم ، ئەمما ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىزنىڭكىدىن ياخشى . بۇ يەردىكىدەك توپىغا مىلىنىپ ئىشلەيدىغان ئىش يوق . يوللىرى پاكىز ، ئېگىز ـ ئېگىز بىنالار بار .

— تېلېۋىزوردا چىققاندەكمۇ ؟

— ھەئە ، ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل دەگە !

— ئايىمگۈل ئۇھ تارتىپ جىمىپ كەتتى . ئاسمان قارا-

www.uyghurkitap.com

تۇل پارقىرايتتى ، قامغاق ، يانتاقلار ئارىسىدىن پات ــ پات شىپىر-لىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى .

قىزنىڭ خىياللىرى ئاشۇ ئۇپۇق سىزىقىنىڭ نېرىسىدىكى باشقا بىر دۇنياغا ئۇچۇپ كەتتى .

ــ نېمە ئويلاۋاتىسىز ؟

ــ سەن بايا سۆزلەپ بەرگەن چوڭ شەھەرنى ، ئۇ يەر يىراقمۇ ؟

ــ ھەئە بەك يىراق . ماشىنىدا ئولتۇرۇپ نەچچە كۈندە بارىدىغان گەپ . بارغۇڭىز بارمۇ ؟

ــ ھەئە ، ــ قىز گويا ھازىرلا بارىدىغاندەك روھلىنىپ كەتتى .

ــ ئەخمەق قىز ، ئۇ يەرگە بارماق ئاسان ئەمەس . ئۇ يەرگە بارسىڭىز ئىشلىشىڭىز كېرەك .

ــ ئۇ يەرلەردە ئېتىز بولمىسا ، مەن نېمە ئىش قىلىمەن ؟

ــ سىزگە ئەڭ لايىق كېلىدىغان ئىشنى ئويلىنىپ باقاي ، ــ يىگىت ئويلىنىۋاتقان قىياپەتتە قوشۇمىسىنى تۈردى ، ــ ھەئە راست ، سىزنىڭ مۇشۇ نازۇك ، چىرايلىق بويى-ڭىز بىلەن مودا كىيىم ئارتىسى بولسىڭىز ئەڭ مۇۋاپىق بولغۇدەك .

ــ مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىسەن ، ــ قىز رەنجىگەندەك دومسايدى .

ــ مەن سىزنى زاڭلىق قىلمىدىم ، راست گەپ . مودا كى-يىم ئارتىسلىقىغا مەخسۇس بويى ئېگىز قىزلارنى تاللايدۇ . چىراي-لىق تىكىلگەن كىيىملەرنى مودېل قىزلار كىيىپ ، سەھنىدە ئۇ-ياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ كىشىلەرگە كۆرسىتىدىغان گەپ . شە-ھەردىكى مودېل قىزلارنىڭ بويى سىزدىنمۇ ئېگىز دەڭە .

ئايىمگۈلنىڭ يۈرىكى يېڭى ـ يېڭى خىياللارغا ، يېڭىچە

ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈپ كەتتى. ئۇ ئۆگەي ئانىسىدىن قاتتىق تىل ئىشىتىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا يىگىتنىڭ چوڭ شەھەر توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى.

— ئايىم! ھوي جۇۋاينىمەك نەدىسەن؟ ئۆلدۈڭمۇ؟

قىز ئۆگەي ئانىسىنىڭ چىرقىراق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئوپۇل ـ توپۇل قامغاقنى يەلكىسىگە ئالدى.

— ئەتىمۇ چىقامسىز؟

— ياق.

ئايىمگۈل ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ چىقتى. يىگىتنىڭ قىزىق ـ قىزىق پاراڭلىرىغا، قىزنى ئەركىلىتىپ يېقىملىق شىۋىرلاشلىرىغا، قىزنىڭ نازلىق ئاۋازى، ئوماق كۈلكىسى ھەم ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشلىرىغىچە ئاشۇ قامغاقلار گۇۋاھ بولۇپ جىمغىنا قاراپ تۇرۇشتى.

* * *

— مەن يەنە ئۇرۇمچىگە بارىدىغان بولۇپ قالدىم، — يىگىت ئىتتىك ـ ئىتتىك سۆزلەيتتى.

— نېمىشقا؟

— دادام مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. سەندەك ئىش قىلمايدىغان ھاراملىققا بېرىدىغان نان يوق دەپ، قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى. مەن ھەر قانچە قىلىپمۇ ئىتتىزنىڭ ئىشىغا كۆنەلمىدىم. قانداق قىلىمەن؟ بۇگۈن بىر يەردە قونۇپ ئەتىلا ماڭمىسام بولمايدۇ. ئۇرۇمچىنىڭ باغرى كەڭ. بۇرۇن ئىشلىگەن دۇكاندىكى ئاشپەز ئۇستامغا شاگىرتلىققا كىرىپ ھۈنەر ئۆگىنىپ، ئىشىنىڭ پېشىنى تۇتىمەن.

www.uyghurkitap.com

— مەنچۇ ؟ مەن قانداق قىلىمەن ؟

— مېنى ساقلاپ تۇر . جايلىشىۋالغاندىن كېيىن كېلەر يىلى كېلىپ سېنى ئەكېتىمەن .

— مېنى ھازىرلا بىللە ئالغاچ كەت . سەن بىلەن بىللە يا- رىمەن ، — قىزنىڭ ئاۋازى تەقەززالىقتىن تىترەيتتى .

يىگىت جىمىپ كەتتى . ئۇنىڭ گەدىنىنى يېپىپ تۇرغان چاچلىرى پاخپىيىپ قالغانىدى .

— ئۆيۈڭدىن كېچەلەمسەن ؟

— ھەئە ، كېچەلەيمەن . ئۆگەي ئانامدىن جاق تويدۇم . دادامنىڭ ھالىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن .

— ئەمىسە بىر كۈن كېچىكىپ ماڭاي . ئەتە كەچتە بوغ- چىلىرىڭنى ئېلىپ مەشەدە ساقلا . مەن ماشىنا كىراسىنىڭ يولىنى قىلاي . كىرانىڭ ئامالىنى قىلالىسافلا چوقۇم كېلىمەن . ئەمما ، كېلەلمەي قالسام رەنجىمە !

ئۇلار ئالدىراش خوشلاشتى . ئايىمگۈل ئۆيدىكىلەرگە تۇيدۇرماي بوغچىسىنى تەييارلىدى . بىر كۈننى تەستە كەچ قىلىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان بوغچىسىنى چاندۇرماي كۆتۈرۈپ قامغاقلىققا باردى .

ئەتراپ سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى . يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى . يۇملاق چىققان ئاينىڭ يۈزىدىكى قارا داغلارمۇ يارىشىملىق ، يېقىملىق ئىدى . سوغۇق شامال ھەدېسىلا ئايىمگۈلنىڭ چېچىنى چۇۋۇپ يەلپۈيتتى . قامغاقلار سارغىيىپ پىشىشقا باشلىغانىدى . ئۇنىڭغا سەللا تېگىپ كەتسە تىكەنلىرى ئاچچىق سانجىلاتتى . ئا- يىمگۈل سەل توڭلىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، بوغچىسىدىن چاپا- ننى ئېلىپ كىيدى . ئۆرە تۇرسا خەقلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، بىر تۈپ يانتاقنىڭ تۈۋىدە تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە ئول-

تۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدا تاشلىق ساي سوزۇلۇپ ياتاتتى، تاشلار ئاي نۇرىدا سوغۇق چاقنايتتى، ئايىمگۈلگە ھەيۋە قىلىۋاتقاندەك ھومىيىپ قارايتتى. قىزنىڭ كۆزلىرى تېلىپ قالدى. كۆزىنى يۇمۇپ، بېشىنى تىزى ئۈستىگە قويدى. ئۇنى شېرىن ئۇيقۇ ئاستاغىنا پەپىلەشكە باشلىدى...

قامغاقلار شامالدا بوش يەلپۈنەتتى. ئايىمگۈل قامغاقلار ئارىسىدىن ئېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك ھەممە ياققا تەڭ قارىغىنىچە قامغاقلار ئارىسىدا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئۇ خىيال قىلىشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان ئاق يىپەك كۆڭلەك بار ئىدى. يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىقى بىردىنلا ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندەك بولدى. ھېلىقى قارامتۇل ئېگىزلىك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. ئايىمگۈلنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئاشۇ ئۇپۇق سىزىقىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ ئىدى. گويا بولۇتنى دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك يەڭگىل يۈگۈرەيتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يېنىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا مۇھەممەت پەيدا بولدى. ئۇلار قول تۇتۇشقىنىچە ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. تاشلار بوش شاراقلايتتى. ئۇلار ئۇپۇق سىزىقىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر ئېگىزلىك چوقچىيىپ تۇراتتى. مۇھەممەت ئوغۇللارغا خاس چەبدەسلىك بىلەن ناھايىتى تېز يامىشىپ چىقىپ كەتتى. ئايىمگۈل ھەرقانچە قىلسىمۇ چىقالمىدى. مۇھەممەت ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى. ئەمما، قولى يەتمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تەقەززالىقتىن، تىت - تىتلىقتىن چاقنايتتى. ئايىمگۈلنىڭ مۇھەممەتكە ئۇزاتقان قوللىرى ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى. مۇھەممەتنى ئاللىبۇرۇن ئېگىزلىكتىكى ئاشۇ قىزغۇچ نۇر يۇتۇپ كەتكەندى. ئايىمگۈل ئېسەدەپ يىغلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئېگىزلىك غايىب بولۇپ، ئالدىدا يەنە تاشلىق ساي

www.uyghurkitap.com

سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئۇ ساينىڭ چىك ئوتتۇرىسىدا كەلگەن يولىنى ھەم قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي گاڭگىرىغىنىچە تۇراتتى . ئۇنى بىردىنلا قورقۇنچ باستى . ئېسەدەشلىرى كۆچىيىپ قالىتىق يىغىغا ئايلاندى ...

ئايىمگۈل ئېسەدىگىنىچە ئويغىنىپ كەتتى . ئەتراپ مۇز دەك سوغۇق ئىدى . ئۇنىڭ پۇت ــ قوللىرى سوغۇقتىن ئۇيۇشۇپ كەتكەنىدى . ئۇيۇق ئاستا ــ ئاستا ئاقىرىشقا باشلىغانىدى . مەھەللە تەرەپتىن مەزىنىنىڭ سوزۇپ ــ سوزۇپ چىللىغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلىناتتى . ئايىمگۈل بوغچىسىنى قامغاق ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپ ، ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇردى . پۇت ــ قولى بوشاشقان ، بېشى گاراڭ ئىدى . ئۇ ئەمدى ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئۆيگە قايتىشنى كېرەك ئىدى .

ئايىمگۈل ئەتىسى كەچ يەنە كېلىپ بىر كېچە ساقلىدى . ئۆگۈنى يەنە كەلدى ...

ئايىمگۈلنىڭ يۈرىكىنى ئاچچىق ئۈمىدسىزلىك ئۇنىسىز غا جىلىماقتا ئىدى . ئۇ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە جىمغۇرلىشىپ كېتىۋاتاتتى . كىشىلەر يازدىن بېرى يىغىپ ئېشىپ قالغان قامغاقلار ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ ، سوغۇق شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆتمەكلىشىپ قالغانىدى . سوغۇق چۈشۈشى بىلەنلا مەھەللە شۈمشىيىپ ، تېخىمۇ جىمجىتلىشىپ كەتتى ، دەرەخلەرمۇ يالىڭاچلىنىپ ، چېچى چۈشۈپ كەتكەن تازغا ئوخشاپ قالدى .

ئايىمگۈلنىڭ بويىدا قالغانلىقىنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆگەي ئانىسى سېزىپ قالدى . ئۇنى ئۆيگە سولاپ بىر كۈن كەچكىچە سوراق قىلىپمۇ بالىنىڭ دادىسىنى دېگۈزەلمىدى .

ــ ھۇ نومۇسنى بىلمەيدىغان رەسۋا ، سەن نومۇس قىلمىغان بىلەن مەن نومۇستىن ئۆلۈۋاتىمەن . بۇ شۇمتەكنىڭ دا

دىسى كىم ؟ ئېيتساڭ ئۇنىڭغا موككىدە چېتىپ قويىمەن ، ئىش تۈگەيدۇ ، سەنمۇ نومۇستىن قۇتۇلىسەن . دېگىنە ؟ كىم ساڭا چېقىلدى ؟ ئەمەت تازمۇ ؟

ـــ ياق .

ـــ داۋۇتەكمۇ ؟

ـــ ياق .

ـــ ئەمىسە مەمتەك ئىكەن ـ دە ؟ ۋاي خۇدايىمەي ، خەقلەر سېنى ئاشۇ مەمتەك بىلەن قامغاقلىقتا يۈرىدۇ دېسە ئىشەنمەپتىمەن . ۋاي قانداق قىلاي ! ئۇ مەمتەك يەنە كۆلىغا قىچىپ كەتكىلى نەۋاق . يۈر ، يۈرە ، سېنى مەمتەكنىڭ ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېلىمەن !

ـــ ياق ، ئۇ ئەمەس ! ـــ قىز تىركىشىپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ قولىدىن تەستە بوشاندى .

ـــ ئەمىسە كىملىكىنى دېمەمسەن ؟

ـــ قاراڭغۇدا كىملىكىنى بىلمىدىم .

ـــ ۋاي ئۆلەي ، رەسۋا بولدۇمغۇ ئەمدى . قىز باققاننىڭ سازايى . هۇ پاسكىنا ، قورسىقىڭنى پومپايتىپ يۈرگۈچە ئۆلسەڭ بولماسمىدى ؟ مېنى يامان ئاتلىق قىلىپ رەسۋا قىلغۇچە ... هۇ ...

ئۇ ئايىمگۈلنى بىر هازا تىللىغاندىن كېيىن نەگىدۇر غايىب بولۇپ كېتىپ ، دانىلىرى قىپقىزىل پارقىراپ تۇرىدىغان يانتاق ئۇرۇقىنى تېپىپ كەلدى ۋە قايىنتىپ ئايىمگۈلگە ئۇدا نەچچە كۈنگىچە ئىچكۈزدى . قاتتىق تولغاق تۇتۇپ بالا چۈشۈپ كەتكەن ئايىمگۈل شۇنداق قىينالدىكى ، تۇغۇلغانغا پۇشايمان قىلىپ داد ـ پەرياد كۆتۈردى .

ئايىمگۈلنىڭ بويىدا قېلىپ چۈشۈرۋەتكەنلىكى تېزلا پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كەتتى .

ــــ ھەي ئايىم ! مەمتەك سىنى قانداق قىلدى ؟ مەنمۇ كەينىڭدىن بارايمۇ ؟ ماڭىمۇ ماقۇل دەرسەن ؟

ــــ ھەي ئايىم ! قورسىقىڭ يەنە يوغىناپ قالغىنىڭمۇ تۇرا-دىغۇ ؟ مەمتەك بولمىسا كىمدىن تاپتىڭ بۇ بالىنى ؟

ئايىمگۈل ھەر قانداق قوپال سۆز ـ چاقچاقلارنى ئاڭلىماسقا سېلىپ ، بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ماڭاتتى . ئۇ ئۇزۇن قىش كۈنلىرىدە ئوچاق بېشىدا ئولتۇرۇپ ، ئوچاققا قۇرۇغان قامغاقلارنى سالاتتى . قامغاق پاراسلىغىنىچە كۈچلۈك يالقۇن چىقىرىپ كۆ-يەتتى . قىپقىزىل ئوتنىڭ تەپتى قىزنىڭ ئاپئاق مەڭزىنى قىزارتى-ۋېتەتتى . قىز تولغىنىۋاتقان ئوت يالقۇنىغا تىكىلىپ ئولتۇرغىنىدا ئاشۇ يالقۇن ئىچىدە ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرىلەرنى كۆرەتتى . يۈرىكىدىكى ئۈمىدسىزلىك ئورنىنى يەنە تاتلىق خىياللار ئىگىلەيتتى . لەۋلىرىگە كۈلكە يامىشاتتى .

يۇتكۈل زېمىننى يورۇتقۇچى قۇياش ھەر كۈنى كەنتنىڭ بىر چېتىدىن قىزارغىنىچە چىقىپ ، يەنە بىر چېتىگە قىزارغىنىچە پاتاتتى . ياز بويى ئادەملەر يىغىۋېلىپ ئېشىپ قالغان قامغاق ، ياند-تاقلار ھەم ئۇنىڭ شامالدا ھەر يان چېچىلغان ئۇرۇقلىرى ئەتىياز كېلىشى بىلەنلا يەنە قايتىدىن كۆكلەپ چىقىپ ، شامالدا لەرزان يەلپۈنەتتى .

ئايىمگۈل مەھەللىدىكى ئەر ئالماي ئولتۇرۇپ قالغان بىر-دىنبىر قېرى قىز بولۇپ قالدى . ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئۇن ـ تىنسىز ئېتىزغا بېرىپ ئىشلەيتتى . قامغاقلار پىشقان مەزگىللەردە قامغاق چانىغىلى چىقاتتى . بۇ يەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ بەھۇزۇر ، قۇچىقى ئەڭ ئىللىق جاي ئىدى . قامغاقلار ئۇنى يېنىك تەۋرىنىپ قارشى ئالاتتى . ئۇ پەقەت قامغاقلىقتىلا شېرىن ، تاتلىق خىياللارنى سۈ-رەتتى . قامغاقلارغا دەردىنى تۆكەتتى . بىراق ، ئۇيۇققا ئۇزۇندىن ـ

ئۇزۇن تىكىلەتتى. قامغاقلارغا مەھەللىدىكى داۋۇتەكىنىڭ يوشۇ-رۇنۇۋالغان جايىدىن تۇيۇقسىز سەكرەپ چىقىپ باغقا سۆرىگەنلى-كىنى، يوغان قورساق سېكرېتارنىڭ ئىشخانىسىغا ئالداپ ئەكىرىپ كارىۋاتقا بېسىۋالغانلىقىنى، ئەرلەرنىڭ قىلغان قوپال، سەت چاق-چاقلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى.

ئايىمگۈلگە ئاخىر بىر كۈنى ئەر چىقتى. ئەر بۇ يەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولغان ئاكىسىنى پاناھداپ باشقا يەردىن كەلگەن ئەللىك ياشلاردىكى كوسا ئادەم ئىدى. ئايىمگۈل بۇ ئادەمنى بىر قېتىم مەسچىت ئالدىدا ئۆزىگە ھىجايغىنىچە ئۇزاق قاراپ تۇرغاندا كۆرگەنىدى.

ــ ئايىم، كىيىمىڭنى تېز كىي! بازارغا تويلۇق ئالغىلى بارىمىز!

ئايىمگۈلنىڭ سارغۇچ چاچلىرى كونا چىت ياغلىقىدىن كۆپۈپ چىقىپ تۇراتتى. چىرايلىق قوي كۆزلىرى ئىپادىسىز ھا-لەتتە قېتىپ قالغانىدى. ئاپئاق يۈزى بارا ــ بارا خۇنۇكلىشىپ قورۇلۇشقا باشلىغانىدى. ۋىجىككىنە كەلگەن بوز ئېشەك ھەر يو-غان تۆت ئادەمنى كۆتۈرەلمەي ئىنجىقلىغىنىچە ئاران چامدايتتى. ھارۋا ھازىرلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك ئاچچىق غىچىرلايتتى. ھار-ۋىنىڭ نېرىقى بېشىدا ھېلىقى كوسا ئادەم ئايىمگۈلدىن كۆزىنى ئۈزمەي ھىجىيىپ ئولتۇراتتى. يول بويىدىكى قامغاق، يانتاقلار قىزنى ئۈزىتىۋاتقاندەك سۈس تەۋرىنەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# بەخت

ھەممە ئۇيقۇدا . قىز ساۋاقداشلىرىمنىڭ يېنىك پۇشۇلداپ تىنىشلىرى ئېنىق ئاڭلىنىدۇ . ياتاقتا پەقەت مەنلا ئويغاق ، كۆزۈمنى تورۇسقا تىككىنىمچە مېنى قىيناۋاتقان ئېغىر خىياللاردىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلمەي ئاۋارىمەن . يۈرىكىمنى قانداقتۇر بىر نەرسە ئامبۇردەك قىسىدۇ . ئۆزۈمنى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك ئازاب ئىچىدە تېپىرلاپ لەۋلىرىمنى چىشلەيمەن . بىر يوشۇرۇن ئىچكى ئازاب مېنى بەكلا قىينايدۇ . كۆزۈمدىن بىردىنلا ياش قۇيۇلۇپ ، چېكىلىرىم بويلاپ چاچلىرىم ئارىسىغا ئاقتى . ئاۋازىمنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ياستۇقنى چىشلىۋالدىم . ياق ، يىغلىماسلىقىم كېرەك . نېمىشقا يىغلايمەن ؟ مەن بەختلىكقۇ ؟ ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىگە ئېرىشتىمغۇ ؟ ئاھ ، مەن مۇھەببەتكە ئېرىشتىم ! مەن بەختلىك !

ماڭا ھەممە دوستلىرىمنىڭ ھەۋىسى كېلىدۇ . لېكىن ، مەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنى بۇرۇنقىدەك مەغرۇر سېزەلمەيمەن ؟ نېمە ئۈچۈن تەڭتۇش قىزلارنىڭ شوخ ھەرىكەتلىرىگە ھەۋەس بىلەن قارايمەن ؟ چۈنكى ئۇلاردا بار ئەڭ قىممەتلىك نەرسە مەندە يوق . مەن ئۇ نەرسىنى يوقاتتىم ؛ قىزلارنىڭ غۇرۇرى ، ئىززىتى ، پەخرى بولغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمنى يوقاتتىم . ياق ، يوقاتمىدىم ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئاددىي سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلدىم ،

ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسەمنى قۇربان قىلدىم. دۇنيادا بىر قىز ئۈچۈن ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمىدۇ؟ مانا مەن ئېرىشتىم، مۇھەببەتكە، بەختكە ئېرىشتىم. ئۇنىڭ ئاجايىپ ئوتلۇق نەزەردە تىكىلىدىغان كۆزلىرى مېنىڭ سەيلىگاھىم؛ ئۇنىڭ شېرىن سۆزلىرى مېنىڭ مەنىۋى ئوزۇقۇم؛ ئۇنىڭ ئاشۇ ئوتلۇق لەۋلىرى ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرگۈچى گۈلخان. مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇمۇ ھەم... ئاھ، مۇھەببەت!

مەن دائىم دېگۈدەك ئەنە شۇنداق سۆزلەر ئارقىلىق ئۆزئۆزۈمنى بەزلەپ ئۆزۈن كېچىلەرنى خىيال بىلەن ئۆتكۈزىمەن. كۈندۈزلىرى دوستلىرىم، ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا چاندۇرماسلىققا تىرىشىمەنيۇ، ئاخشىمى ياتساملا يەنە شۇ خىيال دەرياسىغا شۇڭغۇيمەن. ئوقۇشقا يېڭى كەلگەن چاغدىكى ئاجايىپ شوخ، مەغرۇر قىياپىتىمنى، تىرىشچانلىقىم، خۇش چاقچاقلىقىم تۈپەيلىدىن ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا قانچىلىك ھۆرمىتىم بارلىقىنى ئەسلەيمەن، ئويلايمەن.

مانا، تۈن نىسپىدىن ئاشتى. ھەم شېرىن، ھەم ئازابلىق خىياللىرىمنىڭ ھېچ ئايىغى چىقىدىغاندەك ئەمەس. مانا، خورازمۇ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ چىللاۋاتىدۇ. بىردەم بولسىمۇ كۆزۈمنى يۇمۇۋالايچۇ...

* * *

ھەم ئازاب، ھەم ئۈمىد بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. بىراق، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى مەندىكى ئىچكى ئازاب قورقۇنچقا ئايلاندى. دەسلەپتە ئۆزۈمنى قىزلاردىن پەس كۆرۈپ ئازابلانغان بولسام، مانا ئەمدى دوستلىرىم، ئۇستازلىرىم ئالدىدا نومۇسقا قې-

لىشتىن قورقۇۋاتىمەن . ئەينەككە قاراپ ئۆز چىرايىمنى تاماشا قىلىشقىمۇ ئۆچ بولۇپ قالدىم . چۈنكى ، يۈزۈمدە پەيدا بولۇۋاتقان ئۇششاق داغلار يەنە كۆز يېشىمنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ . كېچىلىرى ئۈنسىز يىغلاپ ياستۇقنى هۆللەپ چىقىمەن . شۇنچە كۈن - تۈنلەرنى يىغلاپ ئۆتكۈزسەممۇ ، كۆز يېشىمنىڭ تۈگىمىگەنلىكىگە هەيرانىمەن . قارىغاندا ، ئادەمنىڭ يېشى تېگى - تېگىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇلاق سۈيىگە ئوخشاش تۈگىمىسە كېرەك .

ئۆزۈمنى بۇ قورقۇنچلۇق خىيالدىن قاچۇرغانسېرى ، بەدىنىمدىكى ئۆزگىرىش كۆپىيىشكە باشلىدى . مۇشۇ ئەهۋالدا قانداق قىلالايمەن ؟ يىغلاشتىن نېمە پايدا ؟ قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭغا ئېيتىشىم كېرەك . ئۇ بۇنىڭغا چوقۇم ئامال قىلىدۇ . ئاشۇ خىيالغا كەلگىنىمدە ، گويا هەممە ئىشىم هەل بولىدىغاندەك يەڭگىللەپ قالدىم . قارىغاندا ، ئادەم ئۈمىد بىلەنلا ياشىيالايدۇ ، دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ ...

قولۇمدا كىتاب ، دەرس ئۆگەنگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ خىزمەتتىن چۈشكەندە ئۆتىدىغان يول بويىدا ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇردۇمەن . ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىنىمگە 15 كۈن بوپتۇ ، ئۇ قانداقراق تۇردىكىن ؟ بۇرۇنقى چاغلاردا ، ئۇ دائىم دېگۈدەك مەكتەپكە ئىزدەپ كىرىپ دوستلىرىم ئالدىدا خىجىل قىلاتتى ، هازىرچۇ ؟ مېنى ئۇنتۇپ ... ۋاي ياق ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، بەلكىم ئىشى بەك ئالدىراش بولسا كېرەك . مەنمۇزە تازا بىر گۇمانخور .

جىرىڭ ... جىرىڭ ...

تونۇش بەلگە ، ۋېلسىپىت قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى ، لېكىن قەستەن ئاڭلىماسلىققا سېلىپ كىتابقا قاراپ ئولتۇرۇۋالدىم .

ــــ پەرى ، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز ؟ ــــ ئۇنىڭ « پەرى » دېگەن ئەركىلەتمە سۆزىنى قالتىس ياخشى كۆرەتتىم ، شۇنداقتىمۇ ئۇنى كۆتۈپ ئولتۇرغىنىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ، قاپىقىمنى تۈرۈپ قوپال جاۋاب بەردىم :

ــــ دەرس تەكرارلاۋاتىمەن .

ــــ ۋاھ ، قالتىسقۇ ! كىتابنى تەتۈر تۇتۇۋېلىپ دەرس تەكرارلاۋېتىپسىز ـ دە ! ها ... ها ... ها ...

ــــ هە ؟ بۇ ... هى ... هى ...

بىز ياندىشىپ ماڭدۇق ، كاللامنى ئەنسىز خىياللار چۇلغىۋالغاچقىمىكىن ، ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ، سېغىنىش ، مۇھەببەت بىلەن تولغان سۆزلىرىگە ئۇن ـ تىنسىز قۇلاق سالغىنىمچە كېتىۋېتىپ ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ناز بىلەن كۈلۈپ قويۇشنى ھەتتا سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن .

ــــ نېمە بولدىڭىز ؟ ئەجەب بۇگۈن قاپىقىڭىزنى ئاچمايسىزغۇ ، باشقا بىرسىنى ئويلاۋاتامسىز يا ؟

ــــ ھەئە ... شۇنداق ... نېمە ؟ نېمە دېدىڭىز ؟

ــــ سىز ... ! ــــ بىردىنلا رەنجىپ قولىنى سىلكىدى ، ئۇنىڭ ئاچچىقتىن تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ قورقۇپ كەتتىم . توۋا ، مەن نېمە بولدۇم ؟ نېمىشقا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتالمايمەن ؟ بۇقۇلداپ يىغلاپ ئۇنىڭغا تاشلاندىم .

ــــ مېنى كەچۈرۈڭ ، مەن ... بىزنىڭ بالىمىز بوپتۇ . ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن ؟

ــــ نېمە ؟ راست ... راست ئېيتىۋاتامسىز ؟ ــــ ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ماڭا بىر پەس قاراپ قالدى ، مەن ئۆمرۈمدە بىرسىنىڭ ئالدىدا ئۆز ئاجىزلىقىمنى ئىپادىلەپ بۇنداق يىغلاپ باقمىغاندىم ، مانا ھازىر ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر بىچارە ، ئاجىز

ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئېلىپ، ئاستا يېشىمنى سۈرتتى، تەسەللى بەردى:

— مېنى كەچۈرۈڭ پەرى، ماڭا ئىشىنىڭ. مەن سىزنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن. ئوقۇشىڭىز پۈتكەن ھامان توي قىلىمىز، ئاڭغىچە مەن ئاپامنىڭ رازىلىقىنى ئالىمەن، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، گۈلۈم.

مەن ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق تەسەللى بولماس؟! ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈمىدلەندىم، شادلاندىم...

* * *

شۇ كۈندىن كېيىن، مەن ئۈمىد بىلەن ياشاشقا باشلىدىم، لېكىن مەن تەقەززا بولغانسېرى ۋاقىت ئاستا ئۆتۈۋاتىدۇ، قانداق قىلاي؟ «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك، بۇ نومۇسسىز ئىشنى خەققە دېگىلى بولمىسا، ئۆز - ئۆزۈمنى بەزلەپ يۈرمەي نېمە ئىلاج؟

ئۇمۇ مېنىڭ مىسكىن كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرىپ پات - پات يوقلاپ تۇردى. بۈگۈنمۇ يەنە ئۇچراشتۇق، ئۇ نېمىشقىدۇر بەكلا خاپا كۆرۈنەتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟

ئۇ بىر ھازاغىچە ماڭا قاراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە بېشىنى ساڭگىلىتىپ پىچىرلىدى:

— ئاپام... ئاپام قوشۇلمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

— نېمە؟ — قورقۇنچتىن ۋارقىرىۋەتتىم، — تېزرەك بىر ئامالىنى قىلىڭ، بولمىسا...

ئۇ ئاستا بېشىنى چايقىدى :

ــ ئاپام بەكمۇ جاھىل . ئەمدى سىز خىزمەتكە چىققۇچە كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق .

ــ خىزمەتكە چىققۇچە ؟ ــ بۇ سۆز چىشلىرىم ئارىسىدىن تەستە چىقتى . ئىلەڭ ـ سىلەڭ ھالدا ياتاققا قايتتىم . كۆز ئالدىمغا ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ سۈرلۈك چىرايى كەلدى . ئۇ بىزنىڭ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا مەسئۇل ئايال بولۇپ ، ئۇنىڭدىن مەنلا ئەمەس ، پۈتۈن مەكتەپتىكى ھەممە قىزلار تەپ تارتاتتى . مانا ئەمدى مەن دەل مۇشۇ سۈرلۈك ئايالنىڭ كېلىنى بولۇپ قالغانلىقىمنى كۆرمەمدىغان ...

* * *

بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىمچە قانچىلىك ئۇزۇن ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن . ئەس ـ ھوشۇمدىن ئايرىلدىممىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم ، ھېلىمۇ ياخشى كاللام جايىدا ئىكەن . يەنىلا ئامال تېپىلدى . گەرچە مەن بۇ ئامالدىن ئانچە زور ئۈمىد كۈتمىسەممۇ ، ھەر ھالدا بىكار ياش تۆككەندىن ياخشى ، دەپ ئويلىدىم . ئۇنىڭ ئاپىسىغا خەت يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم . خەتتە ھەممە ئەھۋالنى ئېيتتىم . خەتنى شۇنداق تەسىرلىك يازدىمكى ، ھەر قانداق تاش يۈرەك ئادەم بولسىمۇ ئېرىپ كېتىشىگە ئىشىنەتتىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇمۇ ئايال بولغاندىكىن ، ماڭا ئىچ ئاغرىتىدۇ ، ماڭا ئىچ ئاغرىتمىغان تەقدىردىمۇ ، ئوغلىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ نام ـ ئابرۇيى ئۈچۈن بولسىمۇ تويغا قوشۇلىدۇ .

مانا ، ھازىر ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتىمىز . ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە بىر ئاي ۋاقىت قالدى ، پەقەت بىر ئاي ... ئاھ خۇدا ، ۋاقىت تېزرەك ئۆتسە ، غەم ـ غۇسسىدىن بىراقلا خالاس بولسام ... سىنىپتا دەرس تەكرارلاپ ئولتۇراتتىم ، كىمدۇر بىرى چاقىردى . سىرتقا چىقسام ، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇش-

مىسىدىكى بىر ئوقۇغۇچى مېنى نۇسرەت مۇدىرنىڭ چاقىرىۋاتقان-
لىقىنى ئېيتتى. يۈرىكىم جىغغىدە قىلدى. كىرمەي دېسەم بىرخىل
ئىلاجسىز ئىلمىي بۆلۈمگە تەشۈش، ئەيمىنىش ئىچىدە كىردىم.
بۇ يەردە ئولتۇرغان مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرى نۇسرەت مۇدىر،
ئايىشەم خانىم (مېنىڭ كەلگۈسى قېيىنانام) ۋە تەربىيىچى ئوقۇت-
قۇچۇمنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم. كۆڭلۈمدىكى تەشۈىشلىك
خىيال ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، نۇسرەت مۇدىرنىڭ سىلىق، ئەمما
سۈرلۈك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سىز تولىمۇ ياخشى ئوقۇغۇچى، زېھنىڭىز ئۆتكۈر.
لېكىن، ئوقۇتقۇچىڭىزنىڭ ئېيتىشىچە، يېقىندىن بۇيان كەيپىيا-
تىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەسكەن. بىزنىڭ سىلەرگە كۆيۈنۈش
مەسئۇلىيىتىمىز بولغاچقا، سىزنى چاقىرتتۇق. سەممىيلىك بىلەن
ئېيتىڭە، يېقىندىن بۇيان نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچ... ھېچنېمە.

— چىرايىڭىزدىن كېسەل ئالامىتى چىقىپ تۇرىدۇ. شۇ-
ڭا، بىز سىزنىڭ كېسەل ياكى ئەمەسلىكىڭىزنى بىلىش ئۈچۈن
دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ باقماقچى. قانداق، بارامسىز؟

— ھە؟! — نۇسرەت مۇدىرنىڭ سۆزىدىكى يوشۇرۇن
مەنىنى سەزگەندەك بولدۇم. ئۈمىد ئىزدىگەندەك ئايىشەم خانىمغا
قارىدىم. ئۇ ئايال ماڭا يەۋەتكۈدەك سەت ئالىيىپ ئولتۇراتتى.
دەرھال ئۆزۈمنى ئاقلىدىم:

— ياق، بارمايمەن، مەن كېسەل ئەمەس.

— سىزنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىڭىزگە يېتەرلىك ئىسپات
بار.

— ئىسپات؟ — ھەيران قالدىم. توۋا، كېسەل بولۇشقىمۇ
ئىسپات كېتەمدۇ؟ راستىنىلا قىزىق خەقلەر كەنغۇ بۇ.

— مانا كۆرۈڭ، بۇ قولىڭىز بىلەن يازغان ئىقرارنامىڭىز، بۇ خەتتە ئېيتقانلىرىڭىز راستمۇ؟

مۇدىرنىڭ قولىدىن خەتنى ئالدىمۇ، ئۆزۈمنىڭ پوچېركامنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. بۇ مېنىڭ بولغۇسى قېينانامغا يازغان ھېلىقى تەسىرلىك خېتىم ئىدى. ھوشۇمدىن كەتكىلى تاسلا قالدىم. ئاھ... تۇۋا، چاۋامنى ئۆزۈم چىتقا يېيىپتىمەن ئەمەسمۇ؟! نومۇس، قورقۇنچتىن تىترىدىم، مۇدىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەيلا ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم. يۈگۈردۈم، يۈگۈردۈم... ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا يۈگۈردۈم، باشقىلار سارڭلارچە بۇ قىلىقىمنى كۆرۈپ نېمە دېيىشتىكىن؟ پەرۋايىم پەلەك. كاللامدا پەقەت «ئۆلۈم» دېگەن ئۇقۇملا ئەكس ئېتەتتى.

پۈتۈمۇ كاللامدىكى ئاشۇ ئەسەبىي خىيالغا بويسۇنغان ھالدا شەھەر ئەتراپىدىكى دەريا بويىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىلا مېنىڭ قەيەرگىدۇر قېچىپ كەتكەن ئەس-ھوشۇمنى تېپىپ كەلدى. ئەتراپقا قارىدىم، پەستە شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ، يېشىللىققا پۈركەنگەن دالا، ۋىچىرلاپ سايرىشىۋاتقان قۇشلار، ئاپئاق بۇلۇت ئۈزۈپ يۈرگەن سۈزۈك ئاسمان... ھەممە يەر شۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈندىكى، پۈتكۈل تەبىئەتنىڭ، ھاياتنىڭ قانچىلىك گۈزەل، كۆڭۈللۈك ھەم قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. مەن بۇرۇن بىرسىدىن «ئۇ دۇنيانىڭ جەننىتىدىن بۇ دۇنيانىڭ دوزىخى ياخشى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ سۆز راست بولسا كېرەك. مۇبادا ئۇنداق بولمىسا، قانچىلىگەن كىشىلەر بۇ دۇنيادىن تېزلا مېھرىنى ئۈزۈپ، ئۇ دۇنياغا كېتىشكە ئالدىرىغان بولاتتى-ھە! بۇ دۇنيادا ياشىماق تولىمۇ قىيىن ئىكەن. ئۆلۈۋېلىشمۇ شۇن-

چىلىك تەس ئىكەن . قارىغاندا ، باشقىلار تېرىسىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ
ئازابتىن قۇتۇلغان كىشىلەر تولىمۇ بەختلىك ئادەملەر بولسا كې-
رەك . مانا ، مەن ئۆلۈم بوسۇغىسىدا تەمتىرەپ تۇرۇۋاتقىنىمدا ھا-
ياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشەندىم . ئەپسۇس ، تولىمۇ كې-
چىككەنىدىم . مەن ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ھايات ياشاش ئۆلۈمدىنمۇ
ئېغىر . مەن زادى ئۆلۈشۈم ، بۇ دۇنيادىن مۇشۇنداق ئۈن - تىنسىز
يوقىلىشىم كېرەك . ئەنە ، كۆز ئالدىمدا پەيدا بولغان رەڭدار مەن-
زىرىلەر مېنى ئۆلۈم مەنزىلىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ ، ئەجەل
سىرتمىقى ئىچىگە سۆرىمەكتە . نەپرەتلىك كۆزلەر ، چىدىغۇسىز
ئاھانەت ... سوغۇق مۇئامىلە ، كۇس - كۇس سۆزلەر ... كۆزۈمنى
يۇمدۇم ، يەرگە چىڭ مىخلىنىپ قالغان پۇتلىرىمنى تولىمۇ تەستە
يۆتكىدىم . ئەلۋىدا ! ... بىر قەدەم ... ئىككى قەدەم ... « ئاپا ! »
پۇتلىرىمنىڭ نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ ، بەدىنىمنىڭ تۆۋەنگە سيرى-
لىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى سەزدىم . ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشقاندەك
ئەنسىز چىرقىرىدىم . مەن ئەمدى ئۆلدۈم ... قانچىلىك ۋاقىت ئۆت-
تىكىن بىلمەيمەن . مەن ئۆزۈمنى سۇ ئاستىدا جان تالاشقان ھا-
لەتتە كۆرەرمەن دەپ ئويلىۋىدىم ، ئەپسۇس ، ئۆزۈمنى بوشلۇقتا
ئېسىلىپ تۇرغاندەك ھېس قىلدىم . توۋا ! مەن ئۆلگەن ئادەم تۇ-
رۇپ نېمىشقا ... ھە توغرا ، پەرىشتىلەر مېنىڭ روھىمنى ئاسمانغا
كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان بولسا كېرەك ... قورقۇنچتا چىڭ يۇمۇلغان
كۆزلىرىم تولىمۇ تەستە چەكچەيگىنىچە ئېچىلدى . ئاھ ! ئاجايىپ
بىر مۆجىزە ! مەن تېخى ھايات ئىكەنمەن . بەدىنىم تۆۋەنگە سيي-
رىلىپ چۈشۈۋاتقاندا ، ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشنى يوقاتمىغان يۈ-
رىكىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىككى قولۇم چوقچىيىپ تۇرغان بىر
قورام تاشقا چىڭ ئېسىلىۋالغانىكەن . بىچارە قولۇم ناھايىتى تېلىپ
كەتتى . لېكىن ھاياتقا ، ياشاشقا بولغان ئۈمىد ، تەلپۈنۈشلا ئۇ-

نىڭغا مەدەت بەرمەكتە ئىدى. بەدىنىم تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، مېنى تۆۋەنگە ئېقىۋاتقان سۇغا سۆرىمەكتە. ئۈستۈمدە چوقچىيىپ تۇرغان تىك قىيا گويا مېنىڭ سۇغا غەرق بولۇشۇمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك مەغرۇر تىكىلمەكتە. ھازىر مەن ئۈچۈن ئۆلۈم تولىمۇ ئاسان، قولۇمنى قويۇۋەتسەملا شۇئان ھاياتىم ئاخىرلىشىدۇ. لېكىن، مېنىڭ كاللامدا پەقەت بىرلا خىيال — ھايات قېلىش خىيالى ھۆكۈمران. تالغان، ھالسىزلانغان بەدىنىمنى كۈچىنىپ ئاستا - ئاستا يۇقىرىغا سىلجىتتىم. پۇتلىرىم بىر تاشقا پۇتلىشىپ كېتىۋىدى، تاش دومىلاپ «پولتۇك» قىلىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئازراق بوشاتقان قوللىرىم قاتتىق تاشتىن ئاجراپ ئۆزۈمىمۇ موللاق ئاتقىلى تاسلا قالدىم. ئاھ خۇدا، ماڭا يەنە بىر قېتىم ياشاش پۇرسىتى بەرگىن! مەن ياشىشىم كېرەك. ئۆمىلىدىم، تىركەشتىم. تىزلىرىم سۈرۈلدى. تىرناقلىرىم قانىدى. لېكىن ئازراقمۇ ئاغرىش ھېس قىلمىدىم. ئۇھ، خۇداغا شۈكرى! مەن ئۆلمىدىم، مەن ھايات قالدىم. ئاخىر تۆپىگە يامىشىپ چىقتىم. مۇشۇ مىنۇتتا مەن ئۆز يۈرىكىمنىڭ ھاياجانلىق دۈپۈلدەشلىرىنى يەنە بىر قېتىم شادلىق ئىچىدە ئاڭلىدىم. كۆزۈم مەن بايا ئېسىلىپ قالغان قورام تاشقا چۈشكەندە، بېشىم پىررىدە قېيىپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. توۋا، مەن راستتىنلا ئاشۇ قورقۇنچلۇق ھاڭدىن يامىشىپ چىقتىممۇ؟ ماڭا بۇ كۈچ، غەيرەت نەدىن كەلگەندۇ؟ توغرا، چۈشەندىم، بۇ ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ سېھرىي كۈچى! كۆز ئالدىمدا بىر ھەقىقەت ئايان بولدى. تۇرمۇش يولى مەن بايا يامىشىپ چىققان ئاشۇ تىك قىياغا نەقەدەر ئوخشايدۇ — ھە! مەن ئاشۇ يەردىن چىقالىغان يەردە، ھايات يولىدىكى قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتەلمەسمەنمۇ؟!

* * *

مەن ئىرادە بىلەن ياشاشقا ، ياش تۆكمەسلىكىگە ، كېيىنكى ھاياتىمنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىغانىدىم . لېكىن ، نومۇس ئىرادىدىن غالىب كەلدى . مەن ھەر قانچە ياش تۆكمەسلىككە تىرىشساممۇ ، نەپرەتلىك كۆزلەر ، ئاچچىق تەنىلەر ئالدىدا قەددىم پۈكۈلدى . نومۇس ئىلكىدە يېرىلغۇدەك بولغان يۈرىكىمدىكى زەرداب كۆزلىرىمدىن قان بولۇپ ئاقتى. ئاھ خۇدا ! مېنى مەكتەپتىن قوغلاشنى قارار قىلغان ئاشۇ كۈنى نەچچە مىڭ قىزيىگىتلەر كۆزلىرىنىڭ نەپرەتلىك تىكىلىشلىرى ئاستىدا قانداقلارچە ئۆلتۈرۈلگىنىمنى ئويلىسام ، كىچىككىنە يۈرىكىمنىڭ قانداقلارچە بۇنداق ئېغىر بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلىگەنلىكىگە ھەيرانمەن .

نومۇس ، ئىرادىنى يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولغان بىچارە ئاپامنىڭ يۈزىگە قاراشقا پېتىنالماي مېڭىپ ، بېكەتكە يېتىپ كەلدۇق . مانا ، ئاپتوبۇسقىمۇ چىقتۇق ، كۆزۈم يەنىلا ئارقامدا . خۇددى مېنىڭ نىجاتىم قول پۇلاڭلىتىپ يۈگۈرۈپ كېلىدىغاندەك ... ئۇ 20 كۈننىڭ ئالدىدا يېزىغا خىزمەت بىلەن بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپلا كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنىدى . مەن ئىدارىسىگە بىر قانچە قېتىم تېلېفون بەرگەن بولسامۇ تاپالمىغانىدىم . مۇشۇ ئاخىرقى ئايرىلىش مىنۇتلىرىدا ئۇنى بىرلا قېتىم كۆرۈۋالسام ، ئاۋازىنى بىرلا ئاڭلىۋالسام ...

— نىجات ! — بېكەت دەرۋازىسىدىن ۋېلىسىپىت بىلەن ئۇچقاندەك كىرىۋاتقان بىر يىگىتنى يىراقتىن كۆرۈپلا ، ئاپام ئالدىدىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتىم . ئاپامنىڭ چاقىرىشى ، ياغلىقىمنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن كارىم بولماي ئاپتوبۇستىن سەكرەپ چۈشتۈم — دە ، ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپلا

قالدىم . تووۋا ، كۆزلىرىم راستتىنلا مېنى ئالدىمىغاندۇ ؟ ئۇ ئەسلىدە ئۆز سۆيگىنىنى ئۇزاتقىلى چىققان باشقا بىر ناتونۇش يىگىت ئىـكەن ئەمەسمۇ ! قولۇم مەيدەمدە ساڭگىلاپ تۇرغان مارجاننى شۇنداق قاتتىق تارتتىكى ، مارجانلار كۆز يېشىمغا قوشۇلۇپ يەرگە چېچىلدى ...

ئائىلەمگە قايتىپ كەلگىنىمگە ئىككى ئايدىن ئاشتى . بۇ جەرياندا مەندە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى . ماڭا شۇنچە مالامەتلەرنى كەلتۈرۈپ ، ئىستىقبالىمنى ۋەيران قىلغان ، ئۇنىڭغا بولغان پاك سۆيگۈمنىڭ شاھىتى بولغان بۇ كىچىك جان خۇپپىيانە ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىۋېتىلدى . ئۆزۈم گويا مەھبۇستەك ئۆيگە مەھكۇم قىلىندىم . كۈن بويى دېگۈدەك كارىۋاتتا ئۈن ـ تىنسىز ياتىمەن ، خىيال سۈرىمەن ، ئاھ ئۇرىمەن ، يىغلايمەن ... ئادەم ھېچقاچان ئۆزىدە بار نەرسىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن . پەقەت شۇ نەرسە يوق بولغاندا ئاندىن قەدرى ئۆتۈلىدىكەن . لېكىن كېيىنكى پۇشايماندىن نېمە پايدا ؟ مانا مەنمۇ ئەركىنلىك ۋە ئار ـ نومۇسنىڭ ئادەم ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن . بۇ نەرسىلەر بۈرۈن مەندە يەتكۈدەك بار ئىدى . ئەمدىچۇ ؟ خۇددى قەپەسكە سولانغان قۇشتەك تېپىرلايمەن . پەقەت ئاخشاملىرىلا كۆڭلۈم خېلى ئېچىلىپ قالىدۇ . ماڭا بىر خىل تەبەسسۇم بىلەن قارايدىغان گۈزەل ئاي گويا ماڭا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلار ، يۈز ـ كۆزلىرىمنى سىلاپ ئەركىلىتىدىغان شوخ شاماللار ، ماڭا چەكسىز خۇشاللىق ۋە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلايدىغان كىتابلىرىم ... مانا بۇلار ـــ مېنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش ، دىلكەش دوستلىرىم .

مۇشۇ كۈنلەردە مېنى يەنە بىر ئازاب ـــ ھىجران ئازابى قىينايدۇ . نىجاتتىن قاتتىق رەنجىگەن بولساممۇ ، لېكىن ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك ، خۇشال چاغلىرىم زادى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ . بىراق ، ئۇنىڭ تا ھازىرغىچە بىرەر پارچە خەت يازمىغانلىقىغا ياكى ئىزدەپ كەلمىگەنلىكىگە ئاچچىقىم كەلمىدۇ . مەن ئۇنى رەنجىتكۈدەك نىمە ئىش قىلغاندىمەن ؟ ئۇ نىمە ئۈچۈن مىنى ئىزدەپ كەلمەيدۇ ؟ زادى نىمە ئۈچۈن ؟... بۇ سوئاللار مىنى بەكمۇ قىينايدۇ .

« كىتاب ــ ئۈمىد چىرىغى » دىگەن سۆز راست ئىكەن . ئوقۇغان كىتابلىرىم كۆپەيگەنسىرى ، مەندىكى ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى ئاستا ــ ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى . كىتابتىكى قەھرىمانلار ماڭا ئۈمىد بىغىشلىدى . ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە ئانچە ــ مۇنچە شىئىر ، ھىكايىلەرنى يىزىپ قوياتتىم . ئوقۇتقۇچىلىرىم مىنى « ئۈمىدلىك مايسا » دەپ ماختىشاتتى . لىكىن ، مەن قاچان مۇھەببەتكە بىرىلدىم ، شۇنىڭدىن كىيىن ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىم توختاپ قالغانىدى . مەن بۇنىڭدىن كىيىن تىرىشسام ئىجادىيەت سىپىگە كىرىشكە يول ئاچالارمەنمۇ ؟ مەن ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن يەنە خىلى كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم ...

دىرىزىدىن كىرگەن كۈن نۇرىنىڭ يۈزۈمنى قىزدۇرۇشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم . ئاخشام يىتىش ئالدىدا تۇركىيىلىك ئايال يازغۇچى كەرىمە نادىرنىڭ « ئۇيقۇسىز كىچىلەر » ناملىق پوۋىستىنى ئوقۇغانىدىم . كىچىچە پوۋىستتىكى بەزى ۋەقەلىكلەرنى چۈشۈمدە كۆرۈپتىمەن . توۋا ، بۇ نىرۋام نىمە بولدىكىن ، كاللامغا نىمە تەسىر قىلسا ، كىچىسى شۇ ئىش چۈشۈمگە كىرىپ قالىدۇ . كىچە كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەسىرىدىن بولسا كىرەك ، خىلىلا يەڭگىل ، كۆڭلۈممۇ ئوچۇق تۇرۇپتىمەن . يۈزۈمنى يۇيۇپ بولۇپ ، كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن چامادانىنى ئاچتىم ؛ كىيىم ــ كىچەكلىرىم ئاستىدا ئۇزاقتىن بۇيان بىسىلىپ ياتقان ئەينەككە

كۆزۈم چۈشتى ، قىزلار ئەينەك كۆرۈشكە تولىمۇ ئامراق . لېكىن ، مەن ئەينەككە قاراپ باقمىغىلى قانچە ئۇزاق بولدىكىنتاڭ ؟ بۈگۈن ئەينەكنى قولۇمغا ئالدىم . بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل قارىشىپ تۇرغان قارلىغاچ قانىتىدەك ئەگىم قاشلار ئاستىدىكى جىيەكلىرى ئىنچىكە سىزىقلار بىلەن بېزەلگەن مىسكىن كۆز ، تاتارغان ، سارغايغان ، ئورۇقلاپ قوشۇقتەك بولۇپ قالغان سوزۇنچاق يۈز ... توۋا ، بۇ ... بۇ راستتىنلا مەنمۇ ؟ بىر چاغلاردا ئەينەككە قارىسام ، خۇشاللىقتىن ئاجايىپ نۇرلىنىپ كېتىدىغان كۆزۈم شۇ تاپتا لىققىدە ياشقا تولدى . مېنىڭ گۈزەل ياشلىقىم شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتسە ـ ھە ؟ ئەينەككە تېخىمۇ تىكىلگىنىمدە ، بۇنىڭدىن يەتتە ئاي بۇرۇنقى ھالىتىم ئەينەكتە كۆرۈنگەندەك بولدى . بۇ چاغدا مەن تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارماقچى بولغانلىقىم ئۈچۈن ، ئۆزۈمگە بەكمۇ يارىشىدىغان ئاچ سېرىق پوپايكامنى ، ئوتقاشتەك قىزىل يوپكامنى كىيىپ ، قىزىرىپ كەتكەن يۈزۈمنى ئالىقىنىمغا ئالغىنىمچە ئەينەكتىكى خۇمار كۆزدىن بەخت ئۇچقۇنىنى ، ئوماق لېۋىمدىكى شادلىق تەبەسسۇمى بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىكى خۇشاللىقنى قانغۇچە تاماشا قىلغانىدىم . شۇ چاغدىكى شادلىق ، ھاياجانلىق كۈلكىلىرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈلكە بولىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن . شۇ كۈنى كەچتە مەن چىرايلىق ياسىنىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا ، ئۇ ئاجايىپ ھەشەمەتلىك سېلىنغان چوڭ قورۇدا مېنى قىزغىن كۈتۈۋالغانىدى . مەن ھەممە ياققا ھەۋەس بىلەن قارىغىنىمچە ئۆيگە كىردىم . ئۆيدە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى .

ـــ ئاپىڭىز ، دادىڭىز كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

ـــ ئاپام ، دادام ، ئۇكام يېزىغا ـــ چوڭ ئاپامنىڭكىگە چىقىپ كەتكەن . بۈگۈن بۇ ئۆي بىزگە ئۇگچە قالدى .

www.uyghurkitap.com

— نېمە ؟ سىز ماڭا ئاپام كەلگۈسى كېلىنىمنى كۆرەي دەپ چاقىرتقان دېگەنىدىڭىزغۇ ؟!

— ها ... ها ... ها ...

— بولدى ، مەن چىقىپ كېتەي ، — ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىككە ماڭدىم . لېكىن ، ئۇ ھەم يالۋۇرۇپ ، ھەم ئالداپ ، يەنە تېخى دوستسىپ مېنى پەقەت چىققىلى قويمىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم . مېنىڭ بارلىق ئازابلىرىم ئەنە شۇنداق دۆتلۈكۈم ۋە كۆڭۈلچەكلىكىم تۈپەيلىدىن بولغانىدى ...

* * *

نىجات توغرۇلۇق بەزى مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلاپ دەسلەپتە ئىشەنمىدىم ، كېيىن ئويلىنىپ قالدىم . ھەممىدىن يامىنى ئۇنىڭ راستىنلا توي قىلغان خەۋىرى بولدى . شۇ ۋاقىتتىكى ئازابلىق ھېسلىرىم ، لەۋلىرىمدىن سىرغىغان قان ، كۆزلىرىمدىن يانغان غەلىتە ئۇچقۇن ، بۇ ماڭا ھاياتىمدىكى نومۇستىنمۇ ، ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىق زەربە بولدى . شۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ھوشۇمنى يوقاتتىم . پۈتۈن غەزەپ - نەپرىتىمنى تىلىمغا يىغىپ ، بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم : « ۋىجدانسىز ، ئىپلاس !... »

بۇ ئىش كاللامغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى . ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن نېرۋىلىرىم بىر ئاز ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى . لېكىن گېلىمدىن تاماق ئۆتمىدى . ئۆتكەن كۈنلەر بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى . دەسلەپتە ساقچىغا ئەرز قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئېلىش قارارىغا كەلدىم . لېكىن ئارقىدىنلا بۇ نىيىتىمدىن ياندىم . تەقدىرگە تەن بەردىم . ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ . بۇ مېنىڭ ھاياتلىقتا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىمگە بې-

رىلگەن جازا! بۇ جازا مەن ئۈچۈن تولىمۇ ھەقلىق. ئەمدى مې-
نىڭ ئۈمىدىم، شادلىقىم، بەختىم ئۆز ئەمگىكىمدە، مەن تىرىش-
چانلىقىم، ئەمەلىيىتىم بىلەن بۇرۇن ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىمگە،
بەختسىز، ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىمگە خاتىمە بېرىمەن.

مەن شۇنىڭدىن كېيىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزۈمنىڭ
كەچۈرمىشلىرىمىنى ھېكايە قىلىپ يېزىشقا كىرىشتىم. يېقىندا
«چۈشىنىش» ناملىق بىر پارچە ھېكايىنى پۈتتۈرۈپ، مەتبۇئات
ئورۇنلىرىغا ئەۋەتتىم. ئەمدى «ئاجىزەنىڭ كۆز يېشى» ناملىق
ھېكايە ئۈستىدە جىددىي ئىشلەۋاتىمەن.

راست، دۇنيادا قىزلار تولىمۇ ئاجىز. مۇھەببەتتە ئېچى-
نىشلىق تەقدىرگە يولۇقسا چۈشكۈنلىشىدۇ ھەتتا ئۆلۈم يولىنى
تاللىۋالىدۇ. لېكىن، مەن ئۇنداق قىلماي ياشىدىم، نېمە ئۈ-
چۈن؟ چۈنكى ھايات قىممەتلىك. ھاياتنىڭ قىممىتى شۇ يەر-
دىكى، ھايات ئۆزىنى سۆيگەن، قەدىرلىگەن كىشىگە ئەڭ ئېسىل
سوۋغا — بەخت ئاتا قىلىدۇ. مەن ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ،
تەبىئەتنىڭ نەقەدەر گۈزەل، قەدىرلىك، قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى
چوڭقۇر ھېس قىلدىم. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق تۇرمۇش يولۇمنى
تاپتىم؛ ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىدىن قۇتۇلۇپ چىقتىم. بەختنىڭ
پەقەت بىرەر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىشلا بولماس-
تىن، بەلكى ئۆز ئەمگەك مېۋىسىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى؛ ھا-
ياتنىڭ قىممىتىنى، ئىنساننىڭ قىممىتىنى تولۇق چۈشەندىم. مەن
ئەمدى ئۆز ئىجادىيىتىمنىڭ كۆنلەرنىڭ بىرىدە شېرىن مېۋە بې-
رىپ، مىللىتىمگە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىيالايدىغانلىقىغا
ئىشىنىمەن.

ھېكايەمنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى يېزىۋاتاتتىم، تولۇق ئوت-
تۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان سىڭلىم يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— ئاچا ، ماۋۇ ژۇرنالنى كۆرگىنە ...

— ئەكېلە ، نېمىلەر باركىن بۇنىڭدا ؟

— سېنىڭ ھېكايەڭ بېسىلىپتۇ ، قارا !

— راستىما ؟ — مەن ھاياجان بىلەن ژۇرنالنى ئاچتىم، مۇندەرىجىگە كۆز يۈگۈرتتۇم . ئاھ ، راست ئىكەن . مېنىڭ « چۈشىنىش » ناملىق ھېلىقى ھېكايەم ئېلان قىلىنىپتۇ ! خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتتىم ، ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى . كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياشلار تاراملاپ تۆكۈلدى .

ئاھ ، مەن تۇنجى ئەمگەك مېۋەمنى كۆردۇم !

توۋا ، مەن تۇنجى قېتىم ئىنجاتىنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان خېتىنى ئوقۇغاندا ، ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىپ ، « ئاھ ، بەخت ! » دەپ پىچىرلىغانىدىم . ئەمدىچۇ ؟ مېنىڭ ئېغىزىملا ئەمەس ، بەلكى يۈرىكىم ، كۆزلىرىم ، بەدىنىم — پۈتۈن ۋۇجۇدۇم « ئاھ ، بەخت ! » دەپ تەڭلا پىچىرلاۋاتىدۇ ...

# شاماللار كۈيى

كىمدۇر بىرى ئۆينى ئاستا پەپىلەۋاتقاندەك ، يۈزلىرىنى سىلاپ ئەركىلىتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ، مەستخۇشلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىگىنىچە نازۇكقىنا كېرىلدى . سەھرا قىزلىرىنىڭ بەل پۈرمە كۆڭلىكىدەك كۆپۈپ چىققان دېرىزە پەردىسىنىڭ سۇس تولغىنىشلىرىنى بىر هازا تاماشا قىلدى . ئۆي ئىچى بىردەمدىلا ئاجايىپ يېقىملىق ساپ هىدقا تولۇپ كەتتى . بۇ هىد ئۆي ئىچىدە بەخىرامان چۆرگىلەيتتى . هەممىلا نەرسىگە تاتلىققىنا سۆيۈش هەدىيە قىلاتتى .

« ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، هۇرۇنلۇق قىلماڭ ! » ئۆينىڭ قۇلىقىغا بىرى شىۋىرلىغاندەك بولدى . بۇ شىۋىرلاش ئانىسىنىڭ ئەركىلىتىشىدەك مۇهەببەتلىك ، مۇقام مۇزىكىلىرىدەك سېھىرلىك ، تاغ سۇلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىدەك يېقىملىق ئىدى . ئۇ ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇردى . ئۆزىنى دېرىزىدىن كىرىۋاتقان ساپ ، سالقىن شامالغا تۇتتى . شامالنىڭ ئۆزىنى تاتلىق - تاتلىق باغاشلاشلىرىدىن ، چاچلىرىنىڭ يېنىك - يېنىك يەلپۈنۈشلىرىدىن راهەتلەندى . تومۇرلىرىغا سالقىن هاۋا ، ساپ نۇر ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك ، تېرىلىرى كېڭىيىپ قالغاندەك هېس قىلدى . گويا شامالنىڭ لەرزان تولغىنىشلىرىنى كۆرمەكچى بولغاندەك كېچە ياققان يامغۇردا يالتىراپ ، پارقىراپ كەتكەن يىراق ئۇپۇققا ، شامالنىڭ ماكانى بولغان ئاقۋاش چوققىلارغا سۆيۈنۈش بىلەن ئۇزاقتىن -

ئۇزاق قاراپ كەتتى .

« چىچىڭنى كەسمە قىزىم ! قىز بالا چىچىنى كەسسە بەخت كېسىلىپ كېتىدۇ . »

ئۇ ئەينەككە قاراپ ، مۇرىسىدە ئويناقشىپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرىنى تاراۋېتىپ ، مومىسىنىڭ شۇ سۆزىنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالدى . مومىسى بۇ سۆزلەرنى قاچانلاردا دېگەن بولغىيتتى كىن ؟ توغرا ، ئون يىلنىڭ ئالدىدىغۇ دەيمەن . ئۇ چاغدا ئۇ تېخى كىچىككىلا قىز ئىدى . چېچىنىڭ ئالدىدىن كىچىككىنە سېكىلەك ئايرىپ كېسىۋالغانىدى . مومىسىنىڭ بەخت توغرىسىدىكى سۆزىنى ئانچە پىسەنتىگە ئېلىپ كەتمىگەنىدى . كېيىن بۇ چاچلار قانچە قېتىملاپ كېسىلىپ ، بۇدۇر قىلىنىپ ئىگىسىگە ئاجايىپ لاتاپەت ، گۈزەللىك بېغىشلىدى . ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تەبىئىي پار-قىراپ تۇرىدىغان قوڭۇر رەڭ بۇ چاچلار نېمىشقىدۇر خۇنۈك ، جانسىز بولۇپ ، مايلاپ پارقىرىتىپ ، پات - پات ياسىتىپ تۇرمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى . ئانىسى بىر چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەكتەك ئىككى ئۆرۈم چېچىنى ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇپ ، جىگدە يېلىمىدە پاتلاپ ، قولىقىنىڭ تۈۋىدىن ئىككى ئۆرۈپ قوياتتى . ئۆيدىن ئاي-رىلغاندىن كېيىن ئۇ چېچىنى تارىيالماي قىينالدى . چاچمۇ جىگدە يېلىمى سېغىنىپ جاھىللىشىۋالدى . مانا ئەمدى بۇ چاچلار جىگدە يېلىمىنىڭ يېقىملىق پۇرىقىنى ئۇنتۇپ ، خىمىيىلىك چاچ يۇيۇش - ياساش سۇيۇقلۇقىغا كۆنۈپ كەتتى .

ئۇنىڭ دولقۇنسىمان ياسالغان چاچلىرى يەنىلا ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى . بۇ دولقۇنلار بىلىنەر - بىلىنمەس تەۋرىنىپ ، سېھىرلىك تالالىرى بىلەن يۇرەكلەرگە سالما تاشلايتتى . نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاشۇ دولقۇنلارغا غەرق قىلىپ ، ئەقلىنى لال قىلاتتى . ئەمما ئۇ چاچلىرى بىلەن تەڭ بەختىنىڭمۇ كېسىلىپ

كەتكىنىگە ئىشىنىپ قالدى . ئەينەكتىن چاقناپ تۇرىدىغان چىرايلىق كۆزلىرىدىكى مۇڭ ـ ھەسرەتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . ئۇ بۇ كۆزلەرگە قاچاندىن بېرى مۇڭ تولغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى . ئۇنىڭ بەخت تۇغرىسىدا ئويلانغىنىغا قانچە ئۇزۇن بولدىكىن ؟ بىر يىل ... ئىككى يىل ... بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق بولغاندۇر .

ئۇ خۇدانىڭ ئۆزىگە ئاجايىپ گۈزەل نەرسىلەرنى سېخىيلىق بىلەن ئاتا قىلغانلىقىنى بىلەتتى . بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك ، تاڭ شامىلىدەك لەرزان ، گۈل شىرنىسىدەك تاتلىق ئاۋازىدىن ئۇنىڭ تاماشىبىنلىرى ھەممىنى ئۇنتۇشۇپ ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭدىكى ھېسسىيات بىلەن گىرەلىشىپ كېتەتتى . پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ناخشا ئېيتقاندا تاماشىبىنلارنىڭ كۆزلىرىدە يانغان سۆيۈنۈش ، ھاياجان ئۇچقۇنلىرى ئۇدۇل ئۇنىڭ يۈرىكىگە قۇيۇلۇپ ، كۆزلىرى خۇشاللىقتىن تېخىمۇ چاقناپ ، ئاۋازىدىكى ھېسسىيات تېخىمۇ قايناپ كېتەتتى ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن كۈلكە تۆكۈلەتتى . ئۇنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى ھەققەتەن كۆپ ئىدى . سەھنە ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئاتا قىلاتتى . ھەممىنى ئۇنتۇلدۇراتتى .

تېلېفون جىرىڭلىدى .

ــ ۋەي ! نۇرىيە ، ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ ؟ ــ ئۇنىڭ مەگزىگە ئەسئەتنىڭ ئاچچىق نەپسى ئۇرۇلغاندەك بولدى . كېچىچە ئۇنى چۈشەپ چىققانلىقى ئېسىگە كەلدى .

ــ ھەئە ، ياخشى ئۇخلىدىم . يەنە تېخى جىق چۈش كۆردۈم دەڭە !

ــ چۈشىڭىزدە مېنى كۆردىڭىزمۇ ؟

ــ ياق ، خىيالىمدىكى يىگىتىمنى كۆردۈم ، ــ ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر راستىنى ئېيتقۇسى كەلمىدى .

ــ رىۋايەتلەردىكى شاھزادىنى كۆرگەن ئوخشىما-

سىز ؟ — ئەسئەتنىڭ ئاۋازىدا بوش كۈلكە بار ئىدى .

— ھەئە ، چۆچەكلەردىكى شاھزادىنى كۆرگۈم دېمەمدۇ بولىدۇ . مەڭگۈ رېئاللىققا ئايلانمايدىغان چۈشلەرنى كۆرۈپ كې-لىۋاتىمەنغۇ تاڭ !

ئۇمۇ ، ئەسئەتمۇ جىممىدە بولۇپ قالدى . بىر ھازادىن كې-يىن ئەسئەتنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى .

— سەنئەت كېچىلىكى ئۈچۈن كىيىم بۇيرۇتتىڭىزمۇ ؟

— ياق ، تېخى بۇيرۇتمىدىم . كىيىمنىڭ رەڭگى ھەم پا-سونىنى تاللاپ قويغان ، كىيىم تىكىش ماگىزىنىغا بۇگۈن بارىمەن .

— قانداق رەڭنى تاللىدىڭىز ؟

— قارا رەڭ قانداق بولار ؟

— ھەرگىز بولمايدۇ . ئېيتىدىغان ناخشىنىڭ تېكىستى ھەم مۇزىكىسى بىلەن كىيىمنىڭ رەڭگى ، سىزنىڭ تەقى - تۇر-قىڭىز ماسلاشمىسا قانداق بولىدۇ . كۆڭلەكنىڭ رەڭگى ئاق ياكى ھاۋا رەڭ بولسۇن ، پاسونىنىمۇ بەك مۇرەككەپ قىلىۋەتمەڭ .

ئەسئەت بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئانچە ئاياپ ئولتۇرمايدۇ . ئۇنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق بولغىنى ئۈچۈنمىكىن ، نۇرىيە ئۇنىڭ بۇنداق كۆرسەتمىلىرىگە تەبىئىي ھالدا بويسۇنىدۇ .

— ماقۇل ، ئاق رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلەك تىككۈزەي .

— شۇنداق قىلىڭ . ئاق كۆڭلەك سىزگە چوقۇم يارى-شىدۇ . تويى بولغان كېلىنچەككە ئوخشاپ قالامسىز تېخى !

ئەسئەتنىڭ بۇ چاقچىقى نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا مەسخىرىدەك تۇيۇلۇپ ، كۆزىگە ئاچچىق ياش ئولاشتى .

— كەچتە يېنىڭىزغا بارىمەن . مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭ ! — ئەسئەتنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا تولىمۇ يىراقتىن ئاڭلانغاندەك تۇيۇل-

دى . تومۇرىدا ئاچچىققىمۇ ، تاتلىققىمۇ ئوخشىمايدىغان بىرخىل قىرتاق سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپچۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

ئۆي ئىچى بىردىنلا ئاچچىق بۇرۇقتۇرمىلىققا تولۇپ كەتتى . ئەتىگەنكى ساپ ، سالقىن شامالنى بۇرۇقتۇرمىلىق يۇتۇپلا كەتكەنىدى . ئۆيدىكى ھەممە نەرسە ، دېرىزە پەردىسى ، ھەتتا گۈللەرنىڭ ياپراقلىرىغىچە مۈگدەپ قالغاندەك ئىدى .

ئەسئەتنىڭ چاقچىقى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئاچچىق ھەم تاتلىق ئەسلىمىلىرىنى غىدىقلاپ قوزغىتىپ قويدى . ئۇ ئۆزىگە ئاق كۆڭلەكنىڭ قانچىلىك يارىشىدىغانلىقىنى بىلەتتى . ئاپئاق توي كۆڭلىكى كىيگەندىكى ھالىتىنى تالاي رەت تەسەۋۋۇر قىلغانىدى . توي كۆڭلىكى كىيىپ يىگىتى بىلەن قولتۇقلاشقان ھالدا نازاكەت بىلەن زالغا كىرىپ كەلگەندىكى خىيالىي مەنزىرە ئۇنىڭغا شېرىن چۈشتىنمۇ ئۆزگىچە لەززەت بېغىشلايتتى . ئەپسۇس ، ئۇنىڭغا تا ھازىرغىچە توي كۆڭلىكى كىيىش نېسىپ بولمىدى . توي كۆڭلىكى كىيىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ئەمەلگە ئاشمايدىغان چۈشتەكلا تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى . بۇ تۇيغۇ شۇنچە ئازابلىق ، ئاچچىق ئىدىكى ، بەزى چاغلاردا ئۇنىڭغا ياشاشمۇ مەنىسىز تۇيۇلۇپ كېتەتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى چاغدا ئۇنىڭ توي كۆڭلىكىگە تەتۈر قارىغانلىقىنىڭ جازاسىدۇر بەلكىم . ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن سېكىلەك چاغلاردا نېمىلەرنى قەدىرلەش كېرەك ئىكەنلىكىنى كىم بىلىپتۇ ؟ ئۇ چاغلاردا نۇرىيە پەقەت ئۇدۇل قوشنا دۇكاندىكى سەيپۇك يىگىتنىڭ ئۆزىگە پات - پات تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرەتتى . يىگىتنىڭ ئۆزىگە ئاشىقلىقىنى قىزمۇ ھەم باشقىلارمۇ بىلىپ كەتتى . ئەمما يىگىت ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلمىدى . پەقەت ھەر كۈنى موتىسىكلىتنى ھەيدەپ قىزنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، قىزغا كۈلكە ئارىلاشقان

ئوتلۇق قاراشنى ھەدىيە قىلاتتى. نېمشقىدۇر يىگىتنىڭ ئاشۇ ھا-
كاۋۇر تۇرقى ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ دې-
رىزىدىن سائەتلەپ سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇستىشىدىن ھە-
نەممۇ ئاڭلىدى. ئاخىر يىگىتنىڭ ئۆيىدىن ئەلچى كەلدى. مەر-
تىۋىلىك ھاجىم ئائىلىسىنىڭ ئەلچىلىرىگە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ
خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بېرىشتى. تويلۇق ئېلىشىپ، توي كۈ-
نىنى بېكىتىپ بولغاندا قىزغا تۇيۇقسىز باشقىچە بىر ئامەت كەل-
دى. ئۇنىڭ بىر قانچە قېتىم ئىشتىن سىرت ناخشا مۇسابىقىلىرىدە
مۇكاپاتلىنىپ كۆزگە كۆرۈنگىنى سەۋەب بولدىمۇ ياكى مەدەنىيەت
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن بولغان شىرەم تۇغقاندارچىلىقىنىڭ
يۈزىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنىڭغا يېزا تۇرمۇشى ئاساس قىلىنغان بىر
بەدىئىي فىلىمدە ناخشا ئېيتىش پۇرسىتى نېسىپ بولدى. ئۇ بەكلا
خۇشال بولدى. توينى كېچىكتۈرۈپ، توپتوغرا بىر ئايغىچە ئاپ-
تونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن كەلگەن رېژىس-
سورلارنىڭ يېتەكلىشىدە ئاۋاز مەشقى قىلدى. بەدىئىي فىلىم ناھا-
يىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك سۈرەتكە ئېلىندى. قىزنىڭ ئۆزىمۇ، ئاۋا-
زىمۇ ئاجايىپ نەپىس، ياخشى چىققانىدى. شۇنىڭ بىلەن، قىز
بىر پېشقەدەم سەنئەتكارغا ياراپ قالدى.

— سىزدە تەبىئىي تالانت بار ئىكەن. سىزنى بىللە ئېلىپ
كېتەيلى. ئۆمىكىمىزنىڭ مەخسۇس تەربىيىلەش سىنىپىدا ئىككى
يىل ئوقۇيسىز. ئاندىن ئۆمىكىمىزدە ئىشلەپ قېلىشىڭىز
مۇمكىن، — دېدى ئۇ كىشى.

— مەن ... مەن ئاران تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن، —
قىز تىرنىقىنى تاتىلىدى.

— ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، مۇھىمى، سىزدىكى تەبىئىي
ئاۋاز. سىزنى ئازراقلا تەربىيىلىسەك ئاجايىپ تالانتلىق ئارتىس

بولغۇدەكسىز . ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كېلىڭ. بىز ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ماڭىمىز .

قىز بىر كېچە ئويلاندى . يىگىتكە ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەكەلدۇرگەن ئاپئاق توي كۆڭلىكىگە سەل تارتىنشاندەك قىلدى . توي كۆڭلىكى ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى . قاردەك ئاپئاق يىپەك ئۈستىگە چېكىلگەن تاڭ شەبنىمىدەك يالتىراپ تۇرغان مەرۋايىتلار شۇنچىلىك نەپىس ئىدىكى ، كىشىگە ئىختىيارسىز قىزلارنىڭ خۇشاللىقتىن تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىنى ئەسلىتەتتى . يەرگە تېگىپ تۇرغان كەڭ ئېتەكلىرى ھېلىلا كىشىنى ئۇچۇرۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلىدىغاندەك لەپىلدەپ تۇراتتى . قىز كۆزىنى يۇمۇپلا ھەممىنى كەينىگە تاشلىدى . ئاتا ـ ئانىسىنى يىغلاپ تۇرۇپ قايىل قىلدى . ھەممىدىن ئاۋۋال يىگىتكە « سىز بىلەن توي قىلالمايمەن » دېگەن بىرلا ئېغىز سۆزنى قوشۇپ توي كۆڭلىكىنى قايتۇرۇۋەتتى . ئۇ بۇ ئىشنىڭ مەغرۇر تەبىئەتلىك يىگىتكە قاتتىق ھار كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى . شۇڭا ئۇ يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ سىرتقىمۇ چىقمىدى . يولغا چىقىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى نېمىشقىدۇر يىگىتنىڭ ئوتلۇق قاراشلىرىنى ئەسلىدى . يولغا چىققان كۈنى يىگىت بېكەت ئىچىدە غىل ـ پال كۆرۈنگەندەك قىلدىيۇ ، شۇنچە تەلمۈرگىنىگە يارىشا قايتا كۆرۈنمىدى. خىيالىم بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى قىز ئىچىدە .

* * *

شەھەر ئالىقاچان بىر كۈنلۈك جىددىي ، قاينام ـ تاشقىنلىق ھاياتىنى باشلىۋەتكەن ، دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدىكى يوللاردا ئادەملەر ، ماشىنىلار مىغىلداپ كەتكەنىدى . ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى

بىلەن ئالدىراش يۈرۈشەتتى. بۇ يوللار ئەتكى قاسىنقىدىكى ھەر خىل شەكىلدە قالايمىقان سېلىنغان ئېگىز ـ پەس بىنالار ئارىسىدا ئاچچىق ئۈچەيدەك تېخىمۇ تار، ئۇزۇن كۆرۈنەتتى. ئاسمان بوشلۇقىدا ئادەملەرنىڭ تىنىقى، ھەر خىل گاز، ھەر خىل پۇراق ھەم ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن ھاسىل بولغان تىنچىق، ھارغىن ھاۋا بىر قەۋەت پەردە ھاسىل قىلغانىدى. بىر ئاپتوبۇس ئاچچىق ئىس پۇرقىغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىدىلا توختىدى. ئىس پۇرىقىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئاينىدى. قاپقارا ئىسنىڭ ئاۋۋال ھاۋاغا ئۆرلەپ، ئاندىن يەنە چۆرگىلەپ ئادەملەرنىڭ تىنىقىغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. قىستا ـ قىستاڭ ئاپتوبۇسقا چىققۇسى كەلمەي ئاپتوبۇستىن ئىتتىككىلا يىراقلاشتى. ئۇ بارىدىغان كىيىم تىكىش ماگىزىنى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇ ماگىزىندىن ھاۋارەڭ يىپەك رەختتىن ماس كېلىدىغان پاسون تاللىدى.

— كىيىمنى شەنبىگە ئۆلگۈرتۈپ بېرەلەمسىلەر؟ — ئۇ كېسىمچى يىگىتتىن سورىدى.

— چاتاق يوق. ئەتىگە دېسىڭىزمۇ بىز تەييار، — كېسىمچى يىگىت كىيىمنى ئۆلچەۋېتىپ قوشۇپ قويدى، — بىزنىڭ دىرېكتور سىزنىڭ كىيىم بۇيرۇتقانلىقىڭىزنى بىلسە ئۆز قولى بىلەن تىكىپ بېرىدۇ دەڭە!

— دىرېكتور؟ دىرېكتور كىم؟

— ئۇ سىزنىڭ ناخشىلىرىڭىزنى قەۋەتلا ياقتۇرىدۇ، — كېسىمچى يىگىت گەپ ئەگىتتى، — سىز ناخشا ئېيتقان ھەرقانداق سورۇندا ئۇنى كۆرەلەيسىز.

ماگىزىنغا سالاپەتلىك بىرسى كىردى.

— مانا، دىرېكتور ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى، — كېسىمچى يىگىت قەستەن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— ياخشىمۇسىز !

نۇرىيەگە دىرېكتور يىگىتنىڭ تىكەندەك تىك - تىك تۇرىدىغان چاچلىرى ئاجايىپ يېقىملىق كۆرۈندى . كۆزلىرى تو- نۇشتەكلا بىلىندى .

— شەنبە كۈندىكى سەنئەت كېچىلىكى ئۈچۈن سەھنە كىيىمى بۇيرۇتقىلى كەلگەنمىدىڭىز ؟

— ھەئە .

— خاتىرجەم بولۇڭ . چوقۇم كۆڭلىڭىزدىكىدەك تىكىپ بېرىمىز .

— رەھمەت !

نۇرىيە خوشلىشىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ ، ئىختىيارسىز كەينىگە قايرىلىپ قارىدى . « توۋا ، ئەينى چاغلاردا قارشى تە- رەپتىكى دۇكاننىڭ دېرىزىسىدىن پات - پات كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئاشۇ چىراي ، ئاشۇ كۆز ... »

« ئەرئەلى ، — ئۇ ئىختىيارسىز يىگىتنىڭ ئىسمىنى پىچىر- لىدى ، - توۋا ، ئىسمىمۇ ئۆزىدەكلا قاملاشقان ، مەغرۇر ، سىرلىق . »

ئۇ ماگىزىندىن بىرسى كەينىدىن قوغلىغاندەك تېزلا يېنىپ چىقتى . ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىردىنلا چۈشىنىكسىز تۇيغۇلار تولۇپ كەتتى . — ئۇ مېنى تونۇمىدى . مەن بەك ئۆزگىرىپ كەتتىم ، — دەپ ئويلىدى ئۇ كېتىۋېتىپ ، — ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تويى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم . ئۇ قاچانلاردا ، قانداقسىغا ئۇرۇمچىگە كېلىپ شىركەت قۇردىكىنە ؟

ئۇنىڭ كەينىدىن بىر ماشىنا غۇيۇلداپ كېلىپ ، ئۇنىڭ يېنىدىلا توختىدى .

— ماشىنىغا چىقىۋالامسىز ؟

نۇرىيە تەمتىرەپ قالدى. دەماللىققا يىگىتنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغۇدەك باھانە تاپالمىدى.

— مېنىڭ ناخشىلىرىمنى ياقتۇرىدىكەنسىز-دە؟ — نۇرىيە ئۈنئالغۇدىن چىقىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغىنىچە سورىدى.

— ھەئە، سىزنىڭ ناخشىلىرىڭىزدا ھېسسىيات شۇنداق كۈچلۈك.

نۇرىيە ئەرئەلىنىڭ رولغا ئۇدۇل تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ھېچبىر مەنىنى بىلەلمىدى. ئۇ مېنى راستتىنلا تونۇماپتۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ يىگىتنىڭ ئۆزىنى تونۇمىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ. مۇبادا يىگىت نۇرىيەنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قىلغىنىنى يۈزىگە سالسا بەكمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالار ئىدى. خەير، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى. ئۇلار ئۆزئارا تونۇشلۇق بېرىشكەن تەقدىردىمۇ نېمە بولماقچىدى؟

ماشىنا نۇرىيە تۇرۇشلۇق بىنا ئالدىدا توختىدى.

— يۈرۈڭ، ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىڭ!

— بولدى، خوش!

ماشىنا قوزغالدى. نۇرىيە نېمىشقىدۇر ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

* * *

ئەينى چاغلاردا ئەسئەت ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالالىغان بىردىنبىر ئەر ئىدى. نۇرىيە ئۆزىنىڭ تەبىئىي تالانتى، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن تېزلا داڭق قازىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدە ئەلۋەتتە ئەسئەتنىڭ تۆھپىسى بار ئىدى. ئەسئەت يازغان ھېسسى-

ياتلىق، لىرىكىلىق تېكىستلەر، ئۇ ئىشلىگەن مۇڭلۇق، يېقىملىق ھەم تەسىرلىك مۇزىكىلار نۇرىيەنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭ سەھنىدىكى قىياپىتىگە، ئاۋازىغا تەبىئىي ھېسسىيات، گۈزەللىك قوشاتتى. ئەسئەت قىز-نىڭ نەزىرىدە ئەڭ بىلىملىك، مۇكەممەل، يېتىشكەن بىر ئەر ئىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن ھەرقانداق يىگىت ئۇنىڭغا يەتمەيتتى. ئەسئەتكە بولغان ئېتىقاد، ھۆرمەت ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئەڭ نازۇك، سىرلىق ھېس-سىيات بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى.

نۇرىيەنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئويۇن قويغىلى ماڭغان سەپىرى ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان يۇرتىنى كۆردى. يۇرتداشلىرى، ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشتى. ئۆز يۇرتىنىڭ سەھنىسىدە تېخىمۇ بەك ئالقىشقا ئېرىشتى. سەھرا-نىڭ ساپ ھاۋاسىنى قانغۇچە سۈمۈردى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ يېنىدا ئەسئەت بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەمما خاتىرجەم-سىزلىككە تولغان كۈنلىرى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى.

ئۇ كۈنى، نۇرىيەلەر چۈشكەن شەھەردە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. نۇرىيە يامغۇر تامچىلىرىنىڭ دېرىزە ئەينىكىگە ئۇرۇلغاندىكى ئاۋازىنى ئۆزىچە بىر رىتىمغا چۈشۈرۈپ، يامغۇر سۇلىرىنىڭ تارام - تارام بولۇپ سىرغىپ چۈشۈشىگە قارىغىنىچە كارىۋىتىدا ياتاتتى. ئۇ يولدا قاتتىق زۇكامداپ ئاۋازى پۈتۈپ قالغىنى ئۈچۈن قوشنا ناھىيىگە ئويۇن قويۇشقا بارالماي، ياتاقتا يالغۇز قالغانىدى.

— قانداق، خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرامسىز؟ — ئەسئەت بىر كورۇشكىدا شورپا كۆتۈرۈپ كىرىپ قىزغا تەڭلى-دى، — قېنى قىزىقىدا ئىچىۋېتىڭ. سامساق بىلەن پىيازنى جىقلا

توغراتتىم. ئەتىلا ساقىيىپ كېتىسىز.

نۇرىيە ئەندىكىپ كەتتى. ئەتىكى ئويۇن قويۇلغان ئورۇننى ئالدىن ئۇقۇشۇش ئۈچۈن ئەسئەتىنىڭمۇ بۈگۈنكى ئويۇنغا بارمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈرىكىدە خۇشاللىقىمۇ، ئەندىشىگىمۇ ئوخشىمايدىغان ئاللىقانداق بىر سېزىم پەيدا بولدى.

باياتىن بېرى، ئۇ شۇنچىلىك يالغۇزسىرىدىكى، مۇشۇنداق پەيتتە يېنىدا تۇرۇپ ھالىنى سورايدىغان بىرەرسىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولدى. ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن يىگىتلەر تۇرۇپ، ئۇلار ئارىسىدىن بىرەرسىنى تاللىمىغاندىكىن ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ خوپ. كىم ئۇنى ئائىلىسى بار ئەرنى ياخشى كۆرسۇن دەپتۇ؟ ئۇ ئەسئەتىنىڭ ئائىلىسىنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ تەرىپىمۇ قىزنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆرمىتىنى قوزغىغانىدى. ئۇنىڭغا ئەسئەتىنىڭ ھەممىلا تەرىپى ساپ، قىزغىن، تەبىئىي تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ تەبىئىتى ئۇنى ھەر قانداق يىگىتلەردىن مەردانە، مەغرۇر كۆرسىتەتتى.

— مىنى چىڭ قۇچاقلاپ قويۇڭ! — ئۇ ئەسئەتىنىڭ بېشىنى يۆلەشكە ئاپارغان قولىغا چىڭ ئېسىلىپ، ئۇنىڭ كەڭ كۆكرەكلىرىگە چىڭ يېپىشقىنىچە شۇنداق دەپ پىچىرلاپ سالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ دەقىقە ئىچىدە خۇددىنى يوقاتقاندەك پۈتكۈل دۇنيانى ئۇنتۇپ، يۈرىكىدىكى پىنھان ھېسسىياتىنىڭ پارتلىشى بىلەن تەڭلا بوشىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنىڭ تاراملاپ تۆكۈلۈپ ئەسئەتىنىڭ چاقماق كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ھۆل قىلىۋەتكىنىنى سەزدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، كۈچلۈك بىلەكلەر ئۇنىڭ بويىنىنى بوش قايرىپ، چاچلىرىنى سىلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ پېشانىسىگە، مەڭزىگە، لەۋلىرىگە ئوتلۇق نەپەس ئۇرۇلدى. پۈتكۈل دۇنيا ھەرىكەتتىن توختىغاندەك



www.uyghurkitap.com

بـولدى . پەقەت يامغۇر تامچىلىرىنىڭ دېرىزە ئەينىكىگە تەگكەن-
دىكى رىتىملىق ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

* * *

تېلېفون جىرىڭلىدى :
— نـۇرىيە ، مەن بۈگۈن كەچ بارالمايدىغان بولدۇم .
جـىددىي ئىشىم چىقىپ قالدى . خاپا بولماڭ ـ ھە ! — ئەسئەت
شۇنداق دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى . نۇرىيەگە بىردىنلا ھاۋا يېـ-
تىشمەيۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، ئىچى سىقىلغاندەك بولدى . يۈرىكىنى
ئۆزۈندىن بۇيان ئۆرتەۋاتقان ئاچچىق بۇرۇقتۇرمىلىق تېخىمۇ
كۈچىيىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇ نۇرغۇن نەرسىنى ئويلاپ كەتتى .
شـۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بەختلىك بىر ئائىلىگە نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىـ-
كىنى ھېس قىلدى . ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئاشۇ تىنچ ،
گۈزەل تۇرمۇشتىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى ئويلىسىلا
كۆڭلى بۇزۇلاتتى .
ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھېلىقى كۈندىن باشلىنىپ كەتتى .
ئۇلار بـۇ ئىشنى ھەممە ئادەمدىن سىر تۇتتى . سىرلىق نەرسىلەر-
نىڭ ئادەمگە بېرىدىغان لەززىتى شۇ قەدەر تاتلىق بولسا كېرەك ،
ئۇلارنىڭ دەككە ـ دۈككە ئىچىدىكى يوشۇرۇن ئۇچرىشىشلىرى
شۇنچە قىزغىن ، ئوتلۇق بولىدىكى ، ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئۆزۈنچە
ئادەتتىكى مۇھەببەتداشلار ھېس قىلىپ يېتەلمەيدىغان مۇھەببەت
لەززىتىدىن مەست بولۇپ يۈردى . كېيىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى
ئەتـراپىدىكىلەر بىلىپ كەتتى . نۇرىيە خېلى ئۆزۈنچە سۆز ـ
چۆچەك ، يامان كۆزلەرنىڭ ئارىسىدا قالدى . ئاخىر بولماي كول-
لېكتىپ ياتاقتىن ئايرىلىپ ، يالغۇز ياتاق تۇتۇپ كۆچۈپمۇ چىقـ-

تى . ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى قاتتىق بېسىۋېلىپ ، ئەخلاق نۇقتىسىغا سەل قارىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈل ، مۇلايىم ئايالى ئۇنى ئىزدەپ كەلگەندە ، خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى . ئىچىدە ئەسئەت بىلەن ئادا - جۇدا بولۇشقا قەسەم ئىچتى . ئەمما يەنىلا ئاشۇ ھېسسىيات قايىنى-مىدىن قۇتۇلالمىدى . ئەسئەتنىڭ سىماسى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇچۇپ يۈردى . ئەسئەت ئۇنىڭغا « سىزنى ياخشى كۆرىمەن » دېگەن بىلەن بىرەر قېتىممۇ ئايالىدىن ئاجرى-شىپ سىزنى ئالىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ باقمىغانىدى . نۇرىيەگە ئەسئەتنىڭ ئاشۇ ھەرىكىتىمۇ ئاق كۆڭۈللۈك ، سەممىيلىك بولۇپ تۇيۇلدى . ئەسئەتنىڭ كۆزىمۇ ، سۆزىمۇ ، يۈرىكىمۇ ئۇنى ئالداپ باقمىغانىدى . نۇرىيەنىڭ كۈتىدىغىنىمۇ ، سۆيىدىغىنىمۇ ئەنە شۇ ئىدى .

ئەسئەت ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئىش قىلىپ بەردى . ئۇ-نىڭ قولىدىن كۆپ ئىش كېلەتتى . ئۇ نۇرىيە ئۈچۈن مەخسۇس ناخشا كېپىچلىكى ئۆتكۈزۈپ بەردى . ئارقا - ئارقىدىن سىنئالغۇ ، VCD لېنتىلىرىنى ئىشلىدى . بۇلاردىن نۇرىيە مىننەتدار بولۇشقا ئۈلگۈرمەيلا قالدى . قىزىق ، ئادەملەردىكى ھېسسىيات راستتىنلا قىزىق بولىدىكەن . نۇرىيەنىڭ يۈرىكىدىكى مىننەتدارلىقنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ، ئەسئەتكە بولغان ھېسسىياتىنىڭ بارا - بارا سۇسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالدى . يۈرىكىدە ئەسئەتكە نىسبەتەن قەرزدارلىق تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولغىنىنى سەزدى . بۇ تۇيغۇ كۈچەيگەنسېرى ئۆزى بىلەن ئەسئەت ئوتتۇ-رىسىدىكى بوشلۇق كېڭىيىۋاتقاندەك ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات بارغانسېرى سۇسلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

« بىز ئايرىلىپ كېتەيلى ! » بۇ سۆز نەچچە قېتىملاپ ئۇ-

نىڭ بوغۇزىدا قاپسىلىپ قالدى . ئۇنىڭغا گويا ئۆزى بارسا كەلـ
مەس يولغا كىرىپ قالغاندەك ، ئەسئەتنىڭ ئايرىلىشى مۇمكىن ئەـ
مەستەك تۇيۇلاتتى . نۇرىيەمۇ ، ئەسئەتمۇ بۇ ھېسسىيات ئۈچۈن
خېلى زور بەدەل تۆلىگەنىدى . ئەمەلىيەتتە ئاشۇ بەدەللەر ئۇلارنى
باغلاپ تۇرغان يىپقا ئايلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى . نۇرىيە بىردىنلا
ئۆزىنى ئالدانغاندەك ، خارلانغاندەك ھېس قىلدى ، لېكىن بۇنى ئۇ
تېزلا ئىنكار قىلدى ، ئەسئەتتە نېمە گۇناھ ؟ ئۇ ھېچقاچان نۇرىـ
يەنى مەجبۇرلاپ باقمىغان . ھەممىسى نۇرىيەنىڭ ئۆز خاھىشى بىـ
لەن بولغانغۇ ؟ ئەمدىلىكتە ... ئۇنىڭ ئەسئەتنىڭ ھەم ئۆزىنىڭمۇ
ھېسسىياتىنى ئالدىغۇسى يوق ئىدى .

ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاچچىق بىر ھاۋا ئەگىپ يۈرەتتى . ئەينى
چاغلاردا بۇ شەھەرنىڭ ھەممىلا نەرسىسىگە قىزىقىپ ، شەھەر
تۇرمۇشىغا قاتتىق ھەۋەسلىنىپ كەتكىنىگە قارىماي ، ئېگىز ـ ئېـ
گىز بىنالار بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بۇ شەھەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ
كۆزىگە تولىمۇ بىچارە ، خۇنۇك كۆرۈنۈشكە باشلىدى . يۈرىكى
ساپ ، شوخ ، بەگۇۋاش شاماللارنى سېغىناتتى . بۇ شەھەردە
بۇنداق ئەركىن ، شوخ شاماللار يوق ئىدى . ھەتتا نۇرىيە ئەڭ
ياقتۇرىدىغان يامغۇردىن كېيىنكى ساپ تاڭ شامىلىدىمۇ بىر خىل
نازۇكلۇق ، مەيۈسلۈك بار ئىدى . بۇ يەرنىڭ شاماللىرى تۇرغۇن ،
ئېغىر ، ھېسسىياتسىز ، جانسىز ، خۇنۈك ، سوغۇق ئىدى .

شاماللاردىن تارقىلار ئۇز كۈي ،
شاماللاردا نىگارنىڭ ھىدى .
شاماللاردا تولغىنار زەر نۇر ،
شاماللاردا مۇھەببەت كۈيى .

سەھنىدە شامالدەك سالقىن ، يېقىملىق ، ئاقۇچ نۇر جىلـ

ۋىسى مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ سۇس تولغىناتتى . نۇرىيەنىڭ ھاۋا رەڭ كۆڭلەك ئىچىدىكى گۈزەل جىسمىمۇ، يوپكىسىمۇ «شا-ماللار كۈيى» بىلەن بىرلىشىپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تىكەندەك تىك ـ تىك تۇرغان چاچلار ، ئا-جايىپ ئۆزگىچە ھېسسىياتقا باي كۆزلەر گەۋدىلەندى . بۇ چاچلاردىن، كۆزلەردىن بىر خىل سېھرىي نۇر تارايتتى . بۇ نۇر ئاستا ـ ئاستا ئۇچۇپ كېلىپ ، ئاقۇچ نۇر بىلەن قوشۇلۇپ ، نۇرى-يەنىڭ يۈزلىرىدە ، لەۋلىرىدە جىلۋە قىلاتتى .

ـــ سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي !

يىگىت ئۇنىڭ يېنىدىلا ماشىنىسىنى توختاتتى .

نۇرىيە ئۆزىنىڭ دەل شۇنى كۈتۈپ سىرتقا يالغۇزلا چىقـ-قانلىقىنى ئويلاپ قىزىرىپ كەتتى .

ماشىنا رەڭگارەڭ چىراغلار ئارىسىدا يېنىك غۇيۇلداپ ماڭـ-ماقتا ئىدى . بۇ نۇرلار دۇنياسى گويا سېھىرگەردەك ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ ، يۈرەككە ئاجايىپ تاتلىق ، شېرىن تۇيـ-غۇلارنى تولدۇراتتى .

ـــ بايا ناخشىنى ئاجايىپ ھېسسىيات بىلەن ئېيتتىڭىز ، ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ، ئۆزۈمنى يۇرتۇمنىڭ ساپ ھاۋالىق يوللىرىدا يۈرۈۋاتقاندەك سەزدىم . قارىغاندا سىزمۇ يۇرتىڭىزنى ، يۇرتىڭىزدىكى شوخ ، ئەركە شامماللارنى سېغىنىپسىز ـ دە ؟

ـــ ھەئە ، سېغىندىم ، يۇرتۇمدىن ئايرىلغىنىمغىمۇ ئون يىلغا يېقىن بوپتۇ .

ـــ ئون يىلغا يېقىن ئەمەس ، بۈگۈن دەل ئون يىل بولدى . سىز ئون يىل ئاۋۋالقى دەل مۇشۇ كۈندە ...

ئەرئەلىنىڭ كۆزلىرى رولغا تىكىلگەنىدى . بۇ كۆزلەر تې-گىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئاجايىپ سىرلىقلىقى بىلەن ئىختىيار-

سىز كىشىنى ئەيمەندۇرەتتى . بۇ كۆزلەردە ئاجايىپ كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن تەڭ بىر مەغرۇرانە نۇر چاقنايتتى .

— مېنى تونۇپسىز - دە ؟ — نۇرىيەنىڭ ئاۋازى نېمىشىقىدۇر تىترەپ كەتتى .

— ھەرھالدا تونۇمىغۇدەك ئۆزگىرىپ كەتمەپسىز ، — يىگىتنىڭ لاپپىدە قارىشى ئۇنىڭغا ئاجايىپ يېقىملىق تۇيۇلدى . يۈرىكىدە بىردىنلا يىگىتكە نىسبەتەن ئاجايىپ يېقىنچىلىق تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى . توۋا ، ئەينى ۋاقىتلاردىكى گۆدەك تۇيغۇلارنىڭ يىلتىزى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان بولسا - ھە !

— سىز قاچانلاردا بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز ؟

— يۇرتتىن چىقىپ كەتكىنىمگە بەش يىلدىن ئاشتىغۇ دەيمەن ، دەسلەپكى يىللاردا دادام بىلەن شېرىكلىشىپ ، مەخسۇس ئىچكىرىدىن دادامغا مال يەتكۈزۈپ يۈردۈم . سودىمىز تېزلا يۈرۈشۈپ كەتتى . كېيىن بۇ يەردە شىركەت قۇرۇشۇمغا دادامۇ قوشۇلۇپ پاي قوشتى . ئۆزۈمنىڭ كونا سەيپۇڭلۇق كەسپىنى يەنە تېپىۋالدىم . سىزچۇ ؟ سىز بۇ يىللارنى قانداق ئۆتكۈزدىڭىز ؟

نۇرىيە بىر ھازاغىچە جىمىپ كەتتى . ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېسۇن ؟ داڭلىق ناخشىچى بولۇپ نام قازانغىنىنى دېسۇنمۇ ياكى ھازىرغىچە توي قىلماي تەنھا ياشاۋاتقانلىقىنىمۇ ؟ بۇلارنى سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟

— ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز . ئۆمەكتە ئىشلەۋاتىمەن . كەسپىمنى ياقتۇرىمەن . ھەرھالدا ياخشى تۇرۇۋاتىمەن .

— يۇرتقا كېتىش نىيىتىڭىز يوقمۇ ؟

— يۇرتنى سېغىنىدىم . ئەمما كېتىشنى ئويلاپ باقماپتىمەن . راستىنىلا ، — نۇرىيە راستىنى ئېيتتى .

— مەن چوڭ شەھەرلەرنىمۇ كۆردۈم . ئۆرۈمچىدە مۇقىم

تۇرۇۋاتقىنىمغىمۇ ئۈچ يىلچە بوپتۇ . بۇ يەرگە كۆنۈپ قالدىم دېسەممۇ بولىدۇ . ئەمما يۇرتۇم نېمىسى بىلەندۇ مېنى ئۆزىگە تارتىۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ . ئاتا - ئانامۇ ياشىنىپ قالدى ...

نۇرىيەنىڭ كۆڭلى لاسسىدە بولۇپ قالدى . ئۇنىڭدىن ھازىرلا ئايرىلىپ قالىدىغاندەك كۆڭلى يېرىم بولدى .

— ئايالىڭىز ۋە بالىلىرىڭىز يۇرتىڭىزدا ئىكەن - دە ؟

— بالام يوق . ئايالىم ... — ئەرئەلى بىر ھازا جىمىپ كېتىپ ، ئاستا سۆزلىدى ، — سىز كەتكەندىن كېيىن ھاجىم دادامىلار قاتتىق ئىزا تارتىپ ، ئىككى ھەپتە ئۆتەر - ئۆتمەيلا مېنى ئۆيلەپ قويۇشتى . ئايالىم سېزىككە چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېقىلدى . ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇرۇندىن خېلى ئېغىر ئۆپكە كېسىلى بار ئىكەنتۇق . بۇنداق ئەھۋالدا ھامىلىدار بولسا بولمايدىكەن . دوختۇرلار بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش تەكلىپىنى بەرسە ئۇ ئۇنىماي قويىدى . ئاخىر يەتتە ئايلىق بولغاندا بالا بىلەن بىللىلا ...

نۇرىيەگە بوش تىترەك ئولاشتى . دېرىزىدىن سوغۇق شامال كىرىشكە باشلىغانىدى . ئەرئەلى ئاچچىق ئەسلىمە تەسىرىدىن جىمىپ كەتكەن ، كۆزلىرىدە ئەلەملىك ئازاب قېتىپ قالغانىدى . نۇرىيە ئەرئەلىگە ھېچقانداق تەسەللى بەرمىدى ، تەسەللى بەرگۇدەك ھېچبىر سۆزمۇ تاپالمىدى .

ماشىنا نۇرىيە تۇرۇشلۇق بىناغا يېتىپ كەلگەندە ، ئۇلار ئۈن - تىنسىز باش لىڭشىتىپ خوشلاشتى .

* * *

— مەن يۇرتقا كېتەي دەيمەن . خالىسىڭىز بىللە كېتەيلى . سىزنى يۇرتقا ئېلىپ كېتەي . مەن يۇرتقا بېرىپ شىركەت

ئاچـىمەن. سىز بىرەر مەكتەپتە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولسىز. كېيىن... باللىرىمىزغا مۇزىكا ئۆگىتىسىز. بىز ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ ناخشىلىرىڭىزنى ئاڭلايمىز... بىزنىڭ كۆڭۈللۈك ئائىلىمىز بولىدۇ.

نۇرىيە ئەرئەلىنىڭ سۆزلىرىنى ئەمدىلا رەسىدە بولغان قىزدەك يەرگە قاراپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ، كۆز ئالدىغا ھېلىقى چىرايلىق توي كۆڭلىكى پىررىدە ئۇچۇپ كەلدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى شېرىن بىر تۇيغۇ تەسىرىدىن لەرزىگە كەلدى. توۋا، ئۇنىڭغا راستتىنلا توي كۆڭلىكى كىيىش نېسىپ بولسا ـ ھە! توي كۆڭلىكى بولغاندىمۇ قاردەك ئاپئاق، ئاق قۇ پەيلىرىدەك كۆركەم، شۇنداق چىرايلىق كۆڭلەك...

بــىراق... ئـۇ ئـاشـۇ كـۆڭـلـەكتەك ئاپئاق، پاك بولغان بولسا ـ ھە!

ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر خىل قىرتاق سۇيۇقلۇق ئوقچۇۋاتقاندەك بولدى. تومۇر ـ تومۇرلىرىغا ئاچچىق تاراپ كەتتى. ئۇ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئەرئەلىگە ھېچنېمىنى ئېيتمىدى. ئۇنى ئالـداشنى خالىمىغىنىغا قارىماي، ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئالغۇسى كـەلمىدى. ئۇنىڭ ھەممىنى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كەتكۈسى بار ئىدى. ئەگەر ھايات ۋارىقىنى يىرتىش مۇمكىن بولسا، ئۆتكەن ھەربىر كۈننى يىرتىپلا تاشلاپ، كېيىنكى بەتلەرگە يېڭى، گۈزەل، پـاك تۇرمۇشنى يازسا... ئەگەر ھەممىنى يېڭىدىن باشلاش مۇمكىن بولسا، ئۇ بۇرۇنقى سەبىي، پاك ھالىتىگە قايتسا...

ئۇنىڭ تازا قاتتىق يىغلىغۇسى كەلدى. لېكىن يىغلىسىلا ھەممە سـىرى ئـاشـكارا بولۇپ كېتىدىغاندەك ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالدى.

ــ نېمىشقا، نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىز؟ مەيلى سىز نېمىلا

دېمەك ، نېمىلا ئويلىماڭ ، مەن سىزنى ئېلىپ كېتىمەن . سىزنى ئەمدى ھەرگىز بۇ يەردە قالدۇرمايمەن . چوقۇم ئېلىپ كېتىمەن .

نۇرىيە بىردىنلا ئۆزىنى ئەرئەلنىڭ باغرىدا كۆردى . ئۇ ئۆزىنى بارا ـ بارا كىچىكلەپ ، ئېرىپ ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى . ئۇنىڭ باغرى شۇنچە ئوتلۇق ، سېھىرلىك ئىدىكى ، نۇرىيەنىڭ يۈرىكى ، تومۇرلىرىدىكى قانلار قىزىپ لەرزىگە كەلدى . ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ يەڭگىل ھېس قىلدى . پەرىشتىلەردەك ئاستا ـ ئاستا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى . ئاپئاق مانان ئۆرلەپ تۇرغان سۈپسۈزۈك ئەرش سۈيىدە پاك ـ پاكىز يۇيۇندى . ئۇنىڭ بەدىنى ئاجايىپ چىرايلىق ئاقىرىپ سۈزۈلۈپ كەتتى . تومۇرلاردا ئوقچۇۋاتقان قانلار شۇنچىلىك قىزىق ، پاك ، قىزىل ئىدىكى ، ئۇ ئۇدۇل يۈرەككە قۇيۇلاتتى . ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ كىرسىز ، جاراھەتسىز ھالدا دۈپۈلدەپ سوقاتتى . ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى پاكلىقىغا قايتقانلىقىنى ھېس قىلدى . توۋا ، بۇ ئاللانىڭ كارامىتىمۇ ياكى پاك ھېسسىياتنىڭ سېھرىمۇ ؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئەرئەلى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان تاتلىق سۆيۈشتىن ھاسىل بولغان شېرىنلىكتىن باشقا ھېچ نەرسە ، ھەتتا كىچىككىنە ئەسلىمىمۇ قالمىغانىدى .

ھەممە نەرسە يەنى خۇنۇك ، جانسىز ھاۋا ؛ سوغۇق ، ھېسسىياتسىز شامال ؛ بىنالار بىلەن قورشىلىپ تىنىقى يېتىشمەيۋاتقان بوۋايدەك ھالسىراپ قالغان شەھەر — يىراقتا ، تولىمۇ يىراقتا قالغانىدى . نۇرىيە ئۇزۇن چۈش كۆرۈپ ئويغانغان كىشىدەك ھەممىلا نەرسىگە تېز ـ تېز كۆز يۈگۈرتەتتى . ماشىنا بىلەن تەڭ تەۋرىنىۋاتقان يېشىللىق ، ئاقۋاش چوققىلار ۋە يېشىللىقلار بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن سەھرا ئاسمىنى ، سۇنىڭ يىراق ـ يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان شاۋقۇنلۇق ئاۋازى ... سەھرا قىزلىرىنىڭ

قىپقىزىل ياغلىقى... تووۋا، ئۇنىڭ بۇلاردىن ئايرىلغىنىغا قانچە ئۇ-زۇن بولدىكىنە ؟

— خۇش كەپسىلەر ! سىلەرنى قارشى ئالىمىز ! — ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېنىك شىۋىرلاش ئاڭلاندى . بۇ شىۋىرلاش سەھرا قىز-لىرىنىڭ كۈلكىسىدەك تاتلىق ، بىغۇبار ، يىگىتلەرنىڭ كۆڭۈل ئىزهارىدەك لەززەتلىك ئىدى . بۇ شىۋىرلاشلارغا يەنە ئانىلارنىڭ مۇھەببەتلىك تىنىقلىرى قوشۇلۇپ كەتكەنىدى .

سەھرا شاملى شوخ ، كەپسىز ئىدى . ئۇ ماشىنا دېرىزى-سىدىن بۆسۈپ كىرىپ ، ھېچ ھېيىقماستىن ئۆزىنى نۇرىيەنىڭ ھېسسىياتچان لەۋلىرىگە ئۇراتتى . چاچلىرى بىلەن تەڭ يەلپۈنۈپ ئوينىشاتتى . ئەركىن - ئازادە تولغىنىپ چۆرگىلەيتتى . ۋىلىقلاپ كۈلەتتى . ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن كىشى ۋۇجۇدىنى ئاجا-يىپ گۈزەل تۇيغۇلارغا تولدۇراتتى . بۇ شاماللاردا كىشى ۋۇجۇ-دىنى لەرزىگە سالىدىغان تەسىرلىك ، جۇشقۇن بىر ئاھاڭ بار ئىدى . بۇ ئاھاڭدا تاغلارنىڭ ساداسى ، گۈللەرنىڭ نازلىرى ، تاغ سۇلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرى ، قۇشلارنىڭ ناۋاسى بار ئىدى . ئۇ تەبىئەتنىكى جىمى گۈزەللىكنى ، پاك تەبىئىيلىكنى توختىماي كۈيلەيتتى . بۇ كۈيلەردىن تارالغان ھىدقا كۆك ئاسماندىكى جەز-بىدارلىق ، ئاپئاق بۇلۇتلاردىكى پاكلىق ، تاغ گۈللىرىدىكى گۈ-زەللىك سىڭىپ كەتكەنىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# يېشىل ئارمان

قـولۇمغا ئاجرىشىش قەغىزىنى قانداق ئالغىنىمنى ، سوت مـەھكىمىسىدىن قايسى تەرىزدە قايتىپ چىققىنىمنى بىلمەيمەن . بەلكىم ئاق قەغەزگە ئۇزاتقان قوللىرىم تىترەپ ، چىرايىم تاتىرىپ كـەتكەندۇ ، ۋە بەلكىم يۈرىكىمدىكى ياشلار كۆزلىرىمدىن يامغۇر-دەك تۆكۈلۈپ چۈشكەندۇ .

كىشىلەر ئاق رەڭنى پاكلىقنىڭ بەلگىسى دەيدىكەن . مې-نىڭچە ئۇ يوقلۇقنىڭ ، مەۋجۇتسىزلىقنىڭ بەلگىسى . بىر پارچە ئاق قەغەز ، ھېچنېمە يوق ئاپئاق ئۆي ، ئاق كىيىم ، ئاق بايراق ئادەمگە زادى قانداق تەسىر بېرىشى مۇمكىن ؟ ئۇنىڭ كىشىگە بېرىدىغىنى پەقەت يوقلۇق ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى خالاس .

— ئاپا ، دادام بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىڭىزما ؟

ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگىنىگە قارىماي ، خېلى ئىشلارنى بىلىپ قالغان قىزىمنىڭ كۆزىگە قارىيالا بېشىمنى لىڭشىتتىم . بىر نەرسە دېيىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى . كۆز يېشىم ، تاتارغان چىرايىم ئۆيدىكىلەرگە ھەممىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى .

يۈرىكىمدە ئاجايىپ ئاچچىق بىر ئۈمىدسىزلىك بار ئىدى . ئاق قـەغەزنى يۈرلەپ ئۇششاق يىرتىپ تاشلىۋەتسەممۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا كۆز ئالدىمدا ئەرۋاھتەك ئۇچۇپ يۈرەتتى . تۈگىدى ، ھـەممىسى تۈگىدى . سەككىز يىللىق ئائىلەم ، تۇرمۇشتىن كۈت-كەن بارلىق ئۈمىدلىرىم توزۇدى . سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك

غايىب بولدى . مەن تولىمۇ ئۈزۈن چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندەك مەڭدەپ قالدىم . يۈرىكىمدە ئاچچىق ئازاب ، ۋۇجۇدۇمنى ئىسكەنجىگە ئــالــغــىــنــى هــەمــمە نەرسىسىدىن ئايرىلغان بىچارىلەرچە نازۇكلۇق ...

بۇ ئىشلار شۇنچە تاسادىپىي يۈز بەردىكى ، مەن هېچقاچان هــاياتىمدا بۇنداق ئازابقا يولۇقارمەن دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان . ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشاشنى بىرەر قېتىممۇ خىيال قىلىپ باقمىغاندىم . قىسقىسى ، ئۇ مېنىڭ هاياتىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى .

مۇبادا ئاشۇ ئىپلاسلىقلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام — پۈرلەشكەن كىرلىك ، يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن يالىڭاچ بەدەن ، قورقۇنچتىن چەكچەيگەن كۆزلەر ...

مېڭەمدە ۋاسىلداپ ئوت چاقناپ كەتكىنى ، پۈتۈن بەدىنىمنىڭ لاغىلداپ تىترەپ ، بار ئاۋازىم بىلەن نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرىغىنىم غۇۋا ئېسىمدە .

ئىككى ـ ئۈچ قوشنا ئايالنىڭ هويلىغا كىرگەنلىكىنى ، نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى هەم ئۆزۈمنىڭ نېمە دەپ ۋالاقلاپ كەتكىنىمنى ، ئۇ ئىپلاسلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئەهۋالدىن قانداق قۇتۇلغىنىنى ئەسلىيەلمەيمەن .

ئاشۇ ئىشتىن كېيىن بىر يۈرتورا بولۇشمىدۇق . ئۇنىڭ ماڭا قارايدىغان يۈزى ، مېنىڭ ئۇنىڭغا قارايدىغان كۆزۈم يوق ئىدى . ئۇ ئىپلاسلىقلارنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى . چوڭلارنىڭ نەسىهەتلىرىنى ، ئوماق ئىككى بالامنى ئالدىمدا قويۇپ ئويلىنىپ كەتتىم . هەرقانچە ئويلانسامۇ ئۇنىڭ ئاشۇ ئېقى چوڭ ۋاپاسىز كۆزىگە ( ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئېقىنىڭ چوڭلۇقىنى ئاشۇ كۈنى تۇيۇقسىز هېس قىلغانىدىم ) مەڭگۈ

قارىشىمنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. ئىشلار ئاق قەغەز بىلەن تېزلا ھەل بولدى. ئاق قەغەز ھەممە نەرسىنى، مېنىڭ تۇرمۇشتىن كۈتكەن بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى، ئاجايىپ ئاتالىق گۈزەل ھېس - تۇيغۇلىرىمنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاك - پاكىز يوقىتىۋەتتى.

— ئاپا! دادام خوتۇن ئالىدىغان بوپتۇ.

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېلىشىم بىلەنلا، قىزىم قۇچىقىمغا يامىشىپ شۇ گەپنى قىلدى. دەماللىققا تاسادىپىيلىق ھېس قىلالمىغاندەك تۇرۇپلا قالدىم.

— قۇرۇق گەپ قىلماق، كىم دېدى بۇ گەپنى سىزگە؟

— چوڭ ئانام شۇنداق دەپ، بېشىمنى سىلاپ بىر مۇنچە يىغلىدى. مېنىڭ دادام يوق بولىدىغان بولدى - ھە ئاپا. دادام ئالغان خوتۇن ئاكامنى ئۇرىدىكەن. بىز ئۇنى ئەكېلىۋالايلى! ماقۇل دەڭ ئوبدان ئاپا!

يۈرىكىم شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. قىزىمغا قارىغىنىمچە زۇۋانسىز تۇرۇپ كەتتىم. يۈرىكىمدە ئانىلىق ھېسسىياتىم شۇنداق تاشقىنلىدىكى، قىزىمنى باغرىمغا باسقىنىمچە تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتتىم. ئوغلۇم مەندىن خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاشۇ ئىشتىن كېيىن مەن ئاچچىقىمدا ئۇنى دادىسىغا تاشلاپ قويۇپ، قىزىمنى ئېلىپ ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنىدىم. ئۇنى كۆرگۈم كەلسىمۇ چىداپ تۇرۇپ كۆرگىلى بارمىدىم. ئاجرىشىدىغان چاغدا دادىسىغا بۇيرۇلغان ئوغلۇمغا چىدىماي باغرىمغا بېسىپ يۇم - يۇم يىغلىدىم. ئەمما ئۇ كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپلا تۇردى. كىچىك چاغلىرىدا بىر يەرگە ماڭسام «ئاپا!» دەپ يىغلاپ ئەگىشىپ تۇرىدىغان ئوغلۇم مىتتىدە يىغلاپمۇ تاشلىمىدى ۋە كەينىمدىن ئەگىشىپمۇ قويمىدى.

كېيىن مەكتىپىگە ئىزدەپ بېرىشىدىم، نېمىشقىدۇر ئالدىمدىن قېچىپ كەتتى. يۈرىكىم مۇزلىغاندەك بولدى. ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزئارا مېھىر ــ مۇھەببەتنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئوغلۇمغا بىر مەزگىل قارىمىغىنىم بەدىلىگە ئۇنىڭ مېھىر ــ مۇھەببىتىدىن، «ئاپا!» دەپ تاتلىق چاقىرىشىدىن ئايرىلىپ قالغىنىمنى ھەر بىر ئويلىسام تومۇر ــ تومۇرلىرىم مۇزلايدۇ، نەچچە كۈنگىچە كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايدۇ.

ــ ماقۇل قىزىم، ئەتە سىزنى ئاكىڭىزنىڭ قېشىغا ئاپىراي، ئۇنى بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى دەڭ، ئۇنى بىز ئەكېلىۋالايلى، ئۈچىمىز ئايرىلماي بىللە تۇرايلى. ئۇ چوڭ بولغاندا بىزنى باقىدۇ، قوغدايدۇ، ئۇ يېنىمىزدا بولسا بىز ھېچنېمىدىن قورقمايمىز.

قىزىم ئاللىبۇرۇن باغرىمغا يېپىشىپ ئۇخلاپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرۇپ يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدىم. ئانام چاقىرغاندىلا كۆز يېشىمنى سۈرتۈپ ئېسىمگە كەلدىم.

* * *

ئۇنىڭ توي كۈنىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەردار بولغانىدىم. خىزمەتداشلىرىمنىڭ مېنىڭ ئاگلاپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ پەس ئاۋازدا كۇسۇلدىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرىمەن. بۈگۈن قەستەن كۆپرەك ئىش پىلانلىدىم. ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، تەكشۈرىدىغان تاپشۇرۇقلارنى ئالدىمغا يايدىم، كېيىنكى ھەپتىسىگە دەرس تەييارلىدىم.

ــ يۈرۈڭ، بىللە قايتايلى!

www.uyghurkitap.com

مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىنلا، ئۆزۈم-
نىڭ «قارا كۆز» گۈلنار بىلەن بىللە قالغىنىمنى سېزدىم. ھەد-
دىدىن زىيادە ياسانچۇق بۇ ئايالنى ئانچە ياقتۇرمىغىنىمغا قارىماي،
ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرمىدىم، كۆڭلۈم ئادەم خالاپ قالغانىدى.
ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغىنىمچە ۋېلىسىپىتنى يېتىلىدىم.

— زۇمرەت، ئېرىڭىزنىڭ كىم بىلەن توي قىلغانلىقىنى
بىلەمسىز؟ — ئۇنىڭ بۇ سوئالى تولىمۇ ئادەتتىكىچە ھەم كۆلكى-
لىك تۇيۇلدى. مەن بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ بۇگۈنىنىڭ ئۆزىدىلا ئا-
جايىپ سالماق، تەمكىن بولۇپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

— ياق بىلمەيمەن، بىلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— بىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما بىلىپ قويسىڭىز
زىيىنى يوق. ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم بولىدۇ، ئۆزى قەۋەتلا
چىرايلىق، شوخ نەرسە. ئاڭلىسام ئانچە كۆپ تويلۇق ئالدۇرمايلا
تېگىپتۇدەك. ھازىر قىزلار ئەقىللىق بولۇپ كەتتى، تەييار تۇ-
تۇقلۇق ئۆيى بار ئەرلەرنى قولدىن بەرمەيدۇ، قاراڭ، بۇ جاھان-
نىڭ ئىشلىرىنى، ئېرىڭىز خېلى بىلىملىك زىيالىي تۇرۇپ ئۇياقتىن
ئاجرىشىپ، بۇياقتىن سىزگە كۆز - كۆز قىلغاندەك خوتۇن ئې-
لىشلىرىنى، ئەسلى سىز ئاۋۋال توي قىلىۋالسىڭىز ياخشى
بولاتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىختىيارسىز كۈل-
كەمنى قىستىدى، — مەن ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىشنى پەقەت ئوي-
لىماپتىمەن. بەسلەشسەكمۇ ئۇنى يېڭەلمەيمەنغۇ دەيمەن.

— راست دەيسىز، توي دېگەن ئويۇن ئەمەسقۇ بەسلەش-
كىلى. مەنمۇ تۇنجى ئېرىمدىن ئاجرىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ
كۆزىگە كۆرسىتىمەن دەپ ئىككىنچىسى بىلەن تازا ھەشەمەتلىك
توي قىلدىم. ھەي قويۇڭ، ئايال كىشى قانداقلا بولمىسۇن كۆ-

زىنى يۇمۇپلا تۇنجىسى بىلەن ئەپ ئۆتكىنى ياخشى ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئاجرىشىپ كەتتىم، ئەمدى توي قىلىش ھەم ئاجرىشىشلاردىن قورقماس بولۇپ كەتتىم. ئەرلەر بىلەن تولا ئارىلىشىپ ئەرلەرگىمۇ ئىشەنمەس بولۇپ قالدىم. چىرايلىق خوتۇن-باللىرى بار ئەرلەرنىڭ كەچلىرى قانداق يەرلەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى سىز بىلمەيسىز. بەزىدە ئاشۇنداقلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ. بۇ دۇنيادا ئەرلەر ئەڭ شەخسىيەتچى كېلەمدىكىن دەيمەن، بولۇپمۇ ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆز نەپسىدىن غالىب كېلەلمەيدىكەن. سىزنىڭ ئائىلىڭىزنى مىسالغا ئالايلى، ئېرىڭىز بىلىملىك، ئۆز ئىززەت-نەپسىگە ھۆرمەت قىلىدىغان ئەر. سىز شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئاياللار كېسىلى بىلەن داۋالاندىڭىز، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەرقانداق ئەر ئاشۇنداق قاملاشمىغان ئىشنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىز بۇ ئىشنى داۋراڭ سېلىپ يېيىۋەتمىگەن بولسىڭىز...

— بولدى قىلىڭ! — ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىغۇم كەلمەي گېپىنى بۆلىۋەتتىم. بىر خىل ئاچچىق تۇيغۇ پۈتۈن بەدىنىمگە تاراپ كەتكەندەك بولدۇم. بىردىنلا كاللامنىڭ قۇرۇقدىلىپ مېڭەمدە ھېچقانداق ھېس-تۇيغۇ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— قاراڭ، ئۇلار توي كۆچۈرۈپ مېڭىپتۇ.

قېرىشقاندەك چوڭ يول ئۈستىدىلا ئۇلار توي كۆچۈرۈپ ماڭغان ماشىنا سېپى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغانىدۇق. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا مۇنداقلا قاراپ سالدىم. دەماللىققا كۆزۈمگە چېلىققىنى ئاق بادام دوپپا، مەيدىسىدىكى قىزىلگۈل، ئۇنىڭ يېنىدا ئاپئاق توي كۆڭلىكى كىيگەن قىز... ماشىنا يېنىمىزدىن بەكلا

www.uyghurkitap.com

ئاستا ئۆتتى. ئۇنىڭ مېنى كۆرمىگىنى ئېنىق. يېنىدا يېڭى خو-
تۇنى تۇرغان يەردە كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەس. ئۇنىڭدىن مەن
تويۇم بولغاندا توي كۆڭلىكىمۇ كىيىمگەنىدىم. ئۇ چاغلاردا توي
كۆڭلىكى كىيىش ئانچە ئومۇملاشمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك-
لىكىمدىن بولسا كېرەك، چىرايلىقراق ياسىنىشمۇ ئېسىمگە كەلمەپ-
تىكەن. ھازىر قىزلار توي ئۆچۈن ئالايىتەن توي كىيىمى بۇيرۇ-
تىدىكەن، مەخسۇس گىرىمچىلىك تەكلىپ قىلىپ بەك چىرايلىق
بولۇپ كېتىدىكەن. ئاپئاق كۆڭلەك شۇنداق يارىشىدىكەنكى،
قىزلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ گۈزەل، چىرايلىق بولغان كۈن توي
كۈنى دېسە لاپ گەپ بولماس دەيمەن. مەن تويلارغا بارسام،
تويى بولغان قىزلارنىڭ گۈزەللىكىگە مەستلىكىم كەلسىمۇ، ئىختى-
يارسىز ھالدا قىزنىڭ كۈلكىدىن نۇرلانغان چېھرىدىن يەنە
قانداقتۇر ھەسرەت بۇلۇتلىرىنى كۆرگەندەك بولىمەن. ئاق رەڭگە
بولغان خاتا تۇيغۇنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئاق كۆڭلەك
ئىچىدىكى قىز ماڭا نېمىسىنىدۇر يوقىتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندەك،
بالىلىق، ياشلىق چۈشلىرى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىۋاتقاندەك
تۇيۇلىدۇ.

ماشىنا سېپى داقا - دۇمباق چېلىپ، ئاستا ئۇزاپ كېتىۋا-
تاتتى. شۇ مىنۇتتا يۈرىكىمدە شۇنداق چۈشىنىكسىز تۇيغۇلار بار
ئىدىكى، ئۆزۈمنىڭ يول بويىدا ۋېلىسىپىتنى تۇتۇپ تۇرغىنىم ھەر
ھالدا ئېسىمدە ئىدى. گۈلنار بىلەن خوشلىشىپ مېڭىۋىدىم، ئۇ
ۋېلىسىپىتنىڭ رولىنى تۇتۇۋالدى.

— توختاپ تۇرۇڭ! مەن بۈگۈن سىزنى بىر يەرگە ئاپى-
رىمەن. قورقۇپ كەتمەڭ يەنە، پەقەت رېستورانغا كىرىپ تاماق
يەپ، مۇزىكا ئاڭلاپ چىقىمىز.

— ياق، مەن بارمايمەن، ئۆيگە قايتمىسام بولمايدۇ.

ـــ مۇشۇ ھالەتتە ئۆيگە قايتسىڭىزمۇ ئۆيىڭىزنىڭ تۆت تې-
مىغا يەم بولىسىز. ئەڭ ياخشىسى سىز بۇگۈن مۇزىكا ئاڭلاپ،
كـۆڭـۈل ئېچىپ ئۆتكۈزۈڭ. ئىككى بالىڭىزنىڭ دادىسى بولمىش
ئېـرىڭىز سىزگە كۆز - كۆز قىلىپ خوتۇن ئېلىپ يۈرسە، سىز
بىرەر قېتىم رېستورانغا كىرىپ ئويناپ چىقسىڭىز نېمە بوپتۇ. يۈ-
رۈڭ، ۋاي يۈرۈڭە!

مەن ئۇن - تىنسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. كاللام قۇپقۇرۇق
ئىدى. مۇشۇ تۇرقۇمدا كىم مېنى نەگە باشلىسا مېڭىشىم مۇمكىن
ئىدى.

ـــ قېنى قىزلار، مەرھەمەت!

رېستوران ئالدىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان دوغىلاق يىگىتنى
گۈلنار «يىگىتىم» دەپ تونۇشتۇردى. «كارۋان رېستورانى»
دېگەن ۋىۋىسكىدىن ئەيمەنگەندەك تۇرۇپ قالدىم. توساتتىن بۇ
ياسانچۇق ئايال بىلەن بىرگە تۇرۇشنى بىئەپ ھېس قىلىپ قال-
دىم. ئەمما قايتىپ كېتىشنى ئويلاپ بولغۇچە ئۆزۈمنى رەڭگارەڭ
نۇرلار ئارىسىدا كۆردۈم.

بىر جوزىدا ئولتۇرغانلار مەن ئۇچۇن ناتونۇش مېھمانلار
ئىدى. ئەزەلدىن تارتىنچاقلىقىم بۇ سورۇندا يەنە ئۆزىنى كۆر-
سەتتى. ئۆزۈمنى بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك، يات ھەم
تار بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك سەزدىم.

ـــ ئېلىڭ، تارتىنماڭ!

گۈلنار يېنىمدىلا ئولتۇراتتى. باشقىلار تاماق يېگەچ ئاللى-
قانداق پاراڭلارغا چۈشكەنىدى. مەن مۇزىكا ئاڭلىغاچ ئەتراپىمغا
قاراۋېتىپ نېرۋىلىرىمنىڭ بارا - بارا بوششۇاتقانلىقىنى سەزدىم.
رېـستوران ئىچى ھەقىقەتەن باشقىچە بىر دۇنيا ئىدى. بۇ يەردە
ھـەممە نەرسە ـــ مۇزىكا، تاماق، ئەر - ئايال، مۇڭ - ھەسرەت،

قىزغىنلىق ، سەۋدايىلىق ... ھەممىسى بار ئىدى . كىشىلەر بۇ يەردە تاشقى دۇنيانى ھەتتا ئائىلىسىنىمۇ ئۇنتۇپ ئوينايتتى . ئىچكەنلەر ، مۇزىكا دۇنياسىغا غەرق بولاتتى . رەڭگارەڭ چىراغ ئاستىدا ساراڭلاردەك چۆرگىلەيتتى ، سەكرەيتتى ، پۇخادىن چىقاتتى .

سورۇندىكىلەر خېلىلا قىزىپ قالغانىدى . ھەممىدىن بەك رەك گۈلنارنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ باشقىچە خۇشخۇيلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ باياتىن بېرى ئەرلەرنىڭ ماڭا تەڭلىگەن رومكىلىرىنى ماڭا ۋاكالىتەن ئىچىۋەتتى . ئەگەر ئۇنداق بولماي بەكرەك زورلاشقىنىدا ئىدى ، ئاللىبۇرۇن گۈلنارنىڭمۇ يۈزىنى ئاۋايلىمايلا ، سورۇندىن چىقىپ كەتكەن بولار ئىدىم . ئاياللارنىڭ ھاراق ئىچىشىنى ياقتۇرمايتتىم . ئۇلار جورىغا ھاراق بوتۇلكىسىنى تىكلىگەندىلا بۇ يەرگە كىرگىنىمگە پۇشايمان قىلىشقا باشلىغانىدىم . ئۆزۈمنى ئىلاج بار مۇزىكا ـ ئۇسسۇللاردىن ھوزۇرلىنىۋاتىمەن دېگەن تۇيغۇ بىلەن پەپىلەۋاتقىنىمغا قارىماي ، ئىچ ـ ئىچىمدىن بىر خىل تىترەك چىقاتتى . ئۆزۈمنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا بىر توپ ھاراقكەشلەرگە ھەمراھ بولۇۋاتقان « كۈتكۈچى » بولۇپ قالغاندەك خورلۇق ھېس قىلاتتىم . رېستوراندا ئاياللارمۇ خېلى كۆپ ئىدى . ئۇلار شۇنچە ئەركىن ، خۇشخۇي ئىدى . پەقەت مەنىلا بۇ رەڭگارەڭ دۇنيادىن لەززەتلىنىشنى بىلمەيۋاتسام كېرەك .

ــ بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم ، مۇشۇ بىر رومكىنى ئىچىۋېتىڭە !

باياتىن بېرى ، مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي ، تولا ھاراقنى زورلاپ بىزار قىلىۋەتكەن ، يۈزلىرى قىپقىزىل ، كۆزلىرى سېمىزلىكتىن يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇ ئەرنىڭ قوللىرى ئالدىمغا ھەتتا ئاغزىمغىچە سوزۇلۇپ كەلدى . گۈلنارنى « يىگىتى » ئاللىبۇرۇن تانسىغا تارتىپ كەتكەنىدى . ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقىدىن ئۇ-

نىڭسىزمۇ كۆڭلۈم ئېيىنىپ تۇراتتى. چاققانلىق بىلەن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ قولىنى بوشلا ئىتتىرىۋەتتىم.

— كەچۈرۈڭ، مەن ئىچەلمەيمەن.

— ئەمىسە تانسا ئوينايلى!

دۇنيادا شۇنداق بىزەڭ ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. ئىلاجسىز ئورنۇمدىن تۇردۇم. تانسىنى خېلى ياخشى ئويناييتتىم، ئەمما چۆرگىلەپ، شوخ ئوينايدىغان بۇ مۇزىكىنى مۇشۇ كالانپاي ئادەم بىلەن تۆگەتمىكىم تولىمۇ تەسكە چۈشىدىغاندەك قىلاتتى. بىردىنلا كاللامدا رېستوراندا تونۇش بىرەرسىمۇ بارمىدۇ؟ مېنى كۆرۈپ نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ دېگەن خىيال كېلىشى بىلەنلا پۇت - قولۇم تېخىمۇ تىترەپ، مېڭەم ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۆزۈمنى شۇنچە تارتىپ ئويناۋاتقىنىمغا قارىماي، قوپال چۆرگىلەشتىن بېشىم قېيىپ ئۇ ئەرگە سەل يۆلىنىپ قالغان بولسام كېرەك، ئۇنىڭ قوللىرى سەل ھەددىدىن ئېشىپ بېلىمنى چىڭراق قورۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان هاراق پۇرىقى، پۇشۇلداپ تىنىشلىرى كۆڭلۈمنى شۇنداق ئايىنىتتىكى، ئۇنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قىلىقى قوشۇلۇپ بىردىنلا قاتتىق ھۆ تۇتتى. ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇنۇپ چىقىپلا ھېچنېمىگە قارىماي، سىرتقا چىقىپ كەتتىم.

ئاسماننى ئاللىبۇرۇن يۇلتۇزلار قاپلاپ كەتكەنىدى. رېستوران ئىشىكى ئالدىدىكى كۆچلۈك چىراغ يورۇقىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ دەرھال چەتكە ئۆتتۈم، تېخىچە كۆڭلۈم ئايىنىپ تۇراتتى. بىردىنلا ئىچ - ئىچىمدىن يىغا قاپسىدى. يول بويىدىكى چىنارغا يۆلەنگىنىمچە يىغلاپ تاشلىدىم. بۈگۈن قانداق كۈن بولغىيتتى؟ نېمىشقا ئېزىپ - تېزىپ ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان ئادەملەر توپىغا قېتىلىپ قالدىمكىن؟...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

— زۇمرەت ! زۇمرەتمۇ سىز ؟ نېمە ئۈچۈن قىلىۋاتىسىز بۇ يەردە ؟

ناتونۇش ئاۋاز ، ناتونۇش ئەردىن چۆچۈپ كەينىمگە ئالىجىدىم ، ئۆكسۈشلىرىم تېخى بېسىلمىدى .

— يىغلاۋاتامسىز ؟

يەنە شۇ ناتونۇش ئاۋاز . بىردىنلا كۆڭلۈمگە قورقۇنچ چۈشتى . بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدىن دەرھال قېچىپ كېتىشنى ئويلىدىم . ئەمما قورقۇنچ بىلەن تەڭ پۈت - قولۇمدا جان قالمىغانىدى .

— زۇمرەت ، مېنى قاراڭغۇدا ئېنىق كۆرەلمىدىڭىز ھەرقاچان . مەن ئەسقەر . ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا سىز بىلەن ئۇرۇشقان ھېلىقى جېدەلخور ئەسقەر .

كۆز ئالدىمدىكى بەستلىك گەۋدىنى راستتىنلا تونۇدۇم . يۈرىكىم بىر ئاز ئورنىغا چۈشتىيۇ ، بىردىنلا يەنە ئۇنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كەتكۈم كەلدى . بۈگۈنكى بۇ ھالەتتە ھەر قانداق تونۇش - بىلىشنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشنى خالىمايتتىم . مەن كۆز يېشىمنى سۈرتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ ئۈنسىز قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم .

— ئاغىنىلەر بىلەن رېستوراندا ئولتۇرغاندۇق . سىز كىرگەن چاغدا كۆرگەن ، قارىسام سىز ... سىزنى قانداق بولۇپ شۇنداق خەقلەر بىلەن كىرىپ قالغاندۇ دەپ ئويلىدىم . سىز بىر نەرسىدىن خاپا بولغاندەك چىقىپ كەتتىڭىز . شۇڭا مەن كەينىڭىزدىن چىقتىم .

مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق بولغانىدى . ئۇن يىلغا يېقىن ۋاقىت كۆرۈشمىگەن بۇ ساۋاقدىشىم بىلەن بۇنداق ھالەتتە كۆرۈشۈپ قېلىشىمنى پەقەت ئويلىمىغانىدىم .

— ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويايمۇ ؟

بېشىمنى لىڭشىتتىم ، ۋېلىسىپىتىمنى گۈلنار بىر تونۇشى-نىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويغانىدى . ئۇنى ساقلىغۇمۇ يوق ئىدى .
كېچىنىڭ ئادەمگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان ئاچچىق سوغۇقى بار ئىدى . كۈچلۈك شامال يوپۇرماقلارغا رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرۇلۇپ ، ئۇلارنى بەرگىلىرىدىن ئۈزۈپ پىرقىرىتىپ يەرگە تاشلايتتى . غازاڭلارنىڭ ناله - پەريادىدىن ھاسىل بولغان شاۋ-قۇن ئەتراپنى قاپلىغانىدى . جىمىرلاپ چاقناۋاتقان يۇلتۇزلار ئا-رىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان ئاي مەيۈس ، غۇۋا كۆرۈنەتتى . ئاينىڭ يۈزىدىكى قارا داغلار ئۇنىڭ ھۆسنىگە تەسىر يەتكۈزگەنىدى ، ئۇ-نىڭ ئاشۇ كىچىككىنە ۋۇجۇدىدىن تەلپۈنۈش ، ئۇتلۇق ئاھ ، كى-شىنىڭ يۈرەك باغرىنى تىترىتىدىغان مۇڭ - ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى .
ئەسقەرنىڭ ئايغىدىن قاتتىق ئاۋاز چىقاتتى . ئۇنىڭدىن ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان ئەركەكلەرگە خاس يات پۇراق كېلەتتى . بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم يات بىر ئەركەك بىلەن قاراڭغۇدا يالغۇز مېڭىشىم بولغىنىغا قارىماي ، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ يې-نىدا شۇ قەدەر بىخەتەر سېزەتتىم . ئۇ مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆزۈم تولىمۇ ياقتۇرىدىغان ساۋاقدىشىم بولغىنى ئۈچۈن شۇنداقتۇر بەلكىم .
— سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن بۇرۇنلا خەۋەر تاپقانىدىم . سىزنى بىر قانچە قېتىم يولدا ئۇچراتتىم ، بۇرۇنقىدەكلا قارىماي ئۆتۈپ كەتتىڭىز . ھەي ، ئىسىت دەيمەن ، سىز ئۆز ۋاقتىدا دا-شۆگە ئىمتىھان بەرگەن بولسىڭىز گەپ يوق ئۆتۈپ ، ئەڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپكە بارالايتتىڭىز . ئۇ چاغدا سىز ئەكرەم مۇئەللىمگە تېگىمەن دەپلا ...
ئۇنىڭ قوپاللىقى يەنىلا ئۆزگەرمىگەنىدى . ئۇ ئەينى چاغدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قولىنى شىلتىپ مېنى تازا تىللىغانىدى .

— سىز ئەقلىڭىزدىن ئېزىپسىز ، ساراڭ بولۇپسىز ، ئەرگە تېگىمەن دەپمۇ مەكتەپتىن چىقىۋالغان بارمۇ ؟ سىزنىڭ ئەقىللىقلىقىڭىز نەگە كەتتى ؟ بۈگۈندىن باشلاپ سىزدەك ساۋاقدىشىم يوق .

ئۇنىڭ قوپال سۆزىدىن مەن نەچچە كۈنگىچە بېشىمنى يوتقانغا پۈركەپ يىغلىغانىدىم .

شۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋر ئاجايىپ گۈزەل ، بىغۇبار چاغلار ئىكەنىدۇق . ئەسقەر شۇ چاغلاردىمۇ سىنىپ بويىچە ھەممىدىن ئېگىز ، ئاچچىقى يامان ھەم تۈرگۈن ئىدى . ئۇ سىنىپ باشلىقى بولغاچقىمۇ ھەممە باللار تەپ تارتاتتى . ئۇنىڭ قىزىق قىلىقلىرى بار ئىدى . سىنىپتىكى قىزلارنىڭ باشقا سىنىپتىكى ئوغۇللار بىلەن ئارىلىششىنى قاتتىق چەكلەيتتى . ئۇنىڭ بۇنداق ئوغۇل بالىچىلىقى ماڭا ياقاتتى . سىنىپتىكى ئوغۇل - قىزلار ئاجايىپ ئىناق ئىدۇق . ھېيت - بايراملاردا توپ - توپ بولۇشۇپ نەلەرگە ئويۇنغىلى چىقاتتۇق . ئوغۇل - قىزلار جۈپ - جۈپ بولۇشۇپ ۋېلىسىپىتلەرگە مىنگەشكىنىدە ئەسقەرنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينى تەبىئىي ھالدا ماڭا قالاتتى . دەسلەپكى يىللار قىزىقىش ، قىزغىنىش ، ئويۇن - كۈلكە ، نازۇك - سىرلىق خىياللار بىلەن ئۆتۈپ كەتتى . ئۈچىنچى يىلى يېگىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن بىر مۇئەللىم بىزگە ئەدەبىيات دەرسى ئۆتتى . كۆزلىرى قاپقارا ھەم چوڭ كەلگەن بۇ ياش مۇئەللىمنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق قاراشلىرى ، ئۈرغۇلىرى دانە - دانە ، تولىمۇ سالماق ھەم جاراڭلىق ئاۋازى بار ئىدى ( ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئېقى يوغان ئىكەنلىكىنى ئۇ چاغلاردا سەزمىگەنىكەنمەن ) . مەن مۇئەللىمگە ئىختىيارسىز ئامراق بولۇپ قالدىم . مۇئەللىممۇ ماڭا باشقىچە ئامراقلىق قىلىۋاتـ

قاندەك ، دەرس سۆزلىگەندە كۆزىنى پەقەت ماڭىلا تىكىپ سۆز-
لەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى، چىرايى،
قول ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك ئېنىق ئېسىمدە قالاتتىكى، بۇنىڭغا
ئۆزۈممۇ ھەيران ئىدىم. بىزنىڭ ئاجايىپ پاك ئۇستاز ـ شاگىرت-
لىق مۇناسىۋىتىمىز ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. مۇئەللىمنىڭ بىر
كۈنى ياتىقىغا چاقىرىپ ئاستا يېنىمغا كېلىپ، قولۇمنى تۇتۇپ
يۈرىكىگە تاڭغىنى، ئاندىن لەۋلىرىمگە، يۈزلىرىمگە، چاچلىرىمغا
سۆيۈپ تۇرۇپ «سىز بەك چىرايلىق ئىكەنسىز، مەن سىزنى
ياخشى كۆرۈپ قالدىم» دەپ پىچىرلاشلىرى مېنىڭ بارلىق ھېس-
تۇيغۇلىرىمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، باشقىچە يېڭى، گۈزەل
بىر دۇنياغا باشلاپ كىردى. شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ ھېسسى-
ياتىم ھەم خىياللىرىمدا بىردىنلا ئۆزگىرىش بولدى. مۇئەللىمگە
بولغان بۇرۇنقى شاگىرتلارچە ئامراقلىق، ھۆرمەت ئورنىنى ئا-
شىقلارچە ياخشى كۆرۈش ئىگىلىدى.

ــ تويىنى تېزرەك قىلىۋېتەيلى! سىزنى شۇنداق ياخشى
كۆرگەنلىكىمدىن دائىم يېنىمدىن ئايرىلماي تۇرسىكەن دەيمەن.
ئۆيدىكىلىرىڭىزگە ئەلچى كىرگۈزەي، ماقۇلمۇ؟

ــ مەن... مەن ئوقۇۋاتقان تۇرسام، ئۇنىڭ
ئۈستىگە...

ــ بولدى، ئوقۇمايلا قويۇڭ. بىزنىڭ تويىمىز ئالدىدا
ھەممە نەرسە بىر تىيىن. سىز ئوقۇمايمەن دەپ تۇرۇۋالسىڭىزلا،
ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنى ھەرگىز زورلىمايدۇ. سىزنىڭ توي قىلغۇ-
ڭىز يوقمۇ؟ مېنى ياخشى كۆرمەمسىز ـ يا؟ ئوقۇشقا بېرىپ كادىر
بولغۇڭىز بارمىدى ـ يا؟ خاتىرجەم بولۇڭ ئومىقىم، تويىدىن كې-
يىن مەن سىزنى ئۆزۈم ئوقۇتۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىمەن.
گېپىم گەپ، ئەمدىغۇ رازى بولغانسىز؟!

ئۇنىڭ سۆزلىرى مەن ئۈچۈن مۇقەددەس ئىدى . مەن ئۇ- نىڭ پىكرى بويىچە ئارتۇقچە ئويلىنىپ تۇرمايلا ، ئوقۇشنى پۈتتۈ- رۈشكە ئىككى ئاي قالغاندا ئۆزلۈكۈمدىن مەكتەپتىن چىقىۋالدىم . ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاچچىقلىنىشلىرى ، سىنىپ مۇدىرى خانىمنىڭ بىر مۇنچە چۈشەندۈرۈشى ، تەربىيە بېرىپ پايپېتەك بولۇشلىرى بىكار كەتتى .

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئىككى ھەپتە قالغاندا تويۇم بولدى . توي كۈنى قىز ساۋاقداشلىرىم بىرەر سائەتچە ھەمراھ بو- لۇشۇپلا تەكرارغا ئۈلگۈرمىسەك بولمايدۇ دەپ چىقىپ كېتىشتى . مەن پەقەت ئىككى ـ ئۈچ قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا تاكى يۆتكەپ ماڭغۇچە يىشىم قۇرۇمىدى . كېيىن ساۋاقداشلىرىم بىر ـ بىرلەپ ئوقۇشقا كەتتى . سىنىپ بويىچە يىرىمىدىن كۆپرەك ساۋاقداشلى- رىمنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ، ئالىي مەكتەپكە ماڭغىنىنى ئاڭلىغان كۈنۈم يۈرىكىم پىژىلداپ ئېچىشىپ ، ئېرىمگە چاندۇرماي تويتوغرا بىر كېچە ئۈنسىز يىغلاپ چىققانىدىم .

ئەسقەر بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ ئۆزۈمنى گويا سەككىز يىل بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمگە قايتقاندەك ھېس قىلدىم . بىردىنلا تۇرمۇشۇمدا يۈز بەرگەن ئىشلار تولىمۇ غۇۋا ، يىراقتا قالغاندەك ، قاباھەتلىك چۈش ياكى يارىماس خىيالدەك تۇيۇلدى . كۆز ئالدىمغا ساۋاقداشلىرىم بىر ـ بىرلەپ كەلدى . ئۇلارنىڭ خا- تىرەمدىكى ئوبرازى ئاجايىپ جۇشقۇن ھەم يېقىملىق ئىدى . ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرىدە ، ئويۇنلىرىدا ، شوخلۇقلىرىدا سەبىيلىك ، جۇشقۇنلۇق ، تەبىئىيلىك بار ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كەلگۈ- سىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن ياناتتى . ئۇلارنىڭ ئوماق يۈزلىرىدە ھەرقاچان دېرىزىگە قويۇلغان گۈل تەشتەكلىرىدىن يانغان يېشىل نۇر جىلۋە قىلاتتى .

— ساۋاقداشلار بىر يەرگە كەلسەكلا ، سىزنىڭ گېپى‐ڭىزنى قىلىشىپ قالىمىز . سىزنىڭ توينىڭىز بولغاندا مەن قەستەن ئوغۇللارنى بارغىلى قويمىغانىدىم . تازا ئەسكىكەنمەنغۇ شۇ چاغدا. ساۋاقداشلار شۇلارنى ئۇنتۇماپتۇ . شۇ ئىش ئۈچۈن مېنى پات ـ پات ئەسلەپ كېتىشىدۇ ، خالىسىڭىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇڭ .

— مەنمۇ ساۋاقداشلىرىمنى سېغىنىدىم .

— مەن سىزگە ئېيتسام ، ئالىي مەكتەپ ھاياتىمۇ ئاشۇ تولۇق ئوتتۇرىدىكى ھاياتقا يەتمەيدۇ . ئۇ چاغدىكى خىياللىرىمىز ، ئارزۇلىرىمىز شۇ قەدەر گۈزەل ، پاك ئىدى . ئالدىمىزدا ھامان داغدام يول باردەك ھېس قىلاتتۇق . شۇنىڭغا ئوتتەك قىزىق ھە‐ۋەس بىلەن تەلپۈنەتتۇق . ھېس ـ تۇيغۇلىرىمىز شۇنچە سىرلىق ، نازۇك ئىدىكى ، ئۇنى بىر ـ بىرىمىزنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتۇق . ئۇ چاغلاردا مەن سىزگە يوشۇرۇن كۆيەتتىم . سىزگە ئاشىقلى‐قىمنى شۇنچە يوشۇرغىنىمغا قارىماي ھەممەيلەن بىلىپ كەتكەن‐تىيۇ ، پەقەت سىزلا ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك تۇرۇۋالاتتىڭىز . سىزگە كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئېيتىشقىمۇ پېتىنالمىغانىدىم .

ئاي بوگۈن ئاجايىپ يۇمىلاق چىققان بولۇپ ، ئۇ يۇلتۇزلار ئارىسىدا سۆيگىنىنى كۈتۈۋاتقان مەلىكىدەك كۆرۈنەتتى . كېچە ئاسمىنى كىشىنى ئىختىيارسىز سېھىرلىك دۇنياغا باشلايتتى . قەل‐بىنى رومانتىك ھېسلارغا تولدۇراتتى . گۈزەل ئەسلىمە قوينىغا ئېتتىرەتتى . مېنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىم گۈزەل ئەسلىمە تەسىرىدە ئاستا ـ ئاستا شامدەك ئېرىشقا باشلىغانىدى .

— مەنمۇ سىزگە ئامراق بولۇپ قالغانىدىم . دائىم سىز بى‐لەنلا دەرس تەكرارلىغۇم كېلەتتى . ئەمما ، بۇ خىيالىمنى سىزنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن بەك قورقاتتىم ، سىزدىن قاتـ

تىق تەپ تارتاتتىم .

— ئىسست ، نېمىشقىمۇ شۇ چاغلاردا بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى بىلمەي يۈرۈشكەن بولغىيتتۇق . كېيىن سىز ئەكرەم مۇئەللىم بىلەن ... ھەي ، بۇنىمۇ مەن ھەممىدىن بۇرۇن سەزگەن ، ئاچچىقىمدا ساراڭ بولايلا دەپ قالغانىدىم . سىز مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا تەكرارمۇ خۇشياقمىدى . شۇ چاغدا ، تاماكىغا ئۆگىنىپ قالغانىدىم . ھازىرغىچە تاشلىيالماي يۈرىمەن . ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەم مەيلى دەپ تەكرار ۋاقىتلىرىنى لاغايلاپ ئۆتكۈزدۈم . ئەمما ، ئىمتىھاندا تەلىيىم كەلدى . ھازىر ئويلىسام سىنىپ مۇدىرىمىزغا رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ . مۇئەللىم ئىمتىھاندا ئەتراپىمغا دەرستە ئەلاچى باللارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىكەن . ئىمتىھان مەيدانىدا ئالدىمدىكى پارتىدا پەرھات ، كەينىمدىكى پارتىدا سىزنىڭ دوستىڭىز گۈلزەپەر ئولتۇرغان يەردە ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكتىن غەم يەپ نېمە كەپتۇ ماڭا . كېيىن ئالىي مەكتەپكىمۇ كەتتىم . سىزدىن يوشۇرمايمەن ، ئالىي مەكتەپتە مەن بىر نەچچە قىزلار بىلەن يۈردۈم . مانا ھازىر ئۆيدىكىلەر توي تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ . ئەمما ، ھازىر ئويلىسام ھەر قانچە قىلسامۇ سىزنى ئۇنتۇيالماپتىمەن . سىزنىڭ تۇرمۇشتىكى بەختسىزلىكىڭىزنى ئاڭلاپ ، يۈرىكىمنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېچىشىپ كەتكىنىنى بىلمەيسىز . ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ، يېنىڭىزغا بېرىپ تەسەللى بېرىپ ، دەردىڭىزگە ھەمدەم بولۇشنى ئويلاپ كەتكەنلىرىمچۇ تېخى ! ئەگەر ... ئەگەر سىز گىلا مۇمكىن بولسا ، مەن ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە رازى ، راستلا .

ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى بىردىنلا توختىدى . ماڭا پۈتكۈل ئالەم سۈكۈت ئىچىدە قېتىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى ، چىرايىمدىكى كۈلكە ئۆچتى . يۈزۈمنىڭ لاۋۇلداپ يېنىۋاتقانلىقىنى سەز-

دىم . پۇتلىرىم دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزىدە يېنىۋات-
قان ئاجايىپ كۈچلۈك ھېسسىياتنى كۆرگەندەك بولدۇم . يۈرى-
كىمدىكى نازۇك تۇيغۇلار بىردىنلا بەگۇۋاشلىق بىلەن ئىسيان كۆ-
تۈردى . دەل شۇ مىنۇتتا چوڭ يولدىن بىر ماشىنا غۇيۇلداپ
ئۆتتى . يۈزۈمگە ئاچچىق شامال سانجىلىپ ، مېنى سەگەكلەندەك
بولدى . دەققە ئىچىدە ئېسىمگە كەلدىم .

— سىزگە كۆپ رەھمەت ، مەن ... مېنى قىزىم ئۇخلىماي
ساقلاپ ئولتۇرىدۇ ھەرقاچان ، ئۆيۈمگىمۇ كېلىپ قالدىم ، خوش !

ئاۋازىمنىڭ تىترەپ چىقىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئىتتىكلا
خوشلاشتىم . دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ كەينىمگە قارىدىم ، ئۇ جايىدا
قىمىر قىلماي تۇراتتى ، ماڭا ئۇ گويا مېنى ئۇنىسىز چاقىرىۋاتقاندەك
تۇيۇلۇپ كەتتى ، يۈرىكىمگە تاتلىق بىر سېزىم تارالغاندەك بول-
دى . خىياللىرىم بەگۇۋاشلىق قىلىپ ، ئۇنىڭ ھېسسىياتى بىلەن
ئۇچراشتى . يۈزۈم ، ۋۇجۇدۇم لاپپىدە ئوت ئالدى . بىردىنلا
بەگۇۋاش خىياللىرىمدىن نومۇس ھېس قىلدىم . بېشىمنى بۇراپلا
ئۆيگە كىرىپ كەتتىم . ئۆيگە كىرىپلا ياستۇققا يۈزۈمنى چاپلاپ
ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدىم . ئۇنىڭ گەپلىرىنى بىر - بىرلەپ
ئويلاپ چىقتىم . ئاندىن خىيالىم يەنە ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمگە
ئۇچۇپ كەتتى . شۇنداق تاتلىق خىياللارنى سۈردۈمكى ، كېچىچە
يەنە شۇ ئەسقەرنى چۈشەپ چىقىپتىمەن .

ئەتىسى ئويغانغىنىمدا ، مەن يەنە رېئاللىقتىكى تۇرمۇشۇمغا
قايتقانىدىم . يېنىمدا قىزىم تېخىچە يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتات-
تى . دېرىزىدىن كىرگەن كۈن نۇرى تەسىرىدە ئۆي ئىچىدە ئىل-
لىققىنا ھاۋا ئېقىمى چۆرگىلەشكە باشلىغانىدى . يوتقانغا پۇتۇمنى
تىقىپ قىزغۇچ شولىغا قارىغىنىمچە ھورۇنلۇق بىلەن ئولتۇرۇپ
كەتتىم . ئاخشامقى خىياللىرىمنى ، كېچە كۆرگەن چۈشۈمنى

ئويلاپ كۆلگۈم كەلدى . ئەسقەرنىڭ سىلى كەيپچىلىكتە قىلغان سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدە شامدەك ئېرىپ ، ئۆزىنىڭمۇ قالايمىقان سۆزلەپ سالغىنىمنى دېمەمدىغان ؟ ئادەم كەيپچىلىكتە نېمىلەرنى ئويلىمايدۇ . نېمىلەرنى دېمەيدۇ ــ ھە ؟! ئەمما ، قانداقلا بولىسۇن ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىگە رەھمەت . ئاشۇ سۆزلەر يۈرىكىمدىكى يېتىملاردەك بىــچارىــلىكنى سۈپۈرۈپ تاشلاشقا قادىر بولالىدىغۇ ئاخىر .

*　　*　　*

ۋاقىت كىشىگە ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدىكەن .

ھاياتىمغا ئويلىمىغان يەردىن ئىككىنچى بىر ئەر ــ ئەسقەر بۆسۈپ كىردى . ئۇنىڭ بىلەن « تاسادىپىي » ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشلىرىم بىكار كەتتى . ئۇنىڭ سەممىي ، قىزغىن ھېسسىياتى تەسىرىدە يۈرىكىمدىكى ئۈمىدسىزلىك ، ئاچچىق تۇيغۇلارنىڭ ، ئارتۇقچە خىياللارنىڭ بارا ـ بارا ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم . ئۆزۈمدە ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى رەت قىلغۇدەك جۈرئەتنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم . يۈرىكىمدە يېڭىدىن ئاجايىپ تاتلىق ، بەختىيارلارچە ھېسسىيات پەيدا بولدى . ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە بۆلەكچە يېقىملىق ، گۈزەل ئىدى . توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىمۇ مەن ئۈچۈن جۇشقۇن ، جانلىق مۇزىكا ئىدى .

مۇھەببەت ھەم كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم ياخشىراق ئويلىنىشىمغا توغرا كەلدى . مەندىكى ئالدىراڭغۇلۇق ، قىزلىق ھېسسىيات ئاللىبۇرۇن يوقالغان . ئۇنىڭ ئورنىنى تولىمۇ تەمكىن ، سالماق ھېسسىيات ئىگىلىگەنىدى . بۇ خىل

ھېسسىيات ھامان مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولۇمنى چو-
قۇم قاتتىق ئويلىنىپ بېسىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى .

ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قوشۇل-
مايدىغىنى ئېنىق ئىدى . شۇڭا ، مەن ئۇنىڭغا ئېنىقلا دېدىم .

— ئەگەر ئاتا - ئانىڭىزنىڭ رەسمىي رازىلىقىنى ئالمىسى-
ڭىز ، مەن سىز بىلەن ھەرگىز توي قىلالمايمەن .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، چوڭلارنى چوقۇم قايىل قىلىمەن .
ئۇلار مېنى ئۆيلەشكە كۆزى تۆت بولدى دەڭە ! — ئۇ ماڭا
شۇنداق دەپ ۋەدە بەردى .

* *

توپتوغرا بىر ئايدىن كېيىن ئۇنىڭدىن خۇش خەۋەر ئاڭ-
لىدىم . ئۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن تازا قاتتىق ئېيتىشىپتۇ . ھەتتا ئاش-
لىق ئېلان قىلىپ ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن دەپ قورقىتىپتۇ .
نەتىجىدە ، ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان دادىسى « بوپتۇ ، سەن شۇنچە
ياخشى كۆرگەن بولساڭ ، سېنىڭ رايىڭغا باقايلى . گۈلنى سۆي-
گەن ئادەم تىكىنىنىمۇ سۆيىدۇ ، ناھايىتى بىر بالىكەنغۇ ، كېيىنكى
تۇرمۇشۇڭغا تەسىر يەتمىسىلا بولغىنى » دەپتۇ . بۇ گەپلەرنى
ئاڭلاۋېتىپ نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم بىرقىسىملا بولۇپ قالدى .
چوڭلارنىڭ كۆڭلىمۇ چۈشىنىشلىكقۇ ؟ كىم بىلىدۇ ، ئۇلار ئوغ-
لىدىن قانچىلىك زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ، ئوماق نەۋرىلىرىنى
ئەركىلىتىپ بېقىشنى ئويلىغان بولغىيتتى ؟

توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتىم . يۈرىكىمدە بەختى-
يارلارچە خۇشاللىق بار ئىدى . ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىدە بىر
خىل تەبىئىي گۈزەللىك ھەتتا شاماللاردىمۇ تەبىئىي بىر كۈي بار
ئىدى .

تويىنىڭ ھەممە تەييارلىقلىرى پۈتۈپ ، باغاقلارمۇ تارقىتى-
لىپ بولدى . تويىنىڭ ئەتە بولىدىغىنى ئېنىق بولغىنىغا قارىماي ،

يۈرىكىمدە چۈشىنىكسىز تۇيغۇلارنىڭ پەيدا بولۇۋاتقىنىغا ھەيران-
مەن . ئەسقەرنى ئۇزىتىپ ھويلىغا چىقتىم . ئۇ ئەسلى ئەتە ئۆي
كۆچۈرىدىغانلار قاتارىدا كېلىدۇ . ئۇنىڭ بىلەن ئەتىلا كۆرۈشەلە-
يدىغانلىقىم ئېنىق بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا پەقەت قىيمايۋاتقانلىقىمنى
ھېس قىلدىم . تووۋا ، مەن نېمە بولدۇمكىن ؟ خۇددى كىچىك
قىزلاردەك ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا تارتىنىشىپ كەتكىنىم قىزىق ، گويا ئۇ
كەتسە كەلمەيدىغاندەك .

تۇيۇقسىز ئىشىك تۈۋىدە بوينىنى قىسىپ تۇرغان ئوغلۇمغا
كۆزۈم چۈشتى ، — ئاپا ! — ئوغلۇم يىغلىغىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ
باغرىمغا تاشلاندى . يۈرىكىمدىكى ئانىلىق ھېسسىياتىم بىردىنلا
تاشقىنلىدى . ھەممىنى ئۇنتۇپ ئوغلۇمنى چىڭگىدە باغرىمغا باس-
تىم . ياش يۇقى كۆزلىرىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدۈم . بىردىنلا
ئوغلۇمنى شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بەكلا سېغىنىپ كەتكەنلىكىمنى ،
ئۇنى باغرىمغا بېسىشقا تەشنا بولۇپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم .
ئوغلۇم ئېسەدىگىنىچە سۆزلىدى .

— ئاپا ، مەن ... مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇراي .
دادام ... دادام ئۇ كاڭنى يىقىتىۋەتتىڭ دەپ مېنى ئۇردى . ھېلىقى
ئايال بالا تۇغقانىدى . دادام شۇ بالىسىغا ئامراق . ئۇ ئايال « دادى-
ڭىز سىزنى باقمايدۇ ، ئۇكىڭىزنى باقىدۇ ، ئانىڭىزنىڭ قېشىغا كېتىڭ » دېدى . ئوينايدىغان ماشىنامنى ، قىلىچىمنى ئەمدى ئۇكى-
ڭىز ئوينايدۇ ، دەپ بەرمىدى . مەن ئەمدى ئۇ ئۆيگە ھەرگىز بار-
مايمەن . سىزنىڭ قېشىڭىزدا تۇرىمەن ، ماقۇلمۇ ئاپا ؟
يۈرىكىم پۇچىلىنىپ كەتتى ، ئوغلۇم بىلەن تەڭ تۆكۈلۈپ
يىغلاپ كەتتىم ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم باغرىمغا چىڭ بېسىپ پېشا-
نىسىگە سۆيدۈم .

— ماقۇل ، تاتلىق بالام ، بىز بىللە تۇرىمىز ، بىز ئايرىل-

مايمىز ، دادىڭىز سىزگە قارىمىسا مەن ئۆزۈم باقىمەن .
هويلىدا قانچە ئۇزۇن تۇردۇمكىنتاڭ ، بىردىنلا ئەسقەر ئېسىمگە كەلدى . توغرا ، ئۇنى ئۇزاتقىلى چىقمىغانمىدىم ؟ ئەترا پىمغا قارىدىم ، هويلىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئىش قىلىۋاتقانلار ئارىسىدىن ئۇنى تاپالمىدىم ، ئىتتىكلا دەرۋازا ئالدىغا چىقتىم ، نېرىدىكى قايرىلىدىغان دوقمۇشتىن ئۇنىڭ گەۋدىسىنى غىل ـ پال كۆرگەندەك بولدۇم . « ئەسقەر ! » ئاۋازىمنى پەقەت ئۆزۈملا ئاڭلىدىم ، ئەسقەر دەقىقە ئىچىدە كۆزۈمدىن غايىب بولدى . كۆتۈرۈلگەن قولۇم هاۋادا بىر هازا توختاپ ئاندىن پەسكە چۈشتى .
ــ تـوي كۆڭلىكى كىيىۋىلىڭلا ، بۇگۈن سىزنىڭ خۇشاللىق كۈنىڭىز ، كۈلۈپ ـ ئېچىلىپ ئولتۇرسىڭىزچۇ !
دوستلىرىمنىڭ ، خىزمەتداشلىرىمنىڭ هە ـ هۆسى بىلەن ئاپئاق توي كۆڭلىكىنى كىيدىم .
ــ پاھ ، بـەك چــرايـلىق بولۇپ كەتتىڭىز ، مۇبارەك بولسۇن .
تـەبرىك سۆزلىرىگە بېشىمنى بوشقىنا لىڭشىتىپ ، كۈلۈمسىرەپ جاۋاب قايتۇردۇم . گىرىم قىلىش ئۈچۈن ئەينەكنى قولۇمغا ئېلىپ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىمنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم . كېچىچە ئوغلۇمنى باغرىمغا بېسىپ نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدا ئويلىنىپ كۆز يۇماي چىققىنىم سەۋەبىدىن بولسا كېرەك ، پۈت ـ قولۇمنىڭ بوشىشىۋاتقانلىقىنى سەزدىم . يۈرىكىمدە هېلىدىن ـ هېلىغا پەيدا بولۇۋاتقان ئەنسىز تۈيغۇلار ماڭا نېمىدىندۇر بېشارەت بېرىۋاتقانـدەك تـۇيـۇلـدۇ . ئـاچام يېنىمغا كېلىپ قولىقىمغا پىچىرلىدى .
ــ سائەت تۆتتىن ئاشتى . توي كۆچۈرىدىغانلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدا ؟ ئەسقەرنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ ؟ مېهمان ساق-

لىماق ئاسان بولمىسا.

كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولدى. يامان خىيالدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ بېشىمنى سىلكىپ قويدۇم. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىن بىلمەيمەن، ھويلىدا بىردىنلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئانامنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. نېمە ئىشلىقىنى بىلگىنىمدە يا كۈلۈشۈمنى، يا يىغلىشىمنى بىلمەي تامدەك تۇرۇپ قالدىم. مېھمانلارنى كۈتۈۋېرىشتىن تاقەتسىزلەنگەن تۇغقانلار ئەسقەرنىڭ ئۆيىگە بىرسىنى ئەۋەتىپتۇ. بارغانلار يوغان قۇلۇپ سېلىنغان، تويدىن ئازراقمۇ ئەسەر بولمىغان دەرۋازا ئالدىدىن يېنىپتۇ. قوشنىلىرىدىن سورىسا «بۇ ئۆيدىكىلەر توي بولمايدىغان بولدى، دەپ قوشنا - قولۇم، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ، بۈگۈن ئەتىگەن باشقا ناھىيىگە تۇغقان يوقلاشقا ماڭدى» دېگۈدەكمىش.

ھەممە كۆزلەر ماڭا سوئال بىلەن تىكىلگەندى. مەن كۆزلەردىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ، ئۇچامدىكى ئاق كۆڭلەككە قارىدىم. بىردىنلا بۇ كۆڭلەككە ئۆچلۈكۈم كەلدى. ئاچچىقىمنى كۆڭلەكتىن ئالماقچى بولغاندەك، ئۆيگە كىرىپلا كۆڭلەكنى سىلكىپ - سىلكىپ سېلىپ تاشلىدىم.

* * *

كۆز ئالدىمدا كۆز يەتكۈسىز بىر يول سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇ يولدا خۇشاللىقمۇ، ئازابمۇ، كۈلكىمۇ، يىغىمۇ يوقتەك بىلىنىدۇ. يۈرىكىمدە شۇنداق تۇرغۇن بىر ھېسسىيات باركى، ئۇنىڭدا قىلچىمۇ ئىنتىلىش، تەلپۈنۈش دېگەنلەر تېپىلمايدۇ. مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئانا ئىكەنلىكىمنى، مېنىڭ ھاياتلىقىمنىڭ باللىرىم ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ھەرقاچان ئانىلىق ھېسسىيا-

تىمنىڭ ، ئانىلىق مەجبۇرىيىتىمنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدى-غانلىقىنى ھېس قىلىمەن . بالىلىرىمنى ئۆيلىگىنىمدە ھەرقاچان يۈ-رىكىمدە ئانىلىق ھېسسىياتىم توختاۋسىز شاۋقۇنلايدۇ ، ئەڭ گۈ-زەل ، ئەڭ مۇقەددەس ، ئەڭ پاك بىر مۇھەببەت ھارارىتى يانىدۇ . ئانىلىق مەجبۇرىيىتىمنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىمەن .

بىز ئادەملەر بىر ئۆمۈر شۇنداق ھېسسىيات بىلەن مەجبۇ-رىيەت ئارىسىدا تېڭىرقاپ ياشايمىز . مەجبۇرىيەتنىڭ ئۆزىمۇ يەنىلا ھەممىدىن يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان بىر خىل مۇھەببەت . مەجبۇرىيەتنى ھېس قىلالمىغان كىشىنىڭ يۈرىكىدە ساپ ھېسسى-ياتنىڭ بولۇشى ناتايىن .

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ، ئەسقەرنىڭ توي خەۋىرى كەلدى . مەن پەقەت ئاچچىق كۈلۈپ قويدۇم . توي كۈنۈمدىكى ئاشۇ رەسۋاچىلىقنى ، تويغا كەلگەن مېھمانلار ، ئۇرۇق - تۇغقان ھەم دوستلىرىم ئالدىدا قاتتىق ئىزاغا قالغىنىمنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇيالمايمەن . كىم بىلىدۇ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىز يەنە قايتا ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزدا ئۇ بۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ كېتەر . ئەمما ، ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىگە قارىشىمنىڭ مۇمكىن ئەمەس-لىكى ئېنىق . ئۇنىڭدىن رەنجىشكە ھېچقانداق ئاساسىم يوقلۇقىنى ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئويلىشىمنىڭ ھاجەتى-سىزلىكىنى بىلىمەن . ھەممىسى ئېنىق ، ئۇنىڭ يۈرىكى مېنى سىغدۇرالىغان بىلەن ئۆزى بىلەن ھېچقانداق قانداشلىقى بولمىغان ئىككى بالىنى سىغدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس . ئۇ ئاشۇ كۈنى بەلكىم ئارىسالدى بولغاندۇ ؟ ئوغلۇمنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى كې-يىنكى تۇرمۇش يولىدىكى كۆلەڭگە بولۇپ تۇيۇلغاندۇ ؟ ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان مەجبۇرىيەت ھەم ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدا تې-گىرقىغاندۇ ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارزۇسىنى ،

ئۇزۇن تۇرمۇش مۇساپىسىنى ئويلىغاندۇ؟

تۇرمۇشۇمدا يۈز بەرگەن ئىشلار كۆز ئالدىمدا زەنجىرسى-مان چۆرگىلەشكە باشلىغاندا، كاللامدا سانسىزلىغان سوئاللار بەل-گىسى پەيدا بولىدۇ. بۇلار توختىماي پىرقىراپ مېنى يەنە ئاچچىق ئەسلىمىلەر، تېگى يوق خىياللار قوينىغا ئىتتىرمەكچى بولۇشىدۇ. خىياللار ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مېنىڭ ئۇلارنى بالىلىرىمغا سۆزلەپ بەرگۈم كېلىدۇ. ئەمما ئۇلار كىچىك، ئۇلار چوڭ بولغاندا! چوقۇم كىشىلىك تۇرمۇش، ساداقەت، مېھىر-مۇھەببەت، ۋاپا توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىمەن.

مەن بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ تەبى-ئەتتىن تولىمۇ يىراقتا ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. تەبىئەتنىڭ ئەركە شاماللىرىنىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن توسۇپ تۇرىدىغان ئې-گىز، ھەيۋەتلىك بىنالار؛ ئىس-تۈتەك، توپا-چاڭ بىلەن بۇل-غانغان ھاۋا؛ يول بويىدىكى تەبىئىي يېشىللىقنى يوقىتىپ، بوي-نىنى قىسىشقىنىچە تۇرۇشقان ئاندا-ساندا كۆچەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا رەڭسىز، تاقىر دۇنيا... مۇشۇ رەڭسىز دۇنيا ئادەملەر-نىڭ يۈرىكىدىكى گۈزەل، ساپ تۇيغۇلارنى، مېھىر-مۇھەببەت، ۋاپا-سۆيگۈلەرنى ئاستا-ئاستا ئۇن-تىنسىز يۇتۇپ كېتىۋاتقان بولسا كېرەك. يۈرىكىم تولىمۇ بىچارە، خۇنۇك، مەيۈس بىر روھنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ تەلمۈرگىنىچە يېشىللىق، گۈزەل-لىك ئىزدەيتتى. تەبىئەتتىكى ئەڭ ساپ، پاك تۇيغۇلارنى ئىز-دەيتتى. مېنىڭ يۈرىكىمدىمۇ ئاجايىپ گۈزەل، نۇرلۇق بىر يېشىل ئارمان بار ئىدى. ئۇ تەبىئەتتىكى ئاشۇ روھ بىلەن بىرلىشىپ، يىراق-يىراقلارغا قاراپ سوقاتتى.

# شەبنەم

سەھەر جۇلالىق ، سۈزۈك ، نەمخۇش ئىدى . ئاسمان ئاق ، كۆك ، قىزغۇچ نۇرلارغا چۆمۈلگەن بولۇپ ، ئوچۇق ھاۋادىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى . ياپيېشىل يوپۇرماقلار ، كۆز يېشىدەك شەبنەم تامچىلىرى مەرۋايىتتەك چاقناپ ، پارقىراپ تۇراتتى . مايسىلار بۇ مەرۋايىتلارنىڭ يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك تولىمۇ لەرزان ، نازۇك تەۋرىنەتتى .

تارغىنا توپا يولدا تۇرسۇننىيازخان يېنىك دەسسەپ كېلىۋاتاتتى . توپا سوغۇق ھەم يۇمشاق ئىدى . ئاشۇ تۇرقىدا ئۇ گويا ئاق مانان ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن بىر تال قىزىلگۈلدەك كۆرۈنەتتى .

ئۇ ئېرىقتىن دىككىدە ئاتلاپ ئۆتۈپ مايسىلىققا كەلدى . مايسىلار تەكشى ھەم بۇلۇق ئۆسكەنىدى . ئۇ قىر بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يۈزىنى مايسىغا ياقتى . مايسا ياپراقلىرىنىڭ تاتلىققىنا غىدىقلىشىدىن يەڭگىل كۈلۈمسىرىدى ، شەبنەم ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ – سۆيۈپ يېپىشتى . ئۇنىڭ يۈزىگىلا ئەمەس ، پۈتۈن بەدىنىگە نەملىك تارالغاندەك بولدى . ئۇنىڭ مايسا بىلەن پىچىرلاشقۇسى ، ئويناشقۇسى كېلىپ ، يۈزىنى مايسا ئارىسىغا تېخىمۇ بەكرەك تىقتى . بۇرنىغا قىغ ئارىلاش نەم توپا پۇرىقى گۈپپىدە ئۇرۇلدى .

— تۇرسۇننىيازخان ، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ، ھوي ؟

قىز چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى . تىزلىرىدىكى ، قوللىرىدىكى لاينى يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى . ئىشتىنى پۇچقىقىغىچە تۈرۈلگەن ، قوپال ، لاي پاچاقلارنى ؛ كەتمەن دەستىسىنى چىڭگىدە سىقىمداپ تۇرغان يوغان ، كۈچلۈك بىلەكلەرنى ؛ ئەندىشە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان تۈرگۈن چىرايىنى كۆرۈپ هودۇقۇشىدىن تىلى گەپكە كەلمەي قالدى .

— مەن ... ئوت ئالاي دەپ ...

— شەبنەمدە ئالغان ئوتۇڭنى قويۇۋېتىپ هارام بولمامدۇ ؟

كەتمەن كۈن نۇرىدا پارقىراپ كەتتى . تۇرسۇننىيازخان گويا قانداقتۇر ئۈياتلىق ئىشى ئاشكارا بولۇپ قالغاندەك پوكاندەك ئېسىلىپ يولنى توپا - چاڭغا كۆمۈپ يۈگۈرگىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى .

ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرىكىنى يېرىپ چىقىدىغاندەك دۈكۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى . ئۇ دەرۋازا تۈۋىدە بىر هازا تۇرۇپ ، هاسىرىشىنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن دەرۋازىنى پەم بىلەن ئاچتى . ئىشىك ئىڭىرىغاندەك ئاجىز غىچىلداپ ئۇدى ، ئېغىل تەرەپتىن ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— تۇرسۇننىيازخان ! بۇنداق ئەتىگەندە نەگە بېرىپ كەلدىڭىز ؟

— باغقا چىقتىم .

ئۆيگە كىرگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى . يۈزى تېخىچە قىزىۋاتاتتى . كىچىككىنە يۇملاق ئەينەكنى قولىغا ئالدى . ئەينەكتە ئاۋۋال دۈگىلەك كۆزلىرى كۆرۈندى ، كۆزى كىرپىكسىز ، قوڭۇر ، ئەمما ئاجايىپ يېقىملىق ئىدى . قاش ئورنىدىكى سېرىق تۈكلىرى سۇس پارقىراپ تۇراتتى . ئۇ يۈزىدىكى

چېكىتتەك سەپكۈنلەرگە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى . يۈزى تاكى بۇرۇنلىرىغىچە قىزىرىپ ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ ، بۇ قىزىللىق سەپكۈننى يۇتۇپلا كەتكەنىدى . نېمىگىدۇر تەلمۈرگەندەك سەلگىنە كۆپۈپ چىققان لەۋلەر ئۇماق ، قىزىل ، جۇلالىق ئىدى . ئۇ تۈنجى قېتىم چىرايىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈپ قويدى ، مەڭزىدە كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان چوڭقۇر زىنىخ پەيدا بولدى .

دېمەك ، ئۇ بىر ئايدىن بېرى سەھەردىكى تاتلىق ئۇيقۇسىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ بىكار قىلماپتۇ ـ دە ! ئۇ چوڭ بولۇپ ئەينەككە قاراشنى باشلىغاندىن بېرى ، يۈزىدىكى ئاشۇ كۆرۈمسىز سەپكۈنلەردىن شۇنداق بىزار بولۇپ كەتكەنىدىكى ، قارىغانسېرى بۇ قارا چېكىتلەر كۆپىيىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ ، كۆڭلى يېرىم بولاتتى . « يۈزۈڭنى شەبنەمدە يۇساڭ سەپكۈن يوقايدۇ » دېگەنىدى مەھەللىدىكى مومايلارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا .

— تۇرسۇنىنىيازخان ، چاققان چاي ئىچىڭ قىزىم ! كېۋەزلىككە بارىمىز ، — يەنە ئانىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ ئۇپۇل ـ توپۇل ئەينەكنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيدىن چىقتى .

كۈن نۇرى ئالتۇنبۇرۇن پۈتۈن زېمىننى باغاشلاپ ئۈلگۈرگەنىدى . ھەممە يەردە — دەرەخ ، كېۋەز يوپۇرماقلىرىدا ، ئېرىقتا شىۋىرلاپ ئېقىۋاتقان لاي سۇدا نۇر تاللىرى ئەركىن ئويناشىيتتى . قىزنىڭ بىلىكىدە خېلى چوڭ خالتا بار ئىدى . ئۇ ئانىسىغا ئەگەشكىنىچە خىيال سۈرۈپ كېلەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ يا قىزنىڭ ، يا ئوغۇلنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان تولىمۇ يېقىمسىز ئىسمى توغرۇلۇق ئويلاپ كەتتى . ئۇنىڭ ئىسمى گۈلباھار ياكى گۈلنار بولسىچۇ كاشكى ! ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەتىۋارلىقى ، جېنى ، خۇشاللىقى ئىدى . تۇغقان بالىلىرى تۇرماي ، بالىغا زار بولغان ئاتا ـ ئانا بۇ قىزنى تۇرۇپ قالسۇن

دەپ ئىسمىنى « تۇرسۇن » قويغانلىقىنى، ئاتايىن بىر خورازنى قان قىلىپ « نىياز » قىلدۇرۇپ ، تۇرسۇننىياز خان بولغانلىقىنى قىز تېخى يېقىندىلا بىلدى . يېقىنقى كۈنلەرگىچە چوققىسىدىلا « نىياز » قىلدۇرغان بىر تال كىچىككىنە ئۆرۈم چاچنىڭ بارلىقى ئېسىدە ئىدى . ئۇ بۇ ئىسمىنى ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي ، ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭغا ئۆزلىشىپلا كەتتى . ئۇ تاكى چىڭقى چوشكىچە كېۋەزلىكتە ئاپىسى بىلەن تەڭ كېۋەز ئۈزدى . ئوت ئېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەك ھەم كۆڭۈللۈك ئىدى . مەكتەپتىن قايتقاندا ، ئۇ تەگتۇشلىرى بىلەن تاغىرىنى قولتۇقلاپ نە ـ نەلەردىن ئوت ئەكېلىپ ، ئانىسىنى ، قوي ـ كالىلىرىنى خۇش قىلىۋېتەتتى . مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، ئانىسى ئۇنى ئوت ئالغىلى چىقارمايدىغان بولۇپ كەتتىغۇ تاڭ !

ئۇلار ئارام ئېلىش ئۈچۈن جىگدە ، سۆگەت ، مەجنۇنتاللار بىلەن ئورالغان ئېرىق بويىغا كەلدى . بۇ ئېرىقنىڭ سۈيى سۈزۈك بولغىنىغا قارىماي ، ئۇنىڭدىن ئاچچىققىنا زەي پۇرىقى كېلەتتى . سۇ ئاستىدىكى بېلىقچانلارنىڭ ئەركىن ، شوخ ھەرىكىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . تۇرسۇننىيازخان بېلىقلارغا قارىتىپ كىچىككىنە چالمىنى تاشلىۋىدى ، بېلىقلار تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى . ئۇلار ئاق شور ئۆرلەپ تۇرغان ئېرىق بويىغىلا ئولتۇرۇشتى . ئۇنىڭ چاچلىرىغا سۆگەت چىۋىقلىرى تېگىپ تۇراتتى . ئەتراپتىن زەي پۇرىقىغا قوشۇلۇپ ، جىگدە چېچىكىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كېلەتتى .

ئالما ساتقىلى چىقسام ،
قىزىلىنى تاللايدۇ .
جاھاندا كىشى يوقتەك ،

كۆڭلۇم سىنى خالايدۇ.

بوم ، جاراڭلىق ناخشا ئاۋازى نە ـ نەلەردىن ئۇچۇپ كەلدى. ناخشا قىزنىڭ تومۇرلىرىغا قۇيۇلغاندەك ، تومۇردىكى قانلار شىددەت بىلەن ئۇركەشلەپ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ناخشا ئاۋازى بارا ـ بارا يېقىنلاپ كېلىپ توختىدى. قىز پۇچقىقىغىچە تۇرۇلگەن لاي پاچاقنى كۆردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — بۇ ئاۋاز بوم ئەمما يېقىملىق ئىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، قۇدرەتئاخۇن ، كېلىڭ ، بىللە چاي ئىچەيلى ، — ئانىسى سالامغا جاۋاب قايتۇرۇپ داستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

— بولدى ، رەھمەت !

كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان كەتمەن ، مىس رەڭ مۇسكۇللار كۆزدىن غايىب بولدى. قىزنىڭ يۈرىكىدە ھېلىمۇ بايىقى ناخشا جاراڭلىماقتا ئىدى. ناخشا ئاۋازى شۇ يىگىتكە ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ باراتتى. ئۇ سۆگەت چىۋىقلىرىنىڭ يۈزىگە يېنىك تېگىشىدىن چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى ، چىۋىقلار يەڭگىل ئىرغاڭشىيتتى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا قىزلارنىڭ كاسىسىدا تولغىنىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاچلىرىغا بەكمۇ ھەۋىسى كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ، مەھەللىدىكى چوڭ قىزلارنى دوراپ سۆگەت چىۋىقىدىن چاچ ياساپ سالغۇسى كېلەتتى. بىر كۈنى ئۇ قىزلارغا ئەگىشىپ سۆگەتلىككە كەلدى. يىراقتا بىر توپ ئوغۇللار توپا ـ چاڭ چىقىرىپ چېپىشىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار قىزلارنى يىراقتىن كۆرۈپ ، چىۋىقتىن ياسالغان « ئات » لىرىنى چاپتۇرغىنىچە يېتىپ كەلدى. توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا خېلى چوڭ بىر ئوغۇل بالا بار

ئىدى . ئۇلار ئاجايىپ چاقچاقان ئىدى . قى ـ چۇ كۆتۈرگىنىچە بىردەمدە مايمۇندەك سۆگەتكە ياماشتى . نازۇك ، ئۈزۈمنىڭ چې-ۋىقلارنى ئۇشتۇپ قىزلارغا تاشلاپ بېرىشكە باشلىدى . قىزلار مە-لىكىنىڭ تاجىدەك يۇمىلاق چەمبىرەك ياساپ ئاندىن ئەڭ ئۇزۇن ، ئەڭ ئىنچىكە چىۋىقلارنى چەمبىرەككە ئۆتكۈزۈپ چاچ ياساشقا باشلىدى . تۇرسۇننىيازخاننىڭ قولى ھېچ ئەپلەشمەيۋاتاتتى . چاچ تۆگۈل چەمبىرەكمۇ ياسىيالماي بۇرنىنى سۇرتكىنىچە ئولتۇراتتى . بىردىنلا ھېلىقى چوڭ بالا كەلدى . ئاۋۋال تومراق چىۋىقنى قىز-نىڭ بېشىغا چەنلەپ يۇمىلاق قىلىپ ئەگدى . چىرايلىققىنا چەم-بىرەك بىردەمدە پۈتتى . ئاندىن ئۇنىڭغا تالا ـ تالا « چاچ » لارنى ئۆتكۈزۈپ ، ئاستاغىنا قىزنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويىدى . ئۇ « چاچ » لار شۇنداق نەپىس ، شۇنداق گۈزەل ئىدىكى ، قىزنىڭ كاسىسىدىن ھالقىپ تاپىنىغا تېگەيلا دەپ قالغانىدى . قىز خۇشال ھالدا كۈلۈۋېتىپ بىردىنلا ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى . ئۇ مومىسى ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەردىكىدەك ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى . كىم بىلىدۇ ، قايسىبىر شاھزادە ئۇنى ئېتىنىڭ كەي-نىگە مىنگۈزۈپلا ئېلىپ كېتەمدۇ تېخى . ئۇنىڭ بىردىنلا كۆز ئال-دىدىكى مۇنۇ يوغان باش بالا شاھزادىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى . بىر-دىنلا ئۇنىڭ « ئېتى » نىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالغۇسى كەلدى . ھېلىقى بالا بەخىرامان يەنە بىر توپ باللارنى ئەگەشتۈرۈپ « ئات » چاپتۇرۇپ ئويناپ يۈرەتتى . ئۇ كەچ كىرگۈچە بۇ چىرايلىق « چاچ » نى سىيلىپ يۈردى . ئىختىيارسىز ھالدا چاچ-لىرىنى ئاستا يەلپۈتۈپ قوياتتى . « چاچ » لىرى يەلپۈنسە ئۇنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا تىپچەكلەيتتى . ئۇ بۇ « چاچ » نى تاكى قۇرۇپ كەتكۈچە ئاۋايلاپ سالدى . قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ نەچچە كۈن ساقلىدى . كېيىن ئامالسىز ،

كۆزى قىيمىغان هالدا ئېقىن سۇغا قويۇۋەتتى ...

تۇرسۇننىيازخاننىڭ يۈرىكى تاتلىق ئەسلىمە تەسىرىدىن شۈررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى . چېچىنى ئاستا سىلاپ قويدى . ئۇنىڭ چېچى سېرىق ، جانسىز ، قىسقا ئىدى . قاپقارا ئۇزۇن چېچى بولغان بولسا ، قىرىق تال ئۆرۈۋالسا ، قانداق ياخشى بولار ئىدى ـ هە !

* * *

هاۋا تىنچىق ئىدى . بۇ تىنچىقلىق كۈن نۇرىنىمۇ خىرەلەشتۈرۈۋەتكەنىدى . دەرەخ ياپراقلىرىمۇ جانسىز ، خۇنۇك ، هەرىكەتسىز ئىدى . هەتتا تۇرسۇننىيازخاننىڭ تاپىنىدىن چىققان توپا ـ چاڭمۇ هاۋادا بىر هازا لەيلەپ تۇرۇپ كېتىپ ، يەنە ئۆز جايىغا سىڭىپ كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى . ئۇ تاغارنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل قوناقلىققا كىردى . قوناقلار ئەمدىلا باش چىقارغان بولۇپ ، رەڭلىك پۆپۈكلەر ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ غادىيىپ تۇرۇشاتتى . قوناقنىڭ پىچاق بىسىدەك يوپۇرماقلىرى ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى بوش جىجاپ ئۆتەتتى . قوناقلىقتا يۆگىمەچ ، چۆجگۈن ئوتلار خېلى جىق ئىدى . تۇرسۇننىيازخان ئوت ئورۇشقا باشلىدى ، ئىتتىك ئورغاق ئوتقا تېز ـ تېز ئۇرۇلاتتى ، بىر قولى ئوتنى يىغىپ ـ يىغىپ تاشلايتتى . ئۇ بىردەمدىلا چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتتى ، ئورغىقىنى كۆتۈرگىنىچە قوناقلىقنىڭ سىرتىغا چىقتى . قۇلىقىغا بىردىنلا سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، دىڭگىدە چۆچۈپ ئەتراپقا قارىدى . تېخى بايىلا قۇرۇق تۇرغان ئېرىقتا لىققىدە سۇ ئېقىۋاتاتتى . سۇ نېرىراقتىكى كېۋەزلىككە كىرىۋاتاتتى . ئۇ ئۇستىۋاشلىرىنىڭ توپا بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە

www.uyghurkitap.com

ئالدى ـ دە ، هاپىلا ـ شاپىلا كۆڭلىكىنى ، قىزىل نىلۇپ ياغلىقنى قېقىشتۇردى . ئېرىق بويىغا كېلىپ ، سۇنىڭ لاي بولغىنىغا قارىماي يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇدى . قولىغا سۇ ئېلىپ ئاسمانغا ئېتىپ مارجان چىقىرىپ ئويناشقا باشلىدى . سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا يېقىملىق ئاڭلاندى . بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر تونۇشتەك ، تونۇشلا بىر هېد بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى .

قانداقتۇر بىر ئاهاڭغا ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى . ئاندىن تونۇش بىراۋ گۈس ـ گۈس دەسسىگىنىچە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى . ئۇنىڭ قوللىرى ، خىياللىرى شۇ هامان هەرىكەتتىن توختىدى ، پۈتۈن ۋۇجۇدى لاپپىدە ئوت ئالدى .

— تۇرسۇننىيازخان ! نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ، هوي ! — يەنە شۇ قوپال ، ئەركەكلەرچە ئاۋاز .

— ئوت ئېلىۋاتىمەن .

— هە ... مۇنداق دە ! سەن ئەجەب ئىشچان ئىكەنسەنغۇ ؟ بۇ يەردە ئوت ـ چۆپ راست جىق ئىكەن . مەنمۇ ساڭا ئوت ئېلىشىپ بېرەي بولمىسا .

ئۇ يىگىتنىڭ كۆزىنىڭ چاقناپ ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى كۆردى . يۈرىكى غەلىتە تۈيغۇ تەسىرىدىن تېپچەكلەپ كەتتى . لەۋلەر بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىمىرلىدى .

— مەيلى !

يىگىت كەتمىنىنى قويۇپ ئىككى چامداپلا قىزنىڭ يېنىغا كەلدى . ئېرىق بويىدىكى ئورغاقنى ئېلىپ ، ئېگىز قىر بېشىدىكى ئوت ـ چۆپلەرگە چەبدەسلىك بىلەن ئورغاق سالدى . يىگىت بېشىنى كۆتۈرگەندە چىپىلداپ تەرلەپ كەتكەنىدى . ئۇ بىردەمدىلا بىرمۇنچە ئوت دۆۋىلىۋەتكەنىدى . ئۇ قىزغا ياردەملىشىپ

ئوتنى تاغارغا قاچىلىدى. ئاندىن قىز بايا ئالغان ئوتنى قاچىلاش ئۈچۈن قىزنىڭ «رەھمەت» دېگىنىگە قارىماي، تاغارنى يۈدۈپ قوناقلىق ئىچىگە كىردى، قىز ئالدىدا ئىدى، ئۇنىڭ يۇملاق ساغرىسى قىزىل بەل پۈرمە كۆڭلىكىنى بوش كۆتۈرۈپ تۇراتتى. پۇتلىرى تولغان، يۇمران ئىدى. قىز كەينىگە قايرىلىۋىدى، يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە يېنىۋاتقان ئوتنى كۆرۈپ بەدىنىگە سۇس تىترەك ئولاشتى. يىگىتنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىش ئۈچۈن قول ئۇزاتتى. ئۇنىڭ بىلەكلىرى قاراسلاپ كەتتى. ئۆزىنىڭ قانداقلارچە يىگىتنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇ ئۆزىنى كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ھەتتا لەۋلىرىگىچە تاتلىققىنا كۆيۈۋاتاتتى. بۇ كۆيۈش ئۇنى ئېرىتىپ سىمابقا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭغا بىردىنلا جاھان ئاستىن- ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. قوناقلارنىڭ غاراسلاپ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ تىنالمايلا قالدى، تىنىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشلىرى بىكار كەتتى. يۈرىكى ئاجىز سوقۇپ ھاسىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ پەقەت چىدىيالمىدى. ئاۋۋال ئېسەدەپ، ئاندىن بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى.

— مەن سېنى ئالىمەن، ماڭا تېگەمسەن؟

قىزنىڭ كۆزلىرى تېخىچە يۇمۇق ئىدى. ئۇ ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغاندەك يىغلاپلا تۇراتتى. يىگىت سۇنىڭ يار ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى بولغاي، قىزغا قاراپ- قاراپ قويۇپ كەينىچە مېڭىپ قوناقلىقتىن چىقىپ كەتتى.

قىز تەستە توختىدى، ئەمما كۆزىنى ئاچمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئالەمچە خۇشاللىقتىن، لەززەتتىن مەست ئىدى. ئۇنىڭ ياش بىلەن نەمدەلگەن يۈزىدە تاتلىققىنا تەبەسسۇم بار

ئىدى . چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلىناتتى . نەلەردىدۇر قۇشلار سايرىشىۋاتقاندەك ئىدى . ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى گۈزەل چاھارباغدا ، يۇمشاق تۆشەك ئۈستىدە ياتقاندەك ھېس قىلدى . باغ ئاجايىپ گۈزەل ئىدى . رەڭمۇرەڭ گۈللەر ، تۈرلۈك تۈمەن مېۋىلەر ، خۇش ناۋا قۇشلار بار ئىدى . ئۇنىڭ تۆشىكى كۆل بويىدىكى گۈللۈك ئارىسىدا ئىدى . كۆل سۈيى شۇنچىلىك سۈزۈك ئىدىكى ، ئۇنىڭدا پۈتكۈل باغنىڭ ئەكسى ئېنىق كۆرۈنەتتى . بىر توپ قىزلار كەلدى . ئۇلار ئۇنىڭ مەھەللىدىكى دوستلىرى ئىدى . گۆھەرخانىنىڭ قولىدا بىر تۇتام ئوسما بار ئىدى . قىزلار بەس - بەستە ئوسما قويۇشقا باشلىدى . تۇرسۇننىيازخانىنىڭ قولىدا چوڭلا ئەينەك بار ئىدى . ئۇنىڭ يۈزى تولۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . شەبنەم راستتىنلا ئۇنىڭغا شىپا بولغان چېغى ، ئۇنىڭ يۈزى ئاق ، قىزىل رەڭلەردە جۇلالىنىپ تۇراتتى . ئۇ ئىنچىكە پەلكۈچ بىلەن قېشىغا ئوسما قويۇشقا باشلىدى . ئۇ ئوسما قويۇشقا بەكمۇ ئۇستا ئىدى . تومراق باشلاپ ، ئاخىرىنى ئىنچىكە قىلىپ شۇنداق چىرايلىق ئېگەتتىكى ، بۇ قاش ئورغاق ئايدەك ئەگمە قاش بولاتتى . قىزلار ئوسمىلىرىنى ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇدا ئاستا چايقاشتى . ئوسما تۇرسۇننىيازخانغا ھەممەيلەندىن بەكرەك ئىنچىكە- نىدى . ئۇ باشقىچە چىرايلىق بولۇپ كەتتى . قىزلار ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى . شۇ پەيتتە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى . قىزلار سۇچى يىگىتنى كۆرۈپ ، بىر - بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈشكىنىچە ئاستا چىقىپ كېتىشتى . قىز يىگىتكە قىيا باقتى ، يىگىت يۈتىغا چىرايلىقىنا ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى ، مۈرىسىدىكى كەتمەن پارقىراپ تۇراتتى . تۈيۈقسىز قوناقلىق ئەنسىز شاراقلاپ كەتتى . قىز چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ ئورنىدىن دەس تۇردى . كىمنىڭدۇر « ئوش » دەپ كالا توسقان ئاۋازى ئاڭلاندى . بىر-

دىنلا ئەتراپنى كالا ـ قويلارنىڭ مەرەشكەن ئاۋازى قاپلاپ كەت-
تى. دېمەك، مەھەللىدىكى باللار قوي ـ كالىلىرىنى جىگدىلىككە
باققىلى ئېلىپ ماڭغانىدى. ئۇ ئالدىراپ قالدى، ئاپىسىنىڭ ئىزدەپ
خاپا بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ھاپىلا ـ شاپىلا تاغارغا ئوتنى
تىقتى، تاغار خېلى ئېغىر ئىدى. شۇنداقتىمۇ تاغارنى كۆچەپ
كۆتۈرۈپ قوناقلىقتىن چىقتى. ئۇ ئەتراپقا بويۇنداپ قارىدى،
يىراقتا يۇقىرىغا ئۆرلەپ چۇشۇۋاتقان كەتمەن كۆن نۇرىدا پار-
قىراپ كۆرۈنەتتى. ئۇ لېۋىنى بوشقىنا چىشلەپ قويدى. ئېرىقتىن
تەستىرەك ئاتلاپ ئۆتۈپ، يۇمشاق توپىلىق يولدا ئىنتىلىك ـ ئىنتىلىك
مېڭىپ كەتتى.

* * *

يوپۇرماقلار ئالتۇندەك سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان
كەچ كۈزدە ئۇلارنىڭ تويى بولدى. يىگىتنىڭ پاكار تاملىق هوي-
لىسىدا پەقەت بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخىلا بار ئىدى. ئۇ دەرەخنىڭ
يوپۇرمىقى سېرىقتىن ئۆتۈپ قىزىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. بۇ
قىزىل ياپراقلار سۇس كۈن نۇرىدىمۇ شۇنداق قىزىرىپ چاقناپ
تۇراتتىكى، ئۇ قىزنىڭ ئوقچۇۋاتقان قېنىدەك، بارغانسېرى نۇرلى-
نىۋاتقان مەڭزىدەك قىپقىزىل ئىدى. ياپراقلار بارا ـ بارا تۆكۈ-
لۈپ، دەرەخ تاقىر بولۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاپئاق قار ئۇنى
يەنە زىننەتلىدى. ئۇنىڭ غولى ھەم ئىنچىكە چىۋىقلىرى ئاپئاق قار
بىلەن پۈركىنىپ، توم ھەم كۆركەم بولۇپ كەتتى. ئۇ پات ـ پات
كىچىككىنە چىۋىقنى ئاستا ئوشتۇپ، سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇشقا
ھورۇنلۇق قىلىۋاتقان ئېرىنىڭ قوينىغا سېلىپ قوياتتى. ئېرى
ئەندىككىنچە ئۇنى تاكى ئۆرۈك تۈۋىگىچە قوغلاپ كېلەتتى.

تۇرسۇننىيازخان پەيت كۈتۈپ دەرەخنى بىرلا ئىرغىتىپ، ئىرىنىنى قارغا كۆمۈپ تاشلايتتى. ئىرىنىنىڭ قۇچىقىدا كىچىك پالىسەك تىپ-پىچەكلەپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. ئاندىن ئۇلار بىر-بىرىگە يۆلى-گىنىچە ئوچاقتا گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، قىزىق چاي بىلەن ناشتا قىلىشاتتى. جىگدە شېخى ئاجايىپ ياخشى كۆيەتتى. تىكەنلىرىدىن پوجاڭزا ئاتقاندەك پاراسلاپ ئاۋاز چىقاتتى. تۇرسۇننىيازخان بۇ ئاۋازدىن ھوزۇرلانغىنىچە ئىرىنىنىڭ كەڭ كۆكرەكلىرىگە بېشىنى قويۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئۇنىڭ چۈشلىرىمۇ ئاجايىپ تاتلىق ئىدى...

ھويلىدىكى ئاپئاق قار بىلەن پۈركەنگەن ئۆرۈك دەرىخىدە قىپقىزىل جانانە ئۆرۈكلەر چاقناپ تۇراتتى. ئۆرۈك شۇنچىلىك تاتلىق ۋە شىرنىلىك ئىدىكى، شىرنىسى تۆكۈلۈپ تامچىپ تۇراتتى. ئەر چەبدەسلىك بىلەن دەرەخكە يامىشىپ ئۆرۈكلەرنى ئۈزۈپ تۇرسۇننىيازخاننىڭ كەڭ ئېتىكىگە تاشلايتتى... ئۇلارنىڭ كەپسىزگىنە ئوغلى بار ئىدى، ئوغلى ئانىسىغا ئەركىلەپ، ياش ئانىنىڭ مەيدىسىگە مىنىۋالاتتى. ئوغلى خېلى ئېغىر ئىدى. ئۇ تىنالماي بىر ھازا ھاسىراپ، ئېغىناپ ئاخىر ئويغىنىپ كېتەتتى... ئېرىنىڭ كۆكسىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرغان قولىنى تەستە ئاجرىتىپ، يەنە تاتلىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇخلاپ قالاتتى.

تۇرسۇننىيازخان تويتوغرا بەش يىلغىچە توغماي قويدى. ئۇنىڭ بالا توغرۇلۇق كۆرگەن چۈشلىرى، ئۈمىدلىرى، خۇداغا يالۋۇرۇشلىرى بىكار كەتكەندەك ئىدى. ئېرىنىڭ مىجەزىمۇ ئۆز-گىرىۋالدى. ئاسانلا چىچىلىدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا بىر كۈنى بورانىدەك ھۆركىرىگىنىچە «ھۇ تۇغماس، تىرىكتاپ خوتۇن» دەپ تىللىدى. تۇرسۇننىيازخان ھۆر-ھۆر يىغلىدى. ئاڭلىغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئاخىر بىر كۈنى شەھەرگە يات-

لىق بولۇپ كەتكەن دوستى گۆھەرخانغا دەردىنى تۆكتى:

— يىغلىما، ئاداش! — دېدى گۆھەرخان تەسەللى بېرىپ، — ئاۋۋال دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باق. نى - نى تۇغماس خوتۇنلارنىڭ دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ تۇغقانلىقىنى ئاڭلىغانمەن، خاتىرجەم بول!

دوختۇر ئايال ئۇنى ئەستايىدىل تەكشۈردى ۋە:

— بالىياتقۇ بەك قېلىن ئىكەن، ئەگەر ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلىسىڭىز ئەسۋاب بىلەن بالىياتقۇ نېپىزلىگۈچە قىرىمىز. ئويلىنىپ بېقىڭ، — دېدى.

تۇرسۇننىيازخان دوختۇرنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يالۋۇردى.

— تۇغىدىغانلا ئىش بولسا، قانچىلىك جاپا تارتساممۇ، قىينالساممۇ مەيلى، خۇش بولۇپ كېتەي، مېنى تېزرەك داۋالاپ قويۇڭ!

تۇرسۇننىيازخان جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئاچچىق ئاغرىققا چىدىدى. ھەتتا لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. داد - پەرياد كۆتۈرۈپ ۋارقىراپمۇ تاشلىدى. ئاغرىق تەسىرىدىن ھوشىدىنمۇ كەتتى...

تۇرسۇننىيازخان ئۆزىنىڭ راستتىنلا ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىغا دەسلەپتە ئىشەنگۈسى كەلمىدى. راستلىقى ئىسپاتلانغاندا بولسا، خۇشلۇقتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى. ئېرىنىڭ خۇشلۇقى ئۇنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى، ئۇ تۇرسۇننىيازخاننى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ چۆرگىلىتىپ كەتتى، ئۇنى پەپىلەپ تېخىمۇ ئەتىۋارلىدى، يېنىدا پەرۋانىدەك ئايلاندى. تۇرسۇننىيازخان ھويلىسىدىكى ئاشۇ ئۆرۈككە سېزىك بولغاندى. باشقا ھېچ نەرسە ئېغىزىغا تېتىمايتتى. ئۇ ئۆرۈكنىڭ

www.uyghurkitap.com

يۇمران يوپۇرمىقىنى ئۈزۈۋېلىپ پۇرايتتى. غورا چېغىدىن باشلاپ تاكى مەي بولۇپ پىشىپ تۆكۈلگۈچە ئۇ ئۈزۈملۈكنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى.

* * *

ئۇ كېچە سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. ئاي نۇرى كېچىككىنە دېرىزىدىن تولۇق چۈشۈپ تۇرغىنىغا قارىماي، تۇرسۇننىيازخان چىراغنىمۇ ئۆچۈرمىگەنىدى، ئۇنىڭ قورسىقى خېلىلا يوغناپ، تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇ ئۆيدە يالغۇز، ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى. ئۆرۈك دەرىخى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كىچىك - كىچىك مېۋىلىرىنى يوپۇرماقلار يوشۇرۇۋالغان بولۇپ، سۈتتەك ئايدىڭدا يوپۇرماقلار قارامتۇل كۆرۈنەتتى. يوپۇرماقلار ئارىسىدىن يۇلتۇزلار چاقناپ مارايتتى. تامدا ئۆرۈكنىڭ پاكار سايىسى ئەلەڭلەيتتى.

دەرۋازا غىچىرلاپ ئېچىلدى. ئەر قولىدىكى كەتمەنني پىرقىرىتىپ تاشلاپ، ئۆيگە بوراندەك ئۇشۇپ كىردى، ئەمدى كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغان تۇرسۇننىيازخان چۆچۈپ كەتتى. ئېرىنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق بولۇپ، ھاسىراپ تۇراتتى.

— مەن... مەن كەتمىنىمنى قويدۇم، مەن... ئادەم ئۆرۈپ قويدۇم...

— كىمنى؟ نېمىشقا؟

— يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ساۋۇتنى، ئۇ ئۆلۈپ قالدى. قەيەرىگە ئۇرغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن... ئۇ غەرق قان ئىچىدە قالدى. ئۇ ئاۋۋال ماڭا كەتمەننى تەڭلەپ كەلدى... مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى... بىز سۇ تالىشىپ قالدۇق.

تۇرسۇننىيازخان چەكچىيىپ قېتىپلا قالدى. ئېرى ھا-سىراپ توختىماي سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا غەرق قانغا مە-لىنىپ ياتقان بىر ئادەم كەلدى. ئۇ ئادەمنىڭ كۆزى ئالىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنى بىردىنلا قاتتىق ھۆ تۇتتى.

— نېمىشقا ؟ نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭىز ؟ ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟

— مەن كەتمىسەم بولمايدۇ. مېنى ساۋۇتنىڭ ئىنىسى كۆردى. ئۇ «ئادەم ئۆلدى! قۇدرەت ئادەم ئۆلتۈردى!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە قالدى. ئۇلار ھېلى قوغلاپ كېلىدۇ. خوش، خۇداغا ئامانەت.

تۇرسۇننىيازخان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىنى توختاتتى.

— توختاپ تۇرۇڭ! ماۋۇ ئىككى ناننى ئېلىۋېلىڭ! ئەر نان بىلەن قوشۇپ ئايالىنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قولىنى چىڭ تۇتتى.

— خۇداغا ئامانەت! ئوغلۇمنى ساڭا تاپشۇردۇم!

تۇرسۇننىيازخان چىراغ يورۇقىدا ئېرىنىڭ كۆزىدىن دو-مىلىغان ئىككى تامچە ياشنى كۆردى. بۇ ياش ئۇدۇل ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئېرىنىڭ بەستلىك، قامەتلىك گەۋدىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۈن قوينىدا غايىب بولدى. تۇرسۇننىيازخاننىڭ قولى تېخىچە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئىشىك ھاڭدەك ئوچۇق، تالا سۈتتەك ئايدىڭ. ئۇ ئۇزۇنغىچە ئېسىنى يىغالمىدى. ئۆزىنى قاباھەتلىك، قورقۇنچلۇق چۈش كۆ-رۈۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ ئىگىلىۋالغانىدى. قورقۇنچلىقتا نە ئىشكنى يېپىشنى، نە سۇپىدا ئولتۇرۇۋېلىشنى بىلمەي تېخىچە ئۆرە تۇراتتى.

— مياۋ !

قورقۇنچتىن ئۇنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى . ئۆرۈك ئۈستىدە چوغدەك يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنى كۆرۈۋىدى ـ دە تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى . گويا ئېرىدىن ئۈمىد كۈتكەندەك ئۆي ئىچىگە قارىدى . ساندۇقنىڭ ئاغزى ئوچۇق ، نەرسىلەر قالايمىقان ، ئاق كىگىز ئۈستىدە ئېرىنىڭ لاي پۇتىنىڭ ئىزى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ . ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كەلدى . ئېرى تېخى بايىلا ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئىشكتىن بوراندەك چىقىپ كەتتى . ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ . ئۇ نەلەرگە بارار ؟ مۇشۇ تۇرقى كەينىگە يېنىپ كىرىپلا قالسا ـ ھە ! ئۇ چاغدا ساقچىلار ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ ، ئۆلۈم جازاسى بېرىپ كۆز ئالدىدىلا ئېتىپ تاشلايدۇ .

— ئاھ ، خۇدا !

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قورسىقىغا ئاغرىق كىرىپ كەتتى . ئۆرۈك ئۈستىدە بىر جۈپ كۆز يەنىلا چوغدەك يېنىپ تۇراتتى . ئۇ تىترەپ تۇرۇپ ئىشىككە قۇلۇپ سالدى . ئۆرۈككە قورقۇپ ـ قورقۇپ قارىغىنىچە سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى . ئانىسىنىڭ ئۆيى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى...

بالا دادىسىدەكلا كەپسىز ، تىنىم تاپماس چوڭ بولدى . ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزى كۈن نۇرىدا دائىم تەردىن پارقىراپ تۇراتتى . قاپقارا كۆز قارىچۇقى ھەر ۋاقىت ئويناپ تۇراتتى . يېشىنىڭ كىچىك بولغىنىغا قارىماي مەھەللىدىكى بىر توپ باللارغا باش بولۇپ ، نە ـ نەلەردە چېپىپ يۈرەتتى . ئۇ بۇ يىل مەكتەپكە كىرىپ خېلى ياۋاشلاپ قالغاندەك بولۇۋىدى ، ئەتىل بولۇشى بىلەنلا يەنە كونا خۇيىنى تېپىۋالدى .

ئۇ بىر توپ ھەمراھلىرىنى باشلاپ ئۆزىنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدى . ئىشكتە يوغان قۇلۇپ بار ئىدى . پاكارغىنا ھويلا تېمى-

دىن باراقسان بولۇپ ئۆسۈپ كەتكەن ئۆرۈك دەرىخى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ساپسېرىق پىشقان ئۆرۈكلەر يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مارايتتى . ئۇ بۇ ئۆيگە ئانىسى بىلەن پات ـ پات كېلەتتى . ئۆي ئىچىدە ھېچ نەرسە بولمىسىمۇ ئانىسى ھەر قېتىم كەلگەندە ئۆينى پاك ـ پاكىز تازىلايتتى . ئۆرۈك تۈۋىگە سۇ قۇياتتى . ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ :

ــ بۇ بىزنىڭ ئۆيىمىز ، داداڭ قايتىپ كەلگەندە بىز مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرىمىز ، ــ دەيتتى .

ــ دادام نەگە كەتتى ؟ قاچان قايتىپ كېلىدۇ ؟ ــ ئۇ گويا دادىسى ھازىرلا كېلىدىغاندەك ئالدىراپ سورايتتى .

ــ داداڭ يىــراق جــايــغا كەتكەن ، ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ .

ــ دادام مېنى كۆرگەنمۇ ؟

ــ ھەئە ، ئۇ ساڭا بەك ئامراق ئىدى .

ئۇ ئانىسىنىڭ كۆزىدە لىغىرلاۋاتقان ياشنى كۆرۈپ ھەيران قالاتتىيۇ ، بىردەمدە يەنە ئويۇنغا بەند بولاتتى . ئۇنىڭ تازا نوچى دادىسى بار . ھەئە راست ، ئىسمى قۇدرەتئاخۇن . بۇنى ئانىسى مەكتەپكە تىزىملاتقاندا ئېيتىپ بەرگەن . دادىسى بىر كۈنى چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ ، ئۇنىڭغا جىق نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىدۇ . ئۇنىڭمۇ ياسىن بوۋىسىدەك ساقىلى بارمىكىن ؟ بوۋىسىدەك ئۇنى ئاسمانغا ئېتىپ تۇتۇۋالالامدىكىن ؟ ئەنۋەرنىڭ دادىسىنىڭكىدەك موتوسى بارمۇ تېخى !

ئۇ ئىشىكتىكى يوغان قۇلۇپتىن كۆزىنى ئۈزۈپ ھەمراھلىرىغا قارىدى . ھەمراھلىرىنىڭ بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ھويلىدىكى ئۆرۈككە قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇلار قېنى ، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم دەپ پو ئېتىۋاتاتتىڭ ، خەقنىڭ ئۆرۈك ـ شاپتۇللىرىنىغۇ پا-

ساڭداشقا ئۇستا ئىدىك ، ئەمدى ئۆزۈڭنىڭكىنى قانداق قىلىسەن-كىن ؟ دېگەندەك تۇرۇشاتتى . ھەتتەك ، ئاپىسىدىن ئاجرىتىپ چىنى ئېلىۋالغان بولسا ، ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قوياتتى - دە ! شۇنداق-تىمۇ ئۇلار شورا ئاتلاپ باغلارغا كىرىشكە خېلى ئۇستىغۇ ، ئۇلار بىر - بىرىنى يۆلەشتۈرۈپ ، ئاندىن كۆچمەيلا تام ئۇستىگە چىقىشتى . ئاندىن تام يېنىغا قويۇلغان توخۇ كاتىكىگە دەسسەپ ھويلا ئىچىگە سەكرەشتى . ئۆرۈككە مايمۇندەك ياماشتى . مى-لىقلاپ پىشىپ كەتكەن ئۆرۈكنى ئېغىزلىرىنى تەمشىپ تۇرۇپ تازا يېيىشتى . ئاندىن ئىرغىتىپ تۆكمە قىلىشىپ ، دوپپىلىرىغا تەر-گەننى سېلىشىپ ، يەنە تامدىن يامىشىپ چۈشۈپ ، توپا تۇزۇتقى-نىچە نەلەرگىدۇر غايىب بولدى .

تۇرسۇننىيازخان ئانىسى بىلەن كېيىز ئوتاپ ھېرىپ كەتكىنىگە قارىماي ئۆيىنى بىر يوقلىغۇسى كەلدى . ئۇ ئۆيگە بار-مىغىلى بىر ھەپتە بولۇپ قالغانىدى . تۇرسۇننىيازخان ھېلىقى كېچىدىن كېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى . ئۇ بۇ ئۆيدە يالغۇز تۇرۇشتىن قورقتى . مانا ئەمدى چوڭلا بولۇپ قالدى . ئەمما ئاتا - ئانىسىغا ئۆيۈمگە قايتىپ كېتىمەن دېيەلمىدى . كۈن ئاللى-بۇرۇن تاغ كەينىگە مۆككەن ، ئەمما مەھەللە ئىچى ئېتىزدىن قايت-قان كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ، قوي - كالىلارنىڭ مەرەش-لىرى بىلەن جانلىنىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۆستەڭ بويىلاپ كېلىۋا-تاتتى ، شۇنچە ۋاراڭ - چۇرۇڭدىمۇ سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى . سۇ كىشىنىڭ قارىغۇسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە لاي - لاتقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ، سېغىز رەڭ ئاقاتتى . سالقىن نەم شامال تۇرسۇننىيازخاننىڭ پاقالچىقىنى سىيپاپ ئۆت-تەتتى . ئۇ ئىشىك ئالدىغا كەلدى . ئىشىكتىكى يوغان قۇلۇپنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى . ناۋادا ئېرى تاسادىپىي

قايتىپ كېلىپ ئىشىكتىكى داتلاشقان يوغان قۇلۇپنى كۆرسە نېمە دەپ ئويلاپ قالار ؟ ئۆينى تۇتۇپ ئولتۇرماي ، قۇلۇپلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ دەپ كۆڭلى غەش بولۇپ ، تۇرسۇننىيازخاندىن رەنجىپ قالارمۇ ؟ ئۇ قۇلۇپنى تەستە ئاچتى . هويلىغا كىرىپلا چۆچۈپ كەتتى . هويلا مىجىلغان ئۆرۈكلەرگە تولۇپ كەتكەنىدى . كىچىك باللارنىڭ ئاياغ ئىزىنى كۆردى . كەپسىز ئوغلىنىڭ قىلغان ئىشىنى پەملىدى . هەي ، كەپسىز باللارەي ، قانچىلىك يېسەڭمۇ يېسەڭ ، ئەمما قېقىپ تاشلاشمىساڭچۇ ! ئۇ ئۆرۈك تازا پىشقاندا قېقىپ ، گۈلە سېلىپ ئېرىگە ساقلاپ قويماقچى ئىدى . ئېرى ئۆرۈك ، شاپتۇل تۈگەپ قالغاندا كېلىپ قالسىمۇ ئۆز هويلىسىدىكى ئۆرۈك قېقىنى تازا هۇزۇرلىنىپ يەيدۇ ـ دە ! بۇنى ئوغلىغا بۇرۇنراق ئېيتىپ قويىدىغان ئىش ئىكەن .

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى . ئۆي قۇپقۇرۇق ، ئەمما كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى . ئۆتكەن هەپتىدە تازىلاپ قويغان ئۆينى پاكىز ئىدى . هەئە راست ، دېرىزە ئەينىكى ۋە ئىشىككە سۇس توپا قونۇپتۇ . ئۇنى ئەتە سەهەر كېلىپ سۈرتۈپ هويلا ـ ئارامنى پاكىز تازىلايدۇ . ئېرى قايتىپ كەلسە ، هېچنېمە بولمىسىمۇ پاكىز تۇرغان ئۆينى كۆرۈپ كۆڭلى ۋىلىلدە ئېچىلىدۇ . ئېرى كەلسە ئىش باشقىچە بولىدۇ . ئۇ هېلىقى چاغدا ئىلاجسىز ئېلىپ كەتكەن ساندۇق ، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ياندۇرۇپ كېلىدۇ . يىغىپ قويغان ئازغىنا پۇلغا بىرەر قوي ، ئىككى ـ ئۈچ توخۇ سېتىۋالىدۇ . بۇ ئۆي يەنە جانلىنىدۇ .

ــ ئانا ! ــ ئوغلى سىرتتىن يۈگۈرۈپ كىرىپ ، توپا يۈزىنى ئانىسىنىڭ كۆڭلىكىگە سۈركىدى ، ــ دادام قايتىپ كەلدىمۇ ؟

ــ ياق تېخى ، ــ ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ، ئوغلىنى

باغرىغا باستى. ئىبرى قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. ھېلىمۇ تۇپتوغرا يەتتە يىل ئۆتتى. ئۇ گويا ئىبرى ئىشىكتىن ھېلىلا كىرىپ كېلىدىغاندەك ھەر كۈنى ئىشىككە تەلمۈردى. ئىبرى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇم دەپ ئويلىغان ھېلىقى ئەر ئاللىبۇرۇن قوشنا كەنتكە دۆيجاڭ بولۇپ كەتتى. بۇ ئادەم ھېلىقى چاغدا دوختۇرخانىدا بىر ئايچە يېتىپ ساقىيىپ چىقتى. سۇنۇپ كەتكەن ئىككى دانە ئۇدۇل چىشى ئورنىغا چىش سالدۇرۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرىدۇ. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا دوختۇرخانا خىراجىتىنى تۆلەپ بەرسۇن دەپ كىرگەندە، تۇرسۇننىيازخان تۇغۇتلۇق ياتاتتى. ئۇ ھېچقانچە تارتىشمايلا ئىبغىلدىكى بار ـ يوقى ئۈچ قوي ۋە بىر كالىسىنى كۆزىنى يۇمۇپلا بېرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نەرسىلەر كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. ئۇنى خۇشال قىلغىنى ئىبرىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويمىغانلىقى ئىدى. ئىبرى ساق ـ سالامەت بولسىلا ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولاتتى. ئۇ تۇغۇتلۇق يېتىپ ئىشىككە تولا تەلمۈرۈپ، كۆزلىرى تېشىلەي دەپ قالدى. ئىبرى قانداقلا بولمىسۇن بۇ خەۋەرنى ـــ ساۋۇتنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قاتىل ئەمەسلىكىنى ئاڭلايتتى. ئاڭلىغان ھامان ھېچ نەرسىگە قارىماي قايتىپ كېلەتتى.

ئۇ كۈتىۋېرىپ، شۇنچە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى. مانا ئەمدى ئوغلى چوڭ بولۇپ قالدى. ئۇ ئاندىن سىدەك سەۋرچان ئەمەس، ھە دېسىلا تاقەتسىزلىنىپ دادىسىنى سوراپ بىئارام قىلىدۇ. ئىبرىدىن تا ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋەر يوق، گويا ئۇ دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە كەتكەندەكلا. ئۇ بۇ خەۋەرنى تېخىچە ئاڭلىمىغانمىدۇ؟ ئىشىكتە يىغلىغىنىچە ئۈزىتىپ قالغان ئايالىنى ۋە دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان پەرزەنتىنى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇ ھاياتمىدۇ ياكى...

خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئېرى ئۇ-نىڭغا ھامان بىر كۈنى تويۇقسىزلا كېلىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئوغلى يەنە كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەن ھەمراھلىرى بىلەن ئويۇنغىلى قاچتى. ئۇ ئۆرۈك يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يەردىكى ئۆرۈكنى تېرىشكە باشلىدى. ئۇ بىر تال ئۆرۈكنىمۇ زايە قىلىشقا چىدىمايتتى. ئېرى ئۆز قولى بىلەن تىككەن ئۆرۈكتە ئۇ-نىڭ ھىدى بار ئىدى.

— تۇرسۇننىيازخان، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ كەنت شۇجىسىنى كۆردى. ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلدى.

— بۇ ئۆرۈك ئەجەب ئوخشاپتۇ، — شۇجى ئۇدۇل ئۆرۈك يېنىغا كېلىپ، شاختىن بىر تال ئۆرۈكنى ئېلىپ ئېغىزىغا سالدى، — ۋاھ، ئەجەب تاتلىقكەنغۇ كاساپەت، ھەسەل بىكار قالسۇن.

تۇرسۇننىيازخان ئېتىكىدىكى ئۆرۈكنى بىر يانغا تۆكۈپ قويۇپ، شاختىن ئون نەچچە تال ئۆرۈكنى ئېلىپ شۇجىغا تەڭلىدى.

— رەھمەت! — شۇجى ئۆرۈكنى ھۇزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كېلىشكەن بۇرۇتى، بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆز-لىرى جىم تۇرمايتتى. ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر قاپارتما ئۇنىڭ ئىتتىك مىجەزىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بېشىغا قوندۇرۇۋالغان دوپپىسى يارىشىملىق ئىدى.

— سىز ئېرىڭىزنى ھېلىمۇ يەتتە يىل ساقلىدىڭىز، ئەمدى ساقلىماڭ!

شۇجىنىڭ تويۇقسىز ھەم بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى سۆزى

ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى . ئۇ شۇجىنىڭ ئوچۇق سۆزلۈكىنى بىلەتتى. ئەمما ...

— ئۆيىڭىزگە ئادەم كىرگۈزەي دەيمەن ! — شۇجى بۇ سۆزنى بايا تۇرسۇننىيازخانغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ پەسرەك ئاۋازدا ئېيتتى . ئەمما بۇ ئاۋاز تۇرسۇننىيازخانغا گۈلدۈرماممىدەك ئاڭلاندى . ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى . يۆلىنىۋېلىشقا جاي ئىزدەپ ئەتراپقا قارىدى ، يېنىدا يۆلەنگۈدەك نەرسىمۇ يوق ئىدى . شۇجىغا تىك قارىيالمىدى . پۇتلىرى دىرىلدەپ تىترەۋاتاتتى . شۇجىنىڭ كېسەل ئايالى تۆت ئاي بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنىدى . ئۇ شۇجىنىڭ ئەزەلدىن ئۆزىگە ئالاھىدە خەيرىخاھلىق قىلىپ كېلىۋاتقىنىدىن مىننەتدار بولۇپ كەلگەن ، ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق خىيالى بارلىقى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى . ئەگەر ئۇ شۇجىنىڭ بۇنداق خىيالى بارلىقىنى بۇرۇنراق سەزگەن بولسا ، ئۇنىڭ خەيرىخاھلىقىنى باشقا ھەر قانداق ئەرلەرنى رەت قىلغاندەك رەت قىلار ئىدى .

— قانداق قىلىمىز ، تەقدىر شۇنداق ئىكەن ، قۇدرەتئاخۇن يەتتە يىلدىن بېرى قايتىپ كەلمىدى . سىز ئايال كىشى تۇرۇپ ھېلىمۇ كۆپ بەرداشلىق بەردىڭىز . ئاينىساخانمۇ مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى . ھەر ئىككىمىز بويتاق قالدۇق . مېنىڭ ئىككى قىزىمنىمۇ سىزنى يات كۆرمەيدۇ . مېنىڭ ئوغلۇم يوق ، ئوغلىڭىزنى ئۆز ئوغلۇمدەك باقىمەن .

تۇرسۇننىيازخان لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئۈنسىز تۇرۇپ قالدى . ئالدىدىكى مۇنۇ ئادەمنىڭ سۆزى سەممىي ، تەسىرلىك ، ئوچۇق ئىدى . ئۇ ئېرىنى تويتوغرا يەتتە يىل كۈتتى . يەتتە يىل دېگەن ئاز ۋاقىتمۇ ؟ بولۇپمۇ بىر ئايال كىشى ئۈچۈن . ھېلىمۇ ياخشى ئاتا - ئانىسى ھايات ئىكەن ، بولمىسا نېمە كۈنلەرنى كۆرەر

ئىدى ؟ ئەر كىشى تۇرۇپ ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ شۇنچە ئۇزۇن يوقاپ كەتكەن بارمۇ ؟ ياقا يۇرتلاردا يۈرگىنىدە ، ئالدىغا ئۇچرىغان بىرەر تونۇشىدىن ئىشىك تۈۋىدە زار - زار يىغلاپ قالغان بىچارە ئايالىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇش ئېسىگە كەلمىگەنمىدۇ ؟ توپتوغرا يەتتە يىلغىچە ھېلىقى قاتىللىق ۋەقەسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئاڭلىماي قالارمۇ ؟ ئەگەر راستتىنلا ئاڭلىمىغان بولسىچۇ ؟ ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ساقچىلاردىن ھەتتا تونۇش - بىلىش ، يۇرتلۇقلاردىن قېچىپ يۈرگەن بولسىچۇ ؟ ئۇ ھامان بىر كۈنى ئاڭلىماي قالمايدۇ . ئاڭلىغان ھامان ئۇچۇپ دېگۈدەك قايتىپ كېلىدۇ .

— ئۇ قايتىپ كېلىمەن دېگەن ، چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ . ساۋۇتئاخۇننىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلسىلا قايتىپ كېلىدۇ ، — ئۇ ئىختىيارسىز بۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋېتىپ شۈجىنغا قارىدى . ئۇنىڭ ئىككى قېشى ئوتتۇرىسىدىكى قاپارتمىنىڭ چوڭقۇرلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى . شۈجى ھويلىنىڭ تۆت ئەتراپىغا تەكشى قاراپ چىقتى . كۆزلىرى ئاخىر ئۆرۈككە كېلىپ توختىدى . بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن ئۆرۈكنى ئۇرۇپ قويۇۋىدى ، ئۆرۈك تورۇكلاپ تۆكۈلدى .

— سىزگە ئېيتىپ قوياي ، ئېرىڭىزدىن ئەمدى ئۈمىد كۈتمەڭ ، — ئۇ نېمىشقىدۇر بىر ئاز توختىۋالدى ، — ئېرىڭىز ھازىر ئۆرۈمچىدە ئىكەن ، بىزنىڭ مامۇتئاخۇن كۆرۈشۈپتۇ ، ئۇ قايتىپ كېلەلمەيدىكەن . تۇرسۇننىيازخانغا ئېيتىپ قويۇڭ ، ئەرگە تەگسۇن ، ئەمما بالامنى خارلىمىسۇن ! دەپتۇ . ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر خوتۇنغا ئۆيلىنىپتۇ . خوتۇنى ئۆزىدىن چوڭ ئىمىش . تۇرمۇشى بەلەنكەن . تىجارەت قىلىۋېتىپتۇ ... بولدى قىلىڭ ئەمدى ، ئەتە ئۆيىڭىزگە ئادەم كىرگۈزىمەن !

شۇجى لوگۇلداپ دەسسگىنىچە چىقىپ كەتتى . تۇرسۇن‑
نىيازخان بىرى چۆرگىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك گالاڭ ھالەتتە
تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭغا بىردىنلا ئاسمان ـ زېمىن چۆرگىلەۋاتقان‑
دەك تۇيۇلۇپ ، دەرھال ئولتۇرۇۋالدى . توپا سوغۇق ئىدى .
قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ يەنە ھېلىقى كۈننى ئەسلىدى .
ئۇ كۈنى يۇپيۇمىلاق تولۇن ئاي ، جىمىرلىشىۋاتقان سانسىز يۇل‑
تۇزلار ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغانىدى . ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن
تۈزۈكرەكمۇ خوشلىشالمىدى ، ئەرنىڭ كۆزى ئارقىسىدا قالدى . ئۇ
ئېرىنىڭ ئۆزىنى « ھۇ ، تۇغماس ! تىرىكتاپ ! » دەپ تىللىغىنىنى
ئەسلىدى . ئەر بالىغا زار بولغىنىدىن خوتۇنىغا ئامراقلىقىنى ئۇن‑
تۇپ شۇنداق دەپ تىللىغانىدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ بالىسى بول‑
دى ، ئەمما خۇدا ئۇنى باغرىغا بېسىشقا نېسىپ قىلمىدى . بالىمۇ
دادىسىنى كۆرەلمىدى . بەلكىم مەڭگۈ كۆرەلمەس .

ئەتراپ كۆمۈردەك قارىيىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ يۈرىكى‑
نىمۇ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى قاپلىغاندەك ھېس قىلدى . پۈتۈن
ۋۇجۇدى بوشىشىپ كەتتى . ئۇنى شۇنچىلىك يىغا تۇتتىكى ، كۆز
ياشلىرى سوغۇق توپا بىلەن بىرلىشىپ كەتتى .

— قىزىم ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، ئۆيگە كېتەيلى ! — ئا‑
نىسى ئۇنى يۆلىدى . ماغدۇرسىز ھالدا تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ
ئانىسىغا يۆلىنىپ ماڭدى . ئىشىك ھاڭغىرقاي ئوچۇق قالدى . ئۇ
قانداقتۇر بىر ئاچچىقنىڭ تەسىرىدە كەينىگە قاراپمۇ سالمىدى .
تېخى يىغلاپ ھارمىغانىدى . ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلۇپ ، تاراملاپ
يىغلاۋاتاتتى . ئانىسى قىزىنى يۆلەپ كېتىۋېتىپ ، بىر قولىدا چى‑
چىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى .

— ماموتئاخۇن ئۈرۈمچىدىن تۈنۈگۈن كەپتىكەن . باي‑
تىن بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپتۇ ، — ئانىسىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چى‑

قىۋاتاتتى ، — ئۇ قۇدرەتئاخۇننى كۆرۈپتۇ . ئۇ... ئۇ شۇ يەردە بىر خوتۇن بىلەن...

— بولدى قىلىڭ . مەن... مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم ، — ئۇ ئاجايىپ ئاۋازدا تووۇلىۋەتتى . ئۇنىڭ ئەمدى بۇ سۆزلەرنى قايتا ئاڭلاشقا تاقىتى يوق ئىدى .

* * *

ئىككى كۈندىن بېرى قاتتىق بوران چىقتى . ھۆركىرىگەن بوران يـولـدىـكـى توپا ـ ئەخلەتلەرنى ئۇچۇرۇپ ، ھەممە يەرنى توپا ـ چاڭغا كۆمۈۋەتتى . دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ ، توپا چىراي بولۇپ كەتتى . ئادەملەرنىڭ چىرايىدىنمۇ توپا يېغىپ تـۇراتتى . تۇرسۇننىيازخان ئىككى كۈندىن بېرى ئۆيتىزغىمۇ ، سىرتقىمۇ چىقمىدى . تولا يىغلاپ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتتى . ئۇ- نىڭغا نېمىشقىدۇر ئەمدى ھاۋا ئېچىلمايدىغاندەك ، كۈنلەر ئەمدى مۇشۇنداق توپا ـ چاڭ ئارىسىدا ئۆتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى ، ئۇ ئا- شۇنداق ھالسىز پېتىچە يېتىپ تۇرۇپ ئۆيدىن ئەنسىرەپ قالدى . ھويلا ئىشىكى ھاڭغىرقاي ئوچۇق قالغان ، قۇپقۇرۇق ئۆيگىمۇ ئوغرى كىرمەس ، ئەمما خەقنىڭ قوي ـ كالىلىرى ئۇسۇپ كىرىپ ھويلىنى رەسۋا قىلىۋەتكەندۇ ؟ ئىست ، ئۆرۈكلەر بوراندا قىقىلىپ تۆكىدى ـ دە ! تازا مەي باغلاپ پىشقانىدى . ئىككى كۈن ئاۋۋال قىقىپ گۈلە سېلىۋېتىدىغان ئىش ئىكەن . ئۆينىڭ ئاشۇ ۋەيرانە تۇرقىدا ئېرى تاسادىپىي كېلىپ قالسا...

بـوران توختىدى . ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي سۆرۈرگە ، چې- لەكنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى . ھويلا ئىشىكى يېپىقلىق ئىدى . ھېلىمۇ ياخشى نېيەتلىك قوشنىلار ئىشىكنى يېپىپ قو-

يۇپتۇ . ئۆرۈكلەر تۆكمە بولۇپ توپىدا مىجىلىپ يېتىپتۇ .

ئۇ هويلىنى ، ئۆينى پاكىز تازىلاپ چىقتى . ئىشىك ، دېرىزىلەرنى پاكىز سۈرتتى ، توپىغا مىلىنىپ ياتقان ئۆرۈكلەرنى بىر ـ بىرلەپ تېرىپ ، پاكىز يۇيۇپ ، ئۆگزىگە ئاچىقىپ ئاپتاپقا يايدى . ئۇ ئۆزىنى بىردىنلا روهلىنىپ قالغاندەك سەزدى . ئۆي ئىچىدىن زەي پۇرىقىغا قوشۇلۇپ تونۇش هىد كېلەتتى . ئۆرۈك دەرىخى چوڭىيىپ ، باراقسانلاپ ، هويلىنى بىر ئالغانىدى . يازنىڭ قىزىق چۈش ۋاقىتلىرىدىلا ئەمەس ، سالقىن كەچ ۋاقىتلىرىدىمۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئۆرۈك ئاستىغا كىگىز سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى . ئېرى ئۇنىڭغا بوم ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى . ئېرى كەچلىرى سۇ تۇتقىلى چىقىپ كەتكەندە ، ئۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئېرىنى ساقلايتتى . ئازراقمۇ قورققۇسى كەلمەيتتى . ئېرى قەيەردە بولمىسۇن ، ئۇنىڭ ناخشا ئاۋازى تۈن قوينىنى يېرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا هەمراھ بولاتتى ، ئۇنى هۇزۇرلاندۇراتتى ، پەپىلەيتتى . ئۇنى يەنە يىغا تۇتتى . بۇ پاكار تاملىق هويلىغا ، مۇشۇ بىر تۈپ ئۆرۈككە ئاجايىپ چوڭقۇر مېهرى باغلىنىپ قالغانىدى . ئۇ ئۆزىنى بىرىنچى قېتىم هېس قىلدى . ئۇ هەرقانچە قىيىنچىلىق تارتسىمۇ ، ئوغلى بىلەن مۇشۇ ئۆينى تۇتۇپ ئولتۇرغۇسى بار ئىدى . ئەمما شۇجىننىڭ ئەلچىلىرىگە نېمە دېگۈلۈك ؟ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياق دېمەسلىكى ئېنىق . ئەكسىچە ئۇلار خۇشال بولغاندەك تۇرىدۇ . باشقىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ، بۇ تۇرسۇننىيازخاننىڭ بەخت ـ تەلىيى ، يەتتە يىلدىن بۇيان تۇل ئولتۇرغان تۇرسۇننىيازخان بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل دېيىشى كېرەك ئىمىش .

تۇرسۇننىيازخان نېمىشقىدۇر ماقۇل دېيەلمىدى . ئەلچى خوتۇنمۇ كېلىپ هارمىدى . ئانىسى سۆزلەپ هارمىدى ، هەر قانداق ئىشقا كەسكىن مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ شۇجىمۇ كىشىنى

ھەيران قالدۇرىدىغان سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭ ماقۇل دېيىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. تۇرسۇننىيازخاننىڭ مېڭىسىدە زىددىيەتـ لىك خىياللار ئەگىسپ يۈرەتتى. ھە دېسىلا ئاشۇ ئۆيگە بېرىۋېـ لىپ، ئۆرۈكنى قوچاقلاپ ئۇنسىز يىغلايتتى. ناۋادا ئاشۇ قورـ قۇنچلۇق ئىش يۈز بەرمىگەن بولسا، ئۇلار بۇ چاغقىچە نەچچە باـ لىلىق بولۇپ، چوڭلا ئائىلە بولۇپ قالار ئىدى.

ئۇ ئېرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاش قارارىغا كەلدى. پات - پات ئۆرۈمچىگە قاتناپ تۇرىدىغان ماموتئاخۇننىڭ ئۆيىگە باردى. ماموتئاخۇننىڭ ئېرى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. يىغانى ئۆرلەپ، كىملەرگىدۇر دەردىنى ئېيتقۇسى كېلىپ، شەھەردىكى دوستى گۆھەرخاننى ئىزدەپ كىردى. دوستىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ پۇخادىن چىققۇچە يىغلىدى. گۆھەرخان ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ، ياشلىرىنى سۈرتۈپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ مەسلىھەت كۆرسەتتى.

— بولدى ئەمدى، ئېرىڭدىن ئۈمىد كۈتمە. ياخشىراق بىرەرسىنىڭ پېشىنى تۇت. مېنىڭچە، شۇجى ياخشى ئادەم. ئۇـ نىڭغا ماقۇل بول!

— ياق، ماقۇل بولالمايمەن، — تۇرسۇننىيازخان ئىتتىك بېشىنى چايقىدى.

— نېمىشقا؟ ئۇ ئادەمنىڭ يېشىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەسقۇ؟ ئۇنىڭ ئېرىڭدىن نەرى كەم؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، خېلى ئوقۇغان، بىلىملىك ئادەم. كەنتتىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئېغىزىغا قارايدۇ. ئۇنداق ئادەمنى سەن چىراغ ياندۇرۇپمۇ تاپالمايسەن، — گۆـ ھەرخان بىردىنلا قىزىشىپ سۆزلەپلا كەتتى، — سەن ئېرىڭنى ھېلىمۇ يەتتە يىل كۈتتۈڭ، ئاز جاپا تارتتىڭمۇ؟ ئۇ بولسا خوتۇن ئېلىپ راھەت كۆرسۇن، سەن يەنە ئەخمەقلىق قىلىپ ئۇنى كۈـ

www.uyghurkitap.com

تەي دەمسەن ؟

— ئۇ ئامالسىز شۇنداق قىلغان ، — تۇرسۇنىيازخان ھاپىلا - شاپىلا ئېرىنى ئاقلىدى ، — ئۇ شۇنچە يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەندە ھېلىقى ئايال ئۇنىڭغا بەك ياردەم قىلغانىكەن . ئۇ شۇ ئايالنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ، ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ . ئۇ ھامان بىر كۈنى يۇرتۇمغا بارىمەن دەپتۇ .

— قاچان قايتىپ كېلىدىكەن ؟ — گۆھەرخاننىڭ سوئالىدىن ئاچچىق چىقىپ تۇراتتى .

— بىلمەيمەن ، ئۇ ئوغلىغا دەپ كىيىم - كېچەك ، 500 يۈەن پۇل ئەۋەتىپتۇ . ئۆيۈمنىڭ چىرىغى ئۆچمىسۇن ، ئۆينى ئوغلۇمغۇ بولسا تۇتۇپ ئولتۇرسۇن ، دەپتۇ . يەنە ھويلىمىزدىكى ئۆرۈكنى سېغىنىپتۇ . قېقىپ ئازراق گۈلە قۇرۇتۇپ قويغانىدىم ، ماۇتئاخۇندىن ئەۋەتەيمىكىن ...

گۆھەرخان دوستىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى . تۇرسۇنىيازخاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن سېغىنىش ، مۇھەببەت تۆكۈلۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى . ئاستاغىنا دوستىنىڭ قولىنى تۇتتى ، قوللار يىرىك - قوپال ، قىزىل ياغلىق ئىچىدىكى سارغۇچ چاچلىرى خۇنۇك ، جانسىز ئىدى . ئەسلىدىنلا كىچىك بولغان يۈزى مانا ئەمدى ئاپتاپتا كۆيۈپ ، قورۇلۇپ ، سەپكۈنلەر تېخىمۇ ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى . گۆھەرخان بالىلىق دەۋرىدىكى بۇ دوستىغا چىن قەلبىدىن ئىچ ئاغرىتىپ كەتتى .

* * *

سەھەر سۈزۈك ، نەمخۇش ، جۇلالىق ئىدى . ئىككى كۈن بۇرۇن ياغقان يامغۇر ھاۋادىكى ، دەل - دەرەخلەردىكى توپا -

چاگنى يۇيۇپ ، زېمىننى يېڭىلا يۇيۇنۇپ چىققان قىزدەك نۇرلان-
دۇرۇۋەتكەنىدى . ئەتراپتىن تېخىچە نەمخۇش توپا ھىدى
كېلەتتى .

قۇياش بۇرۇنراق زېمىننى كۆرۈشكە ئالدىرىغاندەك شەرقتە
قىزغۇچ نۇر چەمبىرىكى ھاسىل قىلغانىدى .

تارغىنا توپا يولدا تۇرسۇنىيازخان يېنىك مېڭىپ كېلىۋا-
تاتتى . ئۇ ئەتراپتىكى يېشىللىققا تويماي قارايتتى . كۆز ئالدىدا
كۆز يەتكۈسىز كېۋەزلىك سوزۇلۇپ ياتاتتى . كېۋەز ياپراقلىرى
چوڭ ، ئەمما يۇمران ئىدى . يوپۇرماقلار مەيىن شامالدا يېنىك
تەۋرىنەتتى . ياپراقلاردا مەرۋايىتتەك شەبنەم تامچىلىرى يال-
تىرايتتى . تۇرسۇنىيازخاننىڭ يۈرىكى ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا
چۆمدى . ئۇنىڭ يۈزى گويا بۈگۈنلا ئاقىرىپ چىرايلىق بولۇپ
كېتىدىغاندەكلا ، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان يۈزىنى ياپراق ئارىسىغا
تىقىپ ، بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى . شەبنەم ئۇنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ -
سۆيۈپ يېپىشتى . ئۇنىڭ يۈزىگىلا ئەمەس ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا
نەملىك تارالغاندەك بولدى . كېۋەز ياپراقلىرى بىلەن پىچىرلاش-
قۇسى ، ئۇيناشقۇسى كەلدى . بۇرنىغا قىغ ئارىلاش نەم توپا گۇپ-
پىدە ئۇرۇلدى .

— تۇرسۇنىيازخان ، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ، ھوي !

ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى . ئەتراپتا ھېچكىم يوق
ئىدى . پەقەت ئېرىق بويىدا كەتمەن دەستىسىدەك يالتىراپ تۇر-
غان ئۇزۇنغىنا نۇر دەستىسى سوزۇلۇپ تۇراتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھارغىن تۇيغۇلار

قولۇمدا چاقىرىق قەغىزى ، چاقىرىق قەغىزى بولغاندىمۇ بىر پارچە ئەمەس ، ئىككى پارچە . بىرى مېنىڭ ، يەنە بىرى ئۇنىڭ . يۈرىكىم خۇشاللىقتىن دۈكۈلدىگەن ھالدا بۇ ئالاھىدە خۇش خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۈگۈردۈم . ئاھ ! ئۇ ئاڭلىسا ، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالارمىكىن ؟ خۇشاللىقتىن يوغان كۆزلىرى چاقناپ كېتەرمىكىن ؟ ھەر ئىككىمىزگە بىرلا ۋاقىتتا ، بىرلا مەكتەپكە تەكلىپ كەلگەن بۇ چاقىرىق قەغىزى خۇدانىڭ سۆيگۈ يولىمىزغا سالغان بىر خاسىيەتلىك پايانداز مىكىن ؟ خۇدانىڭ راستىنىلا بىزگە مەدەتكار بولۇپ ، سۆيگۈمىزنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشىغا ، يۈرىكىمىزنىڭ مەڭگۈ بىرگە سوقۇشىغا داغدام يول ئېچىپ بەرگىنىمىكىن ؟

ئاپام ماڭا « ئاق كۆڭۈل ، ساپ دىل ، پاك ئادەملەر چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ » دېمىگەنمىدى ؟ دېمەك ، بىزنىڭ دىلىمىز ئاق ، سۆيگۈ رىشتىمىز چىڭ بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىز مۇرادىمىزغا يېتىۋاتىمىزغۇ ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ، گەرچە چاقىرىق قەغىزى كېلىشى ئېنىق بولسىمۇ ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ئازابى مېنى قىينىغان ئەمەسمىدى ؟ مانا بۈگۈن ... ئۇھ ! بىز ئەمدى مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان بولدۇق ، مەڭگۈ ...

ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن ئالدىراپ ـ تېنەپ كۆرۈشۈپ ، خۇش خەۋەرنى ئېيتىپ قويۇپلا ، مەن ئۇچۇن تونۇش بولغان

ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىگە ئېتىلىپ كىردىم . ھىم ، ئۇنىڭ ھالىتىنى كۆرۈڭ ! ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ئالدىن بىلىدىغاندەكلا ئالدىغا فىزىكا ماتېرىياللىرىنى يېيىپ قويۇپ نېمىنىدۇر يېزىپ ئولتۇراتتى . ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى . كۆزلىرىمگە گويا قانداق خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ ؟ دەۋاتقاندەك تىكىلدى . ئۇ كۆزلىرىمدىكى شادلىق ئۇچقۇنىدىن ھەممىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك ، كەينىمگە قەستەن تىقىۋالغان قوللىرىمنى تولىمۇ تەستە قايرىپ يۈرۈپ قەغەزنى قولىغا ئالدى . يوغان كۆزلىرىنى خەتكە ئىتتىك ـ ئىتتىك يۈگۈرتۈپ ، خۇددى كىچىك بالىلاردەك مېنى كۆتۈرۈپ چۆرگىلىتىپ كەتتى .

ــ ھا ... ھا ... ھا ... !

ــ ھا ... ھا ... ھا ... !

بىز كۈلەتتۇق ، خۇشاللىقتىن ، ھاياجاندىن تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلەتتۇق . ئۇھ ! بىز يەنە ئايرىلمايدىغان بولدۇق ، مەڭگۈ ...

ئاپتوبۇس توغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر ۋە يېزىلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ چوڭ يولدا ئىلگىرىلىمەكتە . ئاپتوبۇس ئىچى بىز بىلەن بىرگە ماڭغان قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولغان . توۋا دەيمەن ، ئۇلارنىڭ خۇددى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردەك ھازا ئېچىپ يىغلىشىپ كېتىشكەنلىرى نېمىسى ؟ ھىم ، ئۇلارنىڭ ئولتۇرغان ھالەتلىرىنى كۆرمەمدىغان ؟ بەزىلىرى تېخىچە مىشىلداپ يىغلاۋاتقان ، بەزىلىرى كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ مۈگىلىنىپ ئولتۇرغان ، بىچارە ئەخمەقلەر ! كۆزلىرىمنى مۈگىلىنىپ ئولتۇرغان قىز ـ يىگىتلەردىن ئۈزۈپ ، يېنىمدا باياتىن بېرى ئۈنسىز ئولتۇرغان ئۇنىڭغا قارىدىم . ئۇنىڭ ئىچكى شادلىقىنى ۋە پاك

سۆيگۈسىنى ئىپادە قىلغۇچى يوغان كۆزلىرى، مېنىڭ كۆزلىرىم بىلەن ئۇچراشتى . ئۇنىڭ باياتىن بېرى ماڭا ئۈنسىز تىكىلىپ تۇرغىنىنى سەزمىگەنىكەنمەن . مانا ئەمدى يۈزلىرىم ئوت ئالدى، يۈرىكىم شوخ تېپىرلىدى . گويا ئۇنىڭ مەندىن بىرەر قۇسۇر تېپىۋېلىشىدىن قورققاندەك ، يۈزۈمنى يانغا بۇرىدىم. ئاھ ! ئاشۇ بىر جۈپ كۆز ، ئاشۇ كېلىشكەن قامەت ، ئاشۇ خۇشخۇي چىراي ئەمدى ماڭا دائىم ھەمراھ بولىدۇ ... ئۇنىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرى شۇنچىلىك ئوتلۇق سۆيگۈگە تولغانكى ، ئاھ ، ھازىر ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇۋاتقان مۇشۇ مىنۇتتا ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمدىن سۈرەتتەك ئۆتمەكتە . بىلىمەن ، شۇ تاپتا ئۇمۇ خۇشال ، مەن بىلەن ئايرىلماي يەنە بىرگە ئوقۇيدىغانلىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قېلىۋاتىدۇ . چىن سۆيگۈ دەپ كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەن بەندىلەر ئۇچۈن ئەڭ قىممەتلىك ئوقۇش دەۋرىنى بىرگە ئۆتكۈزۈشتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بارمىكىن ؟ كۈندە نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ تۇرۇش ، بىرگە دەرس تەكرارلاش ؛ ئۆگىنىش ، تۇرمۇش ، مۇھەببەت توغرۇلۇق پاراڭلىشىش ؛ ئوقۇغۇچىلىق تارىخى بىلەن سۆيگۈ تارىخىنى بىرگە يېزىش ؛ ئايدىڭ كېچىلەردە قولتۇقلىشىپ ئايلىنىپ باغچىلارنى سەيلە قىلىش ... ئاھ ! نېمىدېگەن گۈزەل ، بەختىيار كۈنلەر - ھە ! ئاپتوبۇس تېزرەك مېڭىپ مېنى گۈزەل مەكتىپىمگە يەتكۈزسەڭچۇ ؟!

تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن شوخ ، قىزغىن ساۋاقداشلار بىلەن بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۈندە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىم تولىمۇ مەنىلىك ، خۇشال ئۆتمەكتە . ھەر كۈنى دەرستىن چۈشكەن ھامان ئۇ كۈتۈپ تۇرغان جايغا يۈگۈرىمەن ، بىز بىرگە ئولتۇرۇپ شېرىن سۆھبەت قۇرىمىز ، ھەتتا تاماق ۋاق-

تىدىمۇ بىرگە بولىمىز . ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەممە ساۋاقداشلار بىلگىنى ئۈچۈنمىكىن ، بىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزگە ماس كەلگەن تەقى ـ تۇرقىمىز ، مىجەز ـ خاراكتېرىمىزدىن ھەممىسى ھەۋەسلىنىشىدۇ . بىز ئەمدى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ، تولۇق ئوتتۇرىدىكى دەۋرىمىزگە ئوخشاش ئوقۇتقۇچى ۋە ئاتا ـ ئانىلىرىمىزدىن قورقۇپ ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئۇچرىشىدىغان دەۋرىمىز ئۆتۈپ كەتتى ـ دە !

بۈگۈن مەكتەپتە ئېچىلغان چوڭ يىغىن مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەكمۇ غەش قىلدى . ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچى قىز مەكتەپتىن قوغلانغانىدى ، بۇ بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۈچۈن نېمىدېگەن نومۇس ئىش ـ ھە ! بۇنىڭدىن بۇرۇن بىر قانچە قىز ـ يىگىت ئوقۇغۇچىلار مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قوغلانغانىدى . لېكىن بۈگۈنكى ئىش تولىمۇ تاسادىپىي بولغاچقىمىكىن ، ئۇ بىچارە قىزغا شۇنچىلىك ئىچىم ئاغرىدىكى ، بەزى سۆزلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمىسىمۇ ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىمگە ياش ئالدىم . ئەسلىدە ھېلىقى بىچارە قىز ھامىلىدار بولغىلى تۇققۇز ئاي بولغانىكەن ، ياتاقتىكى قىزلارنىڭ كەچلىك مۇزاكىرىگە چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدا ، ئۇ قاتتىق تولغاق يەپ تۇغۇپتۇ ، بالىنى ھەم باشقا نەرسىلەرنى قەيەرگە يىغىشتۇرۇشنى بىلمىگەن قىز بىر سومكىغا ساپتۇ ـ دە ، كارىۋات ئاستىغا تاشلاپ قويۇپتۇ . كەچلىك مۇزاكىرىدىن يېنىپ ياتاققا كىرگەن قىزلار ياتاقتىن چىقىۋاتقان غەلىتە پۇراقتىن ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ ، دوستىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ ئۇنىڭ ئېغىر كېسەل بولغانلىقىغا ئىچ ئاغرىتىشىپتۇ ، تۇغۇلغان بالىنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ .

ئەتىسى كەچتە ، ھېلىقى قىز دوستلىرىنىڭ كەچلىك

مۇزاكىرىگە چىقىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، بەللىرىنى
چىڭگىدە تېڭىپ ، سومكىنى كۆتۈرگىنىچە سىرتقا — مەكتەپ
كەينىدىكى ئېگىز دۆڭلۈككە چىقىپتۇ . ئادەم يوقلۇقىنى كۆرگىنى-
دىن كېيىن ، يەرنى كولاپ ھېلىقى سومكىنى كۆمۈپتۇ . ئەپ-
سۇس ، بىچارە قىز قورقۇنچلۇقتا ھەم قاراڭغۇدا ئۆزىنىڭ ھەرىكە-
تىنى كۆزىتىپ تۇرغان بىر خەنزۇ ئەر كىشىنى كۆرمەي قاپتۇ .
خەنزۇ ئەر كىشى ئەسلىدە سىرتقا تەرەتكە چىققانىكەن ، قىزنىڭ
ھالىتى ھەم كۆمگەن نەرسىسى غەلىتە تۇيۇلۇپتۇ — دە ، قىزنىڭ
كۆمگەن سومكىسىنى ئېلىپ ئۆيىگە ئەكىرىپ ئېچىپتۇ ، ئەتىسى بۇ
ئىشنى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ئېيتىپ قويۇپتۇ . « كېسەللىنى يو-
شۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا » دېگەندەك ، بىچارە قىزنىڭ بۇ ئىشى
ئاخىر ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن مەكتەپتىن قوغلىنىپتۇ .
ئۇھ ! توۋا ! ئادەمنىڭ بۇ گەپلەرگە ئانچە ئەقلى يەتمەيدۇ ، ئەمما
ئىشەنمەي نە ئىلاج ؟ ھېلىمۇ پات — پات بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ
تۇرىدىغۇ !؟ نېمە ئۈچۈن بۇ قىزغا شۇنچە ئىچ ئاغرىتىپ ، يۈرە-
كىمنىڭ غەلىتىلا تەشۇىشلىنىپ سوقۇشىنىڭ سەۋەبىنى تېخى يې-
قىندىلا بىلدىم . توۋا ، مەنمۇ نېمە بولدۇم ؟ مەنمۇ راستتىنلا ...
ياق ... ياق ، خۇدايىم ساقلا ! ھەرگىز ...
ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، مەن ئۆزۈمدىكى ئۆزگە-
رىشلەرنى ئېنىق ھېس قىلدىم . بارا - بارا يوغىناۋاتقان قورسىقىم ،
ئاپئاق يۈزۈمدە غۇۋا بىلىنىپ تۇرغان سېرىق داغلار ... ئاھ ! مەن
بۇ مەكتەپكە كەلگىلى بىر يىلمۇ بولمىغان تۇرسا ... بىچارە ئانام
مېنى نى - نى ئارزۇ ، ئۈمىد بىلەن يىغلاپ يۈرۈپ يولغا سالمىغان-
مىدى ؟ ئەمدى قانداق قىلاي ؟
قورقۇنچ ، تەشۇىش ھەم نومۇس بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈ-
زۈۋاتىمەن . لېكىن نېمىشقىكىن ، ئۇنىڭغا ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ .

ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە شۇنچە ئۇلۇغمىكىنتاڭ ، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىمەن ، بەزى سۆزلەرنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا نومۇس قىلىمەن . گويا بۇ گەپلەر بىلەن تەڭ مېنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئورنۇم بىردىنلا تۆۋەنلەپ ، ئۇنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدىغاندەكلا بىراق ھازىر ئالتە ئايدىن ئاشتى ، ئەمدى قانداق قىلاي ؟ ئاھ خۇدا ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئېيتماي ئامال يوق ، ئۇ بەلكىم بىرەر چارە تاپار .

بۈگۈن يەكشەنبە بولۇشىغا قارىماي ، تولىمۇ سەھەر تۇردۇم . ئەمدى ئۇنى ئىزدەيمەن ، بۈگۈنلا ئۇنىڭغا ئېيتىمەن ، بەلكىم ھازىرلا . ئۇنى ياتىقىدىن تېزلا تاپتىم ، ئۇنىڭ تەكلىپى بويىچە بىز قىزىلتاغ باغچىسىغا كىردۇق ، ئۇنىڭ كەيپىياتى بۈرۈنقىدەكلا خۇشخۇي ئىدى . باغچا ئىچىدىكى ساپ مۇھىت ۋە ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ئۇنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ كۆتۈرگەن بولسا كېرەك ، بىردىنلا توختاپ بوينۇمغا گىرە سالدى ، ئوتلۇق كۆزلىرىنى تىكتى . بىردىنلا ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيۈپ كەتتى ، يۈرىكىم ئاچچىق ئىگرىدى ، كۆز يېشىم بىردىنلا باھاردىكى يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىمنى قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم . ئۇنىڭ ساغلام بەدىنى بىردىنلا سىلكىندى ، كۈچلۈك قوللىرى ئىككى مۈرەمنى چىڭ قامallىدى :

— ئېپار ، نېمە بولدۇڭ ؟ نېمىشقا يىغلايسەن ؟

— مەن ... مەن ... سىز ، — دېمەكچى بولغان سۆزلىرىم بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ قالدى ، نومۇس كۈچىدىن يۈزلىرىم ئوت ئالدى ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم قانداقتۇر بىرەر زەربىگە دۇچ كەلگەندەك ئۆز تەگپۇگلۇقىنى يوقاتتى .

— مەندىن رەنجىدىڭمۇ ؟ — ئۇ قوللىرى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى ئاستا سۈرتتى . ئۇنىڭ سۆزلىرى نېمىدېگەن سە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مىمى ـ ھە !

ــــ مەن ... يېقىندىن بۇيان غەلىتە بولۇپ قالدىم ...

ــــ قانداقىسىغا ؟

ــــ ئۆزۈمىمۇ ئۇقمايمەن ... مەن ... مەن قورقۇۋاتىمەن ...

ئۇ دەسلەپتە نېمە دېگىنىمنى چۈشەنمىگەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى ، كېيىن كۆزلىرى بىردىنلا ئاۋۋال سۇس داغ بىلەن تولغان سولغۇن يۈزۈمگە ، ئاندىن پوپايكا ئۈستىدىن خېلىلا پومپىيىپ قالغان قورسىقىمغا تىكىلدى .

ئاھ ! ئىزا ، نومۇس مېنى بىردىنلا ئەسەبىيلەشتۈردى ، ئۇنىڭ ئالدىدىن يۈلقۇنۇپلا يۈگۈردۈم .

ــــ ئىپار ... ! ــــ ئۇنىڭ ئاۋازى گويا قەتئىي بۇيرۇقتەك چىپپىدە توختاپ قالدىم ، كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشتىن قورقۇپ ، كۆزلىرىمنى يۇمدۇم . ئۇ سالماق قەدەم بىلەن ئالدىمغا كەلدى ، كىچىك بالىنى ئاۋايلىغاندەك ئاستا يېتىلەپ تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى ، قولىنى مېھرىبانلىق بىلەن مۈرەمگە قويدى .

ــــ ئىپار ، سېنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن . سەندە سەۋەنلىك يوق ، مەن پەقەت سېنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ كەتكەنلىكىمدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاپتىمەن ، گۇناھ مەندە ، لېكىن سەن مەندىن ئەنسىرىمە . مەن ئۆزۈم قىلغان ئىشقا ئۆزۈم ئىگە ، خاتىرجەم بول ، مەن سېنى ھەرگىز بالاغا تىقىپ قويمايمەن .

كۆز ئالدىم پاللىدە يورۇغاندەك كۆزۈمنى ئاچتىم ، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ، تولىمۇ تەمكىن تۇراتتى .

ــــ ئەمىسە ، ئالدىرىۋېتەي .

— قانچىلىك ۋاقىت بولدى ؟

— ئالتە ئايدىن ئاشتى .

— نېمە ؟ ئاپلا ، ئالتە ئايلىق بولغان ھامىلىنى ئالدۇرۇ-ۋەتكىلى بولمايدۇ .

— ئەمدى ئامال يوقمۇ ؟ — ئۇنىڭ ئاپىسى ئاياللار دوخ-تۇرى بولغاچقا ، ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى بىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئە-مەس ئىدى .

— قانداق قىلارمىز ؟ — كۆزلىرىمگە يەنە مۆلدۈرلىگەن ياش كەلدى .

— بولدى ، ئەنسىرىمە ، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن ، ۋاقتى كەلگەندە ساڭا ئېيتىپ بېرىمەن .

ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن ھەم تەشۋىشلەنگەن ھالدا كۈنلەرنى ساناپ دېگۈدەك ئۆتكۈزۈۋاتىمەن . ئۇنىڭ ماڭا بۇرۇن-قىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنۈپ ، كۆڭلۈمنى ئاياپ تۇرغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، كۆڭلۈم خۇش بولىدىغان ھېچ نەرسە يوق . دەرستە چېكىنىپ كەتتىم ، ھەر سائەتلىك دەرستە پارتىدا ئولتۇ-رۇش بارا - بارا ئېغىر كېلىۋاتىدۇ . ئاي ، كۈنۈم توشۇشقا ئازلا قالدى . ئۇ مېنىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلىپ ، ئۆز پىلانىنى ئېيتتى . بىز پىلان بويىچە ئىش باشلىدۇق . ئۇ ئالدى بىلەن شە-ھەرلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان يېقىن ئاغىنىسىدىن « ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدى ، ئائىلىدە ئىككى ئاي دەم ئالىدۇ » دېگەن مەزمۇندا ئىسپىراپكا خېتى ئېلىپ بەردى . ئاندىن مەكتەپ رەھ-بەرلىكىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ، ئۇ مېنى ئۆيۈمگە ساق - سالامەت يەتكۈزۈپ قويۇش ۋەزىپىسى بىلەن يولغا چىقتۇق . بىز چۈشكەن ئاپتوبۇس ئاۋات ، گۈزەل شەھەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ چەت بىر يېزىدا توختىدى . ئۇ مېنى ئاستا يېتىلەپ ئالدىن ئالاقىلىشىپ قو-

يۇلغان بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. كۆزلىرىم ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى. ياغلىقنى پېشانىسىدىن چىڭگىدە چېگىۋالغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئاستىنقى قىسمى ئۈستۈنكى قىسمىدىن چوڭراق كۆرۈنىدىغان، چېقىر كۆزلىرىنى مېنىڭ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە قايتا - قايتا يۈگۈرتۈۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق دېھقان ئايال؛ تۇرمۇش ئەھۋالىنى مانا مەن دەپ بىلىندۈرۈپ تۇرىدىغان يىرتىق كىگىز ئۈستىگە پومىلاپ قويۇلغان، كىرلىشىپ كەتكەن يوتقان - كۆرپىلەر؛ ئوچاقنىڭ ئاچچىق ئىسلىرىدا نالە قىلىۋاتقاندەك شىڭىلداۋاتقان قارا چۆگۈن؛ پەگادىكى ساپال تاۋاق، ياغاچ قوشۇقلار... مەن ئەمدى مۇشۇ ئۆيدە، مۇشۇ ئايالغا ھەمراھ بولۇپ ئىككى ئاي تۇرمۇش كەچۈرىمەن. بۇ دۇنيادا ئادەم نېمىلەرگە كۆنمەيدۇ دەيسىز؟ ئۇ يېنىمدا ئالتە كۈن تۇرۇپ مەكتەپكە قايتىپ كەتتى. مەن كۈن بويى قاپىقىنى ئاچمايدىغان بۇ دېھقان ئايال بىلەن بىرگە قالدىم. قاتتىق - قۇرۇق نانلار، كۈندە قاينىلىدىغان ئۇماچ، يوبدانلار... ئىشقىلىپ، ئۇ قولۇمغا بېرىپ كەتكەن پۇل بىلەن ھەر ھالدا ئاچ قالمىدىم. كۈندە دېگۈدەك يوغان قورسىقىمنى ئاستا سىلىغىنىمچە ھويلىدىكى پاخال ئۈستىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ خىيال سۈرۈپ ياتىمەن. ئاپام، ئۆيۈمدىكى ئەركىلىكلىرىم، مەكتىپىمدىكى خۇشال تۇرمۇشۇم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بۇ دۇنيادا قايسىبىر ئىنسان ئۆزىدە بار نەرسىنىڭ قەدرىگە يەتكەن؟ مەن تېخى ئەمدىلا ياشلىق، قىسقىسى، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ بولالمايلا «ئانا» بولىدىغان بولدۇم. ئانا بولۇش قېيىنمىدۇ؟...

— ئاپا! — تولغاق ئازابىدىن ئاچچىق ئىڭرىدىم، ھالسىزلاندىم، ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەھشەت ئاغرىق پۈتۈن بەدىنىمنى چىڭگىدە قامالىدى، ئېغىزلىرىمدىن چىقىۋاتقان ھالسىز



www.uyghurkitap.com

نالىلىرىم قۇلىقىمغا ناھايىتى غۇۋا ئاڭلىنىۋاتىدۇ . ياق ... ياق ، مەن ئانا بولمايمەن ، ئانا بولۇش بەك ... بەك تەس ئىكەن ! ئاغرىق ئازابىدىن پۈتۈن بەدىنىم بوشىشىپ ، چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەندەك ، نېرۋىلىرىم ئۆز سەزگۈسىنى يوقاتقاندەك كۆز ئالدىم پۈتۈنلەي قاراڭغۇلاشتى ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تولىمۇ ئاجىز ئىڭرىدىم :

— ئا ... پا ... !

بالا تۇغۇلدى . يېنىمدا كونا ، كىچىككىنە كۆرپىگە يۆگەلگەن بوۋاققا قاراپ ، ئۆزۈمنى بىردىنلا چوڭ بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم . راست ، مەن ئەمدى ئانا بولدۇم ، ئەمدى ئاپام ئالدىدىكى ئەركىلىكلىرىم ، ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدىكى تەنتەك شوخلۇقلۇرۇم ماڭا ياراشمايدۇ ، ئۇ دېگەن كىچىك ئوقۇغۇچى قىزلارنىڭ قىلىقى . لېكىن مەنمۇ ئوقۇغۇچىغۇ ؟ مەكتەپ قويىنىغا كىرگىنىمگە ئەمدى بىر يىل بولغان ، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى كىچىك قىزغۇ ؟ ئەپسۇس ، مەن ھازىر ئانا ، چوڭ بىر ئايال ... ئاھ خۇدا ، نومۇس ، قورقۇنچتىن يۈزۈمنى يوتقاندا يۆگىۋالدىم ، كۆز ياشلىرىم ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتتى .

— ئېپار ، نېمە بولدۇڭ ؟ — يەنە ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى . بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم ، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، مۈگىلىنىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ قاپتۇ ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى خېلىلا ئۆسۈپ يوغان بىر ئادەمگە ئوخشاپ قاپتۇ . بىچارە ... قولۇمنى يوتقاندىن چىقىرىپ ئاستا يۈزىنى سىلىدىم ، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئازابلىنىپ ، غەم يەپتۇ ـ دە ! ئۇ شەھەردىن ئېلىپ چىققان نەرسىلىرىنى ئاستا بېشىمدا قويۇپ ، بالىنى قولىغا ئالدى .

— نېمانداق كۆپ نەرسە ئالدىڭىز ؟

— سەن ئۇبدان ئوزۇقلانمىساڭ قانداق بولىدۇ ، يەنە بالى-

www.uyghurkitap.com

مىزغا كېرەكلىك نەرسىلەرمۇ بار تېخى .

— پۇلنى قانداق قىلدىڭىز ؟

— تۈنۈگۈن ئۆيدىكىلەر يۈز يۈەن ئەۋەتىپتۇ...

ئاھ ، ئۇ قانداق ياخشى - ھە ! ياخشى كۆرۈشكە ، سۆيۈشكە ھەم قۇربان بېرىشكە نەقەدەر ئەرزىيدۇ — ھە !

بالامنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا چىقالايدىغان بولۇپ قالدىم . ئىككى ئايلىق دەم ئېلىش ۋاقتىممۇ توشۇپ قالدى ، ئەمدى مەكتەپكە قايتىشىم كېرەك ، بولمىسا بەزىبىر گۇمانلارنى تۇغدۇرۇپ قويۇشۇم مۇمكىن .

ئۇ مېنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا چىقتى . بالامدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىسىمۇ ، ئامالسىز بالىنى بۇ ئايالنىڭ ئۆيىدە قالدۇرۇپ قويۇشقا توغرا كەلدى . بۇ ئايال شۇنچىلىك جاھىل ئىكەنكى ، بىزنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشىمىزغا بەكمۇ تەسلىكتە كۆندى . بالا بېقىش ھەققى ئۈچۈن ھەر ئايدا ئەللىك يۈەن ، بالىغا كېتىدىغان خەج - خىراجەت ئۈچۈن ئەللىك يۈەن ، جەمئىي يۈز يۈەن تۆلەيدىغانغا كېلىشتۇق . ئۇھ ... ھەر ھالدا بالىنى قانداق بېقىش ئىشى ھەل بولدى . لېكىن بىزگە ئوخشاش ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ، يۈز يۈەن ئاز پۇل ئەمەس — دە ! بۇ بىز ئىككىمىزنىڭ بىر ئايلىق خىراجىتى بىلەن باراۋەر ئىدى .

مانا ئەمدى بىزگە ئوقۇغۇچىلىق مەسئۇلىيىتى ئۈستىگە يەنە تولىمۇ ئېغىر بولغان ئاتا - ئانىلىق مەسئۇلىيىتى قوشۇلدى . ئاھ خۇدا ، دۇنيادا ئاتا - ئانا بولماقتىنمۇ ، بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش ئوغرىلىقچە ئاتا - ئانا بولماقتىنمۇ قىيىن ئىش يوق ئىكەن . دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر - تۈنلەر ، ۋەزنى ئېغىر دەرسلىكلەر ، تولىمۇ چىڭ ئېلىنىدىغان ئىمتىھانلار ، ئۇيقۇسىزلىق ، روھىي بېسىم ۋە ناچار ئوزۇقلۇقتىن كېلىپ چىققان ماغ-

دۇرسىزلىق قوشۇلۇپ مېنى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىمۇ ماڭا ئايان. ئۇ ماڭا ئوخشاشلا پۇلنى تېجەش ئۈچۈن ھەتتا تاماكىمۇ چەكمەس بولدى. لېكىن دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. ھەر قانچە ئاچچىق يۇتۇپ دەرد تارتسىمۇ، ماڭا يەنىلا خۇشخۇي، قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇمىد بېغىشلايدۇ، ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى خېلى ياخشى. ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ يالغۇز پەرزەنتى بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ پۇل ئەۋەتىش توغرىسىدىكى تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ تۇ-رىدۇ. مۇشۇنداق قىينىلىپ يۈرۈپ ھەر ھالدا ئىككى يىلنى ئۆت-كۆزدۇق. ئوماق قىزىمىز ئىككى ياشقا كىرىپ، بىز ھەر قېتىم يوقلاپ چىققاندا، چۈچۈك تىللىرى بىلەن ئەركىلەيدۇ. قىزىمىنىڭ قاش، كۆز، بۇرۇن — ھەممە جايلىرى، كۈلگەندىكى چوڭقۇر زىنىخى ھەتتا سول مەڭزىدىكى قارا خاللىرىغىچە ماڭا قويۇپ قوي-غاندەك ئوخشاشلىقى ئۈچۈنمىكىن، دادىسى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئامراقكى، قۇچىقىغا ئېلىپ توختىماي سۆيۈپ كېتىدۇ.

بۈگۈن يەكشەنبە كۈنىدىن پايدىلىنىپ قىزىمىزنى كۆر-گىلى چىقتۇق. قىزىمىز چۇڭۇلدىغىنىچە ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، قولۇمدىكى سومكىغا ئېسىلدى:

— ئاپا، قوشىغىم ۋاۋا، نان...

قىزىمنىڭ كۆزىدىكى لىغىرلاۋاتقان ياشنى كۆرۈپ يۈرىكىم پىژژىدە ئېچىشتى، شۇنداق غەزىپىم كەلدىكى، بىر ياندا قاراپ تۇرغان ئايشەمخانغا ئاچچىق بىلەن تىكىلدىم:

— ئاچا، بۇ...

— نېمە؟ سىلەر تېخى مېنى بالامنىڭ قورسىقىنى ئاچ قويدۇڭ دەپ ئەيىبلىمەكچىمۇ؟ ھىم، ھېلىمۇ ئىككى يىل ئۆز بالامدەك باقتىم، ئەمدى باقمايمەن، بولدى، ئېلىپ كېتىشسىلە.

www.uyghurkitap.com

— ئاچا، مەن ... — يەنە يالۋۇرۇشقا توغرا كەلدى.

— ماڭا بېرىدىغان يۈز يۈەن يەتمەيدىكەن، — دېدى ئا-
يال زەردە بىلەن، — ئىككى ياشلىق بالىنىڭ يەيدىغىنى، جىد-
دىمۇ كۆپ بولىدىكەن. يەنە ئەللىك يۈەن قوشۇپ بېرىشسىلە،
بولمىسا باقمايمەن.

— ئوبدان، ئاچا، بىز ... — ئۆزىمىزنىڭ ئوقۇغۇچى ئىـ-
كەنلىكىمىزنى ئاشكارىلاپ قويۇشقا تاسلا قالدىم. ھېلىمۇ ياخشى
ئۇ مېنىڭ ئېغىزىمدىكى گەپنى تېزلا تارتىۋالدى:

— يەنە يىگىرمە يۈەن قوشايلى، بولامدۇ؟

— ياق ...

خېلى ئۇزۇن تالاش-تارتىشتىن كېيىن ئايالغا ھەر ئايدا
بىر يۈز ئوتتۇز يۈەن پۇل بېرىشكە كېلىشتۇق. قايتىش ۋاقتىدا ئۇ
كۈتۈلمىگەندە سوراپ قالدى:

— سىلەر زادى قەيەردە ئىشلەيسىلەر؟

— زاۋۇتتا.

— قايسى زاۋۇتتا؟

ھودۇقۇشۇمدىن تىلىم گەپكە كەلمىدى. گويا ئۇ بىزنىڭ
سىرىمىزنى بىلىپ قالىدىغاندەك قورقۇپ كەتتىم.

— ئاياغ-كىيىم زاۋۇتىدا.

ئۇ زاۋۇت شەھەرنىڭ نەرىدە؟

بۇنداق ئىنچىكىلەپ سوراشتىن ئاچچىقىم كەلسىمۇ، لېكىن
ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم:

— ئەجەب سوراپ قالدىڭىز؟

— بۇ بالا دائىم ئانام، دادامنى كۆرىمەن دەپ خەقنىش قى-
لىدۇ، شۇنداق چاغدا يېنىڭلارغا ئەكىرىمەن.

— ياق ... ياق ... ھەر ... ھەرگىز ئەكىرمىسىلە،

ھەرگىز ... ـــ يۈرىكىم بىردىنلا ئەنسىز سوقۇپ كەتتى، بەدىنىم تەگپۇگلۇقنى يوقاتقاندەك ئۇنىڭغا يۆلىنىپ قالدىم، ئۇ مېنى ئاستا يۆلەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى.

مانا ئەمدى بۇ دەرد ئۈستىگە يەنە غەم قوشۇلدى، ئايالىنىڭ يامان كۆزلىرى گويا بىزنىڭ ئىچ باغرىمىزدىكىنى، قىسقىسى، بىزنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالغاندەكلا ئىدى. بۇ ئىش ئاشكارىلانسا، بىزنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىمىز بىر تىيىنغا ئەرزىگۈسىز بولىدىغۇ ئاخىر. غەم ـ ئەندىشە مېنى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويىدى. بۇ قېتىمقى پەسىللىك ئىمتىھاندا يەنە ئىككى پەندىن ئۆتەلمەي فاكۇلتېت ئىشخانىسىغا چاقىرتىلدىم. سىنىپ مۇدىرىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى يۈرىكىمگە قىزىتىلغان زىختەك تەگدى:

ـــ ئىپار، سىز مەكتەپكە يېڭىدىن كەلگەندە تىرىشچانلىقىڭىز بىلەن دىققىتىمنى تارتقانىدىڭىز، مەن سىزدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدىم. ئەپسۇس، سىز ھازىر سىنىپ بويىچە ئەڭ قالاق ئوقۇغۇچىغا ئايلىنىپ قالدىڭىز. بۇ بىر بىلىم ئىگىلىگۈچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئويلىنىشقا تېگىشلىك چوڭ ئىش ئەمەسمۇ؟

ـــ مۇئەللىم، مەن... ـــ كۆز ياشلىرىمنى توختىتىۋالالمىدىم، مۇئەللىمگە نېمە دېمەكچى بولۇۋېدىمكىنتاڭ، ئاۋازىم چىقماي قالدى. ئىشخانىدىن يۈگۈرگىنىمچە چىقىپ كەتتىم. مۇئەللىمنىڭ «سىز سىنىپ بويىچە ئەڭ قالاق ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆزى ھېلىدىن ـ ھېلىغا قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپ، يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلماقتا. مەن ئاشۇنداق ھەممىنىڭ كەينىدە قېلىشقا لايىقمىدىم؟ قېنى، مېنىڭ ئالىي مەكتەپكە كېلىش ئالدىدا سۆرگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم، تىكلىگەن ئىرادە ـ غايىلىرىم؟ قېنى، مېنىڭ كىچىكىمدىن يېتىلدۈرگەن ھەممە ئىشتا باشقىلار-

نىڭ ئالدى بولۇشقا ئىنتىلىدىغان مەغرۇر تەبىئىتىم ؟ قىزنى ، ئا-
سانلىقچە بىرەر ئىشتا يېڭىلگىنىمنى تەن ئالمايدىغان ، باشقىلار
بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئادەتلەنگەن كەسكىن مىجەزىم ؟ قىزنى ،
كىچىككىنە سەۋەنلىك ياكى دىتىمغا ياقمايدىغان بىرەر ئىشنى ئۇ
چۇن ئاھ ئۇرۇپ ، چارە ـ ئامال ئىزدەيدىغان ئىچى كۆچلۈك غۇ-
رۇرلۇقۇم ؟ ... ئاھ ! ئەجەبا بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى مەندە
قالمىغانمىدۇ ؟ مەن پەقەت ئانا بولۇش ئۈچۈنلا ئۆزۈمدە بار بولغان
ھەممە ئېسىل مىجەز ـ خۇلق ، خاراكتېرىمنى يوقاتتىممۇ ؟ غۇرۇر
دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدۇممۇ ؟ يوق ، ۋۇجۇدۇم خىجىل
بولۇش ، ئالغا ئىنتىلىش دېگەندەك تۇيغۇلاردىن خالىي قالدىمۇ ؟
راست ، مەن ھەممىدىن ئايرىلدىم . ئانا بولۇش ئۈچۈن يالغان
سۆزلىدىم ، خەققە يېلىنىپ باش ئۇرۇپ يالۋۇردۇم . ئۆز ۋۇجۇ-
دۇمدىن بارلىق ئارزۇ ـ ئارمان ، ئۈمىد ـ ئىستەك ، ھەۋەس ـ غايە
دېگەنلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن قوغلىدىم . بۇنىڭ بەدىلىگە مەن
يوغان بىر ئانا بولدۇم ، ئانا بولغاندىمۇ ئۆز بالىسىغا ئاق سۈتىنى
قانغۇچە بېرەلمىگەن ، ئوچۇق ـ ئاشكارا بېقىپ ـ تەربىيىلەشكە
جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇمسىز ، نومۇسسىز ئانا بولدۇم .

ئوقۇش پۈتتۈرۈشۈمگە يەنە بىر يىل قالدى ، بۇ بىر يىل
قاچان تۈگەر ؟ غەم ـ ئەندىشە ، خاپىلىقلاردىن قاچانمۇ خالىي
بولارمەن ؟ ئۇھ ... ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك
ۋە كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىغان ئاخىرقى ئوقۇش يىلى ماڭا تولىمۇ
ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنمەكتە . قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلار ئوقۇ-
غۇچىلىق تارىخىدىن خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن بەس ـ بەستە
ئۆزئارا سۈرەت ئالماشتۇرۇۋاتىدۇ . ئايرىلىش خاتىرىسى يېزىشىۋا-
تىدۇ . پەقەت مەنلا پەرۋاسىز ، خۇددى ئاشۇ قىزغىن ، ئوچۇق ـ
يورۇق ساۋاقداشلىرىمدىن زېرىككەندەك ۋاقتىنىڭ تېزرەك ئۆتۈ-

شنى كۆتمەكتىمەن. ھېچكىمدىن سۆرەتمۇ سورىمىدىم، سۆرەتمۇ بەرمىدىم ھەم ئايرىلىش خاتىرىسىمۇ يازمىدىم. بىلىمەن، ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى، چۈشكەن سۆرەتلىرىنى، دوستلىرىنىڭ قولىيازمىلىرىنى يىغىپ دوستلىرىغا، ئاتا - ئانىلىرىغا، كېيىنچە يولدىشى ۋە بالىلىرىغا كۆرسىتىدۇ، سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى پەخىرلىنىپ ئەسلىشىدۇ. لېكىن مەنچۇ؟ كىمگە، نېمىنى سۆزلەپ بېرىمەن؟ غەم - غۇسسە، دەككە - دۈككىدە ئۆتكۈزگەن كۈن - تۈنلەرنىمۇ ياكى ھېلىقى قورقۇنچلۇق، نومۇسسىز تۇرمۇشىمىزنىمۇ، ۋە ياكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە تاپقان بالىمىزنىڭ ئەھۋالىنىمۇ؟...

بىر ھەپتىلىك ئەمگەك قىلىشۋاتاتتۇق، كاللامدا بايا - تىنقى كۆڭۈلسىز خىياللار ھۆكۈم سۈرگەچكىمىكىن، بېشىم قې - يىپ غەلىتىلا بولۇپ قالدىم، يۈرىكىم نېمىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك تۇيۇقسىز ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. ئاھ! قورقۇنچلۇق مىنۇتلار! كۆز ئالدىمدىكى كۆرۈنۈش بىردىنلا مېنى جايىمدا قاتۇرۇپ قويدى. كۆزلىرىم بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدىم. كۆز - لىرىم خاتا كۆرمىگەندۇ؟ ياق... ياق... مۇمكىن ئەمەس.

— ئاپا!

بېشىمدا چاقماق چېقىلغاندەك چۆچۈپ ئەسلىمگە كەلدىم، تۇرمۇزلانغان نېرۋىلىرىم تېزلا سىلكىندى. قېتىپ قالغان كۆزلە - رىم ئالاق - جالاق بولۇپ ئەتراپقا تىكىلدى. ئاھ خۇدا، ھەيران - لىقتىن چەكچەيگەن كۆزلەر، كۈلكە قېتىپ قالغان لەۋلەر... قورقۇنچ بىردىنلا ماڭا ئەقىل بەرگەندەك بولدى، تولىمۇ تەستە كۈلۈمسىرىدىم. ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئالدىمغا ئېتىلىپ كەلگەن قىزىمنى كۆتۈرۈپ يۈزلىرىگە سۆيدۈم. سىنىپ باشلىقىغا تۇغقە -

www.uyghurkitap.com

نىمنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇپلا ، بىرياندا گىدىيىپ تۇرغان ئايشەمخاننىڭ قېشىغا باردىم . تولىمۇ يۇمشاق ، ئەمما زوردىلىك ئاۋازدا پىچىرلىدىم :

— ئاچا يۇرسىلە ، ياتاققا كىرەيلى !

ئايال دەسلەپ ماڭا مەنسىتمەسلىك بىلەن تىكىلدى . ھەم ھالدا ئىنساپ قىلىپ كەينىمگە ئەگەشتى ، كېتىۋاتىمەن ھەم سىزىۋاتىمەن . پۇتلىرىم تىترەپ ، يۈرىكىم ئۆزۈم ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە دۈكۈلدەپ سوقۇۋاتىدۇ ، كەينىمگە قاراشتىن قورقىمەن ، ساۋاقداشلىرىم ھازىر قانداق ھالەتتىكىن ؟ ئۇلارنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويدۇممىكىن ؟! ... ھېلىمۇ ياخشى ، بۇ ئايال خىيلىلا ئىنساپلىق ئىكەن . ياتاققا كىرگۈچە ئۈندىمىدى ، ياتاققا كىرگەندىن كېيىنلا ئېغىزىنى قويۇۋەتتى :

— سىلەر نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېنى ئالداپ يۈرۈپتىكەنسىلەر ـ ھە ! ھىم ، ئوقۇغۇچى تۇرۇپ قىلغان نومۇسسىز ئىشىنى قاراڭلار بۇلارنىڭ ! نىكاھسىز بالا تېپىپ ... تۇفى !

ئايالنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىمگە قاتتىق تەگدى . ئايال سۆزلىمەكتە :

— سىلەر خىيالىڭلاردا مېنى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەمسىلەر ؟ ھىم ، مەن سىلەردىن ئاللىبۇرۇن گۇمانلانغان ، ئىككىڭلار ھەققىي ئەر ـ خوتۇن بولساڭلار بالاڭلارنى ئۆزۈڭلار بېقىشتىن قورقۇپ خەققە باقتۇرامتىڭلار ؟ خىزمىتىمىز ئالدىراش دەيدۇ تېخى ! ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى ئارقاڭلارغا بىر بالا سېلىپ قويغاندىم، شۇ بالا سىلەرنىڭ بۇ مەكتەپكە كىرىپ كەتكىنىڭلارنى كۆرۈپتۇ ، كىچىككىنە تۇرۇپ قىلغان نومۇسسىز ئىشنى بۇلارنىڭ ، تۇفى ! مەن سىلەرنى مەكتەپكە چاقىمەن ، سەنلەرنى مەكتەپتىن قوغلىۋەتسۇن !

— جېنىم ئاچا ! — بوقولداپ يىغلىغىنىمچە ئالدىدا تىزلاندىم ، — بىز گە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن ، ھېلىمۇ بىز بۇ يىللارنى بەكمۇ تەستە ئۆتكۈزدۇق . ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئازلا قالدۇق . ئاشۇ كىچىككىنە قىزىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىڭ !

ئەمگەكتىن يانغان بولسا كېرەك ، ياتاق بىناسىدا قىزلار-نىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلاندى . ئورنۇمدىن تۇرۇپ كۆزۈمدىكى ياشنى سۈرتۈشكە ئۈلگۈرمەستىنلا ياتاققا كىرىپ كەلگەن گەپدان ئالىيە گەپ ئاچتى :

— پاھ ! ئىپار ، بىز شۇنچە ۋاقىتقىچە سېنىڭ بۇنچىلىك بالاڭ بارلىقىنى ئۇقماي يۈرۈپتۇق جۇمۇ !

ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ كەلگەن قىزلار چاقچاق قىلىشقا باشلىدى ، يۈرىكىم ھەر ھالدا ئورنىغا چۈشتى . ئۇھ ... خۇداغا شۈكرى ، ئۇلار مەندىن گۇمانلانماپتۇ ، ئۇلارغا كۈلۈپ تۇرۇپ بۇ قىزنىڭ يېزىدىكى بىر تۇغقىنىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ، ماڭا بەك ئامراق بولغاچقا « ئاپا ! » دەپ چاقىرىشقا كۆنۈپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدۇم . ھېلىمۇ ياخشى ، ھېلىقى ئايال مېنى چاندۇ-رۇپ قويمىدى ، سۆزلىرىمگە ، ھەربىكىتىمگە ئۈنسىز قاراپ تۇردى .

— ئاچا ، يۈرسىلە ، تاماق يەپ كىرەيلى .

ئايالنىڭ ياتاقتىكىلەر ئالدىدا مېنى ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ياتاقتىن ئېلىپ چىقتىم . مەكتەپ سىرتىغا چىقماي تۇ-رۇپلا ئايال كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلىدى :

— ماڭا ھازىر پۇل كېرەك ، بەش يۈز يۈەن پۇل كېرەك ، پۇلنى بەرسەڭلار مەيلى ، بەرمىسەڭلار مەكتىپىڭلارغا ھا-زىرلا ئەرز قىلىمەن .

— بەش يۈز يۈەن ؟ — گويا ئۇستۇمگە تاغ يىقىلغاندەك ھالسىراپ قالدىم . « بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى نەدىن تېپىش

www.uyghurkitap.com

كېرەك ؟»

ــ جېنىم ئاچا ، بىز ئوقۇغۇچى تۇرساق ، بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى نەدىن تاپالارمىز ؟!

ــ ھىم ، ئوقۇغۇچى ئىمىش تېخى ! بۇمۇ سىلەرگە تېخى ئازلىق قىلىدۇ ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان پەسكەشلەر !
ئايالنىڭ بۇنداق ھاقارەتلىك سۆزلىرىگە چىداپ تۇرماي نە ئىلاج ؟ پۇلنىڭ ئىشىنى يەنىلا ئۇ بىر تەرەپ قىلدى ، دۇكان ئاـ چىدىغا دوستىدىن پۇل قەرز ئالدى ـ دە ، ئايالنى يولغا سالدى .
ــ بۇ قەرزنى قاچان تۆلەپ بولالارمىز ؟ ــ مېنىڭ ئېغىر ئۇھ تارتىپ سورىغان سوئالىمغا ئۇمۇ غەمكىن ھالەتتە جاۋاب بەردى :

ــ بولدى ، ئەنسىرىمە ، ئۆيدىكىلەرگە خەت يازسام ئەۋەـ تىپ بېرىدۇ .

ــ ھېلىمۇ ئۇلارنى شۇنچە ئاۋارە قىلىۋەتتۇق ...

ــ مۇشۇ يېرىم يىلنى ئۆتكۈزۈۋالساقلا ، بىز خىزمەتكە چىقىمىز ، شۇ چاغدا بىزمۇ ئاتا ـ ئانىمىزنى رازى قىلىمىز .

ــ راست ، بۇ يېرىم يىل قاچان توشار ؟

ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانلىرى تاماملاندى . نېمىسىنى دەي ، بۇ ئىمتىھاندا شۇنچە زورۇقۇپ تىرىشقان بولساممۇ ، لاياقەتـ لىك بولۇش ماڭا بەكلا ئېغىر كەلدى . ھەممە ساۋاقداشلارغا تارـ قىتىپ بېرىلگەن قىزىل تاشلىق دىپلوم ماڭا بېرىلمىگەندە بولسا ، بۇقۇلداپ يىغلىغىنىمچە سىرتقا ئېتىلدىم .

كېچىنىڭ سوغۇق شاملى ھېلىدىن ـ ھېلىغا بەدىنىمگە ئاچچىق ـ ئاچچىق سانجىلىدۇ ، ئاسماندىكى ئاي ۋە يۇلتۇزلار گويا مېنى كۆرەر كۆزىمىز يوق دېگەندەك نەگىدۇر غايىب بوپتۇ . قوـ لۇمنىڭ زەربىسىدىن ئاچچىقلانغان مەجنۇنتال شاخلىرى يۈزلەـ

رىمنى قامچىلاۋاتىدۇ. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى رەڭگارەڭ چىراغ يېقىلغان زالدىن ئاڭلىنىۋاتقان لەرزان مۇزىكا ئاۋازى، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى گويا مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك يۈرىكىمنى مۇجۇۋاتىدۇ. يۈرىكىم ئاجىز سوقۇپ، گويا قانداقتۇر ئېغىر بىر نەرسە بېسىۋالغاندەك هالسىرايدۇ، يۈرىكىمدىن تارقىغان ئاجايىپ ئاچچىق بىر تۇيغۇ هېلىدىن - هېلىغا تومۇرلىرىمغا تارىلىپ ئازابلاۋاتىدۇ. ئاھ! مۇشۇ مىنۇتتا تازا پۇخادىن چىققۇدەك هۆركىرەپ يىغلىۋالسام ئازراقمۇ بولسا يېنىكلەپ قالارمەنمىكىن؟ ئەپسۇس، كۆز ياشلىرىم ئېقىپ تۈگىگەندەك يۈرىكىمدىكى ياشلار مېڭەمگە قۇيۇلىدۇيۇ، نېمىگىدۇر پۈتلىشىپ توسۇلۇپ يەنە ئارقىغا قايتىدۇ. مېڭەم گويا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، مېڭەمدە ئەگىۋاتقان خىياللار گويا قايناۋاتقان ئۇماچتەك ئارام بەرمەيۋاتىدۇ.

— ساۋاقداشلار، سىلەر بەش يىل جاپالىق تىرىشىپ هەم ئىزدىنىپ نۇرغۇن بىلىم ئىگىلىدىڭلار، ئەمدى بىلىمىڭلارنى جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. جەمئىيەت سىلەرگە موهتاج! جەمئىيەت سىلەرنى قۇچىقىنى كەڭرى ئېچىپ قارشى ئالىدۇ!

مانا بۇ دىپلوم تارقاتقان كۈنى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى، يۈرىكىمنى كەچ كۈز ياپرىقىدەك تىترەتكەن قورقۇنچلۇق رېئاللىق...

جەمئىيەت مېنى قارشى ئالارمۇ؟ ياق، قارشى ئالمايدۇ، چۈنكى مەن كېرەكسىز ئايال.

مانا بۇ مېڭەمدە توختىماستىن دەۋر قىلىپ ئايلىنىۋاتقان ئاچچىق سوئال ۋە قورقۇنچلۇق جاۋاب.

بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. هەممە ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئاجا-

يىپ قىممەتلىك ، ئۇنتۇلماس تۇيۇلىدىغان ئۇقۇغۇچىلىق دەۋرى مەن ئۈچۈن تولىمۇ بىھۇدە ، دەككە - دۈككىدە ئۆتۈپ كەتتى . ھېچقانداق گۈزەل ئەسلىمە قالدۇرمايلا غايىب بولدى . ئەمىلىي ھايات تولىمۇ ئۇزۇن . جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش — ئوقۇش پۈت-تۈرگەن ھەربىر ياشقا نىسبەتەن شۇنچە خۇشاللىنارلىق ، پەخىر-لىنەرلىك ئىش . ئۇلار شۇنىڭدىن باشلاپ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . لېكىن مەنچۇ ؟ ئوقۇشنىڭ تېزرەك پۈ-تۈشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ يۈرگەن مەن جەمئىيەتكە چى-قىشتىن قورقىمەن ، نېمىشقا ؟ چۈنكى ، مېنىڭ ئوقۇش جەريانىدا ئېرىشكىنىم نېمە ؟ بالا ... ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنىڭ بىر ئاماللار قى-لىپ ئۆتكۈزدۇق ، لېكىن ئەمدىچۇ ؟ بۇ بالىنى جەمئىيەتكە ، ئاتا - ئانىمىزغا ، دوست - بۇرادەرلىرىمىزگە نېمە دەپ تونۇشتۇرۇش كېرەك ؟ بۇ بىزنىڭ بالىمىز دەپ ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالار-مىزمۇ ؟ ... بىردىنلا بېشىم قېيىپ ، پۇت - قوللىرىم تىترەپ كەتتى . ماغدۇرسىزلىنىپ يەرگە لاپسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم .

ئاھ ! مەن قېرىپتىمەن ، روھىم ھەتتا جىسمىمۇ قېرىپتۇ . جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان ياشلاردا بولىدىغان جۈرئەت ، قىزغىنلىق ، ئوتلۇق ھەم شېرىن ئارزۇ دېگەنلەر ۋۇ-جۇدۇمدىن پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىپتۇ . ئەمدى كېيىنكى كۈنلىرىم قانداق ئۆتەر ؟ ئۇھ ...

## تۈگىمەس ناخشا

كىچە ئاسمىنى شۇنچە سىرلىق ھەم گۈزەل. ناخشا ئاۋازى شۇنچە مۇڭلۇق ھەم سېھىرلىك.

ھەر كۈن ئاخشىمى ناخشا ئېيتىمەن،
تەلمۈرۈپ ساڭا دېرىزەڭ چېكىپ.
...................

مۇڭ ئارىلاشقان گىتار ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، كوزگە كۆرۈنمەس مىكروفونلار ئارقىلىق ئەتراپقا تاراپ، پۈتۈن كائىناتنى ئىختىيارسىز مۇڭلاندۇرۇپ سېھىرلەپ قويغان. زېمىننىڭ كېچىلىك تاماشىسىنى كۆرۈشكە چىققان يۇلتۇزلارمۇ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، مۇزىكا دەرياسىغا غەرق بولۇشقان. پەقەت تولۇن ئايلا بۇ مۇڭلۇق ھېس تارقاتقۇچى ئىنساننى تاپماقچى بولغاندەك ئۇياق - بۇياقتا ئۈزۈپ يۈرىدۇ.

تولۇن ئاي تۇيۇقسىز چېپلا توختاپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ بۇ سىرلىق ئىنساننى — ئۇدۇلىدىكى دېرىزىگە تىكىلگىنىچە گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان يىگىتنى تاپقانىدى. يىگىت گويا كېچىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، ئۆزىگە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ تۇرغان تولۇن ئاينى، ئوماق يۇلتۇزلارنى كۆرمىگەندەك پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن گىتار چېلىۋاتاتتى. تولۇن ئاي يىگىتنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئاستاغىنا دېرىزىدىن مارىدى. پاھ!

ئايىنىڭ يۇرىكى ھەسسەت ئوتىدا پۇچىلانغاندەك بولدى. سۇمبۇل چاچلىرىنى يېيىپ ياتقان قىزلارنىڭ ئوماق چىرايى بىر ــ بىرلەپ كۆرۈندى. قىزلار ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قېتىپ قېلىشقان، يەقۇت ئاۋۇ قىزلا نېمىدىنىدۇر بىئارام بولغاندەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تولغىنىپ يېتىپتۇ. ئاي بۇ مەنزىرىدىن نېمىنىدۇر ھېس قىلغانـ دەك، بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمەي، كۆزلىرىنى ئېخىمۇ چوڭ ئېچىپ ئۇلارغا تىكىلدى.

بۇ يەر دارىلمۇئەللىمىننىڭ قىزلار ياتاق بىناسى. بۇ قىز گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى نۇربىيە ئىدى. نۇرـ بىيە نېمىشقىدۇر ئۇخلىيالمايۋاتاتتى. ئۇ قولىقىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ يېتىپ باقتى، بولمىدى. يوتقانغا چىڭ پۈركىـ نىپ باقتى، يەنە بولمىدى، ناخشا ئاۋازى يوتقانىنىڭ نەرىدىنىدۇر ئۆسۈپ كىرىپ، قولىقى تۈۋىدە جاراڭلايتتى. ناخشىدىن تارالغان مۇڭ قىزنىڭ يۈرەك، تومۇرلىرىغا قۇيۇلۇپ، ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر بىر تۇيغۇ بىلەن يۇغۇراتتى. ئاشۇ ناخشا گويا ئۆزى ئۈچۈنلا ئېيىـ تىلغاندەك تۇيۇلۇپ، قىزىراتتى، ھاياجانلىناتتى. كىچىككىنە يۈـ رىكى كۆكرەك قەپەسگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. يىگىتنىڭ ئۆزىگە ھەر بىر قارىغاندىكى ئوتلۇق كۆزلىرىنى ئەسلىگەندە، خىـ يال قۇشلىرى قاناتلىنىپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر قوينىدا راـ ھەتلىنەتتى. نۇربىيە ئۈچۈن گىتار ئاۋازىلا ئەمەس، گىتارچى يىگىتنىڭ ئۆزىمۇ تونۇش، تونۇشلا ئەمەس، يېقىن دوست. بىراق دوستلۇقنىڭ تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلـ گەندىكى ھالىتى ھەر ئىككىيلەننى گاڭگىرىتىپ قويغان. نۇربىيە ئۆزىنىڭ غېمىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېلىقى كۈنى تولىمۇ ئوچۇق سەزدى، سەزدىلا ئەمەس، ئۆز ھېسسىياتىنى غېمى ئالدىدا تېزلا ئاشكارىلىۋەتتى...

— مېنىڭ رەسىمىمنى سىزىپ قويۇڭە !

— قولىدا رەسىم جازىسى تۇتقىنىچە گۈللۈكتە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان نۇربىيە غېنىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى .

— ماقۇل سىزىپ قوياي ، قېنى ئەمىسە ئولتۇرۇڭ .

— مېنىڭ گىتار چېلىپ ئولتۇرغان ھالىتىمنى سىزىڭ جۇمۇ ! — غېنى شۇنداق دەپلا قولىدىكى گىتارنى تىرىڭشىتىپ قويدى . نۇربىيە رەسىم جازىسىنى تىكلەپ غېنىنىڭ سۈرىتىنى سىزىشقا باشلىدى .

ئۇ ئاۋۋال يىگىتنىڭ كەينىگە تارالغان سارغۇچ چېچى ، كەڭ پېشانىسى ، قىز بالىنىڭكىدەك ئىنچىكە ، چىرايلىق قېشى ، كۆزى ، قاڭشارلىق بۇرنى ، ئاندىن ئېگىز قاملاشقان گەۋدىسىنى سىزىشقا باشلىدى .

نۇربىيەنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز توختاپ غېنىغا تىكىلىپ قالدى . نېمىدېگەن قاملاشقان يىگىت - ھە ! توۋا ، نۇربىيە تېخىچە غېنىنىڭ بۇنداق چىرايلىق ، كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىغانىكەن .

— تىرىڭ ... تىرىڭ ... تىرىڭ ...

گىتار دەسلەپ شوخ قۇشقاچتەك ، ئاندىن مۇڭلۇق بۇلبۇلدەك ئاستا - ئاستا سايراشقا باشلىدى . نۇربىيەنىڭ ۋۇجۇدى جىغىلداپ ، يۈرىكى غەلىتە بىر تۇيغۇ بىلەن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى .

ئاشىق بولدۇم ئەي گۈزەل قىز خۇمار كۆزۈڭگە ،
كۈلۈپ تۇرغان ئاي جامالىڭ نۇرلۇق يۈزۈڭگە .

www.uyghurkitap.com

ئىشەنمىسەڭ قاراپ باققىن مۈگلۈك كۆزۈمگە ،

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

يىگىتنىڭ كۆزىنى سىزىش ئۈچۈن تەمشەلگەن قوللار تىترەپ ، ماي قەلەم بىلەن رەسىم جازىسى تاراققىدا يەرگە چۈشۈپ كەتتى . نۇربىيە ئۆز ھېسسىياتىنىڭ بۇنداق ئوچۇقلا ئاشكارىلىنىپ قالغىنىغا خىجىل بولۇپ يۈگۈرگىنىچە ياتاققا كىرىپ كەتتى ...

ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ، نۇربىيەنىڭ ياتىقىنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە ناخشا ياڭرايدىغان بولدى . ياتاقتىكى قىزلار دەسلەپ قىزىقسىنىپ ئاڭلاشتى ، ئاندىن ھەيرانلىق بىلەن بىر - بىرىگە قاراشتى . ئارىدىن كىمدۇر بىرى « ۋاي - ۋۇي قىزلار ، غېنى بىرسىگە كۆيۈپ قاپتۇ جۇمۇ ! » دېۋىدى ، قىزلار گويا ناخشىنىڭ كىم ئۈچۈن ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۈنسىز ئولتۇرۇپ قېلىشتى . ئاندىن بىر - بىرلەپ يوتقانغا كىرىپ ، ناخشىنىڭ ئەللەيلىشىدە ئۇخلاپ قېلىشتى . لېكىن ، نۇربىيە ئۈچۈن بۇ تۈگىمەس ناخشا شۇنچىلىك سېھىرلىك ۋە قەدىرلىك ئىدىكى ، كىچىككىنە يۈرىكىنى شوخ ھېسلارغا تولدۇراتتى .

كېيىنچە ، دېرىزە تۈۋىدە تۈگىمەس ناخشا ئاڭلانماس بولدى . بۇنىڭغا قىزلار يەنە ھەيران قېلىشتى . بۇنىڭ سىرىنى پەقەت نۇربىيەلا بىلەتتى . چۈنكى ، نۇربىيە تۈگىمەس ناخشىنى غېنى بىلەن بىرگە ئېيتىشقا قوشۇلغان ۋە يۈرەك سىرلىرىنى تۆكۈشكەنىدى . تۇنجى مۇھەببەت شۇنچە سېھىرلىك ، تاتلىق ، شېرىن بولامدىكىنتاڭ ، نۇربىيەنىڭ يۈرىكى دائىم دېگۈدەك شادلىقتىن تىپىچەكلەپ ، كۆزلىرى مۇھەببەتتىن خۇمارلىشىپ يۈرەتتى .

ئۇلار گىتارنىڭ مۇڭلۇق كۈيىگە تەڭكەش قىلىپ تۈگ-
مەس ناخشىنى تالاي رەت بىللە ئېيتىشتى. يۈرەك سوقۇشلىرىنى
تىڭشاشتى، ۋەدىلەر بېرىشتى.

مۇھەببەتلىك كۈنلەر ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ، ئاي-
رىلىش پەيتلىرى يېتىپ كەلدى. غېنى نۇربىيەدىن بىر يىل بۇ-
رۇن ئوقۇش پۈتتۈرگەچكە، بىر يىللىق جۇدالىق ئۇلارنى كۈتۈپ
تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غېنى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۆز يۇرتى
غۇلجىغا كېتىپ قالسا، نۇربىيە ئۈچۈن قانچىلىك زور
ئەلەم - ھە!...

كۈتۈش، ئىزتىراپ، تەشۋىش، سېغىنىش بىلەن يۇغۇ-
رۇلغان بىر يىل ئاخىر ئۆتۈپ كەتتى. غېنى ۋەدىسى بويىچە بار-
لىق رەسمىيەتلەرنى نۇربىيەنىڭ يۇرتىغىلا قايتۇرۇپ كەلدى.
ئەمدى ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشىغا ھېچبىر توسالغۇ يوقتەكلا ئىدى.
ئەپسۇس، نۇربىيە بىلەن بىر نەچچە ئاينى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپ،
يۇرتىغا ئاتا - ئانىسى بىلەن توي ئىشى ھەققىدە مەسلىھەت قىلىش
ئۈچۈن كەتكەن غېنىنىڭ شۇم خەۋەر ئېلىپ كېلىشىنى نۇربىيە
قانداقمۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟ غېنىنىڭ ئېيتىشىچە، دادىسى
ئوغلىنىڭ توي ئىشىنى ئاڭلاپ بەك خاپا بولغانىمىش، غېنى يالغۇز
ئوغۇل بولغاچقا، چوقۇم ئۆز يۇرتىدىن ئۆيلىنىشى كېرەك
ئىمىش...

نۇربىيە غېنىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا جۈرئەت
قىلالمىدى. ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشسىمۇ كۆزلىرىدىن
تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ، غېنىغا تاشلىنىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ
كەتتى. ئىككىيلەن ئۈچۈن ئېغىر جۇدالىق پەيتلىرى يېتىپ كەل-
گەنىدى. نۇربىيە ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆزىنىڭ غېنىنى بەكلا
ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىۋاتاتتى. غېنى-

www.uyghurkitap.com

دىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ كېتىشىنى ئويلىسا ، بۇتۇن ۋۇجۇدى تىترەپ ، يۈرىكىنى كىمدۇر بىرى سۇغۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك تولغىنىپ قورقۇپ كېتەتتى . قانداق قىلىش كېرەك ؟

غېنى بىلەن غۇلجىغا كەتسۇنمىكىن ؟ نۇربىيەغۇ يالغۇز قىز ئەمەس ، لېكىن تا ھازىرغىچە ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ ، غېنى بىلەن كېتىش ئېھتىماللىقىنى پەقەت ئويلاپ باقمىغان . ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت غېنىنىڭ بەرگەن ۋەدىسىلا ھۆكۈمران ، ئۇ غېنىغا ئىشىنىدۇ . ئاتا ـ ئانىسىنى دەپ ئۆزىنى تاشلاپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ . نۇربىيە مۇشۇ مىنۇتتا ئۆزىنىڭ بەكلا شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى . ئۇ غېنىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن بىرلا پەرزەنت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭدا نېمە ئامال ؟ غېنىمۇ نۇربىيەنىڭ جاندىن ئەزىز سۆيگىنى تۇرسا ...

نۇربىيە ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىنى باشقىلارغا تارتتۇرۇپ قويسۇنمۇ ؟ ياق ، نۇربىيە ئۇنچىۋالا بوشاڭ قىز ئەمەس . ھەممە ئادەم ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، نۇربىيە ھەرگىز ئۆزىنى چوڭقۇر ئازاب دېڭىزىغا ئىتتىرىدىغان ئەخمەقلىقنى قىلمايدۇ . ئۇ غېنىنى ئېلىپ قالىدۇ . مەيلى قانچىلىك زور بەدەل تۆلىشىدىن قەتئىينەزەر نۇربىيە غېنىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىدىن رەھىمسىزلىك بىلەن تارتىۋالىدۇ . ئۆز بەختى ، سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇ ھەممىگە تەييار تۇرىدۇ . خەق ئۇنى شەخسىيەتچى دەپ تىللىسىمۇ مەيلى ، پەقەت غېنى مەڭگۈ ئۇنىڭ يېنىدا بولسىلا شۇ كۇپايە .

* * *

ياز كېچىسى شۇنچىلىك راھەت ھەم گۈزەل . تولۇن ئاي

ئادىتى بويىچە كۆكتە ئۈزمەكتە . شوخ شامال يول بويىدىكى دە-
رەخ ۋە مەجنۇنتاللارنى سۆيۈپ ، ئەركىلىتىپ ئۇلارنى سىھىرلەپ
قويغان . ئۇلار شامالنىڭ ئۇچمە كۆكۈللۈكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ،
يەنە شامالنىڭ ئۆزىنى سۆيۈپ قويۇشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈ-
شىدۇ . شامالنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ شۇۋىرلىشىدۇ . بىچارە
دەرەخلەرنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى ، يېقىملىق شۇۋىرلاشلىرى بىكارغا
كەتتى . شامال بىردىنلا دەرەختىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، يولدا يې-
گىتى بىلەن ئاستا كېتىۋاتقان قىزغا ئۆزىنى ئاتتى . ئۇ ئاۋۋال
ئەركىلىك بىلەن قىزنىڭ مۈرىسىدە يېيىلىپ تۇرغان چاچلىرىنى
يىگىتنىڭ مەڭزى ۋە بويۇنلىرىغا چاپلاپ ، يىگىتنىڭ مۈگدەك
باسقان ھېسلىرىنى ئويغاتتى . ئاندىن قىزنىڭ مەڭزى ۋە لەۋلى-
رىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى .

نۇربىيە شۇنچە خۇشال ۋە ئەركىن ، پات - پات غېنىنىڭ
خىيالچان ۋە مۇڭلۇق كۆزلىرىگە قاراپ قويىدۇ . نۇربىيە غېنىنىڭ
بۇ ھالىتىنىڭ سەۋەبىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ . ئۇنىڭ كاللىسىدا
چوقۇم مۇھەببەت بىلەن ئاتا - ئانا مېھرى ئوتتۇرىسىدىكى كەس-
كىن ، زىددىيەتلىك خىياللار ...

بۇگۈن نۇربىيە بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدۇ . ئۇنى
بۇنداق زىددىيەتلىك ، غەمكىن خىياللار ئارىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ
سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ گۈزەل باغلىرىدا سەيلە قىلدۇرىدۇ .

شامالنىڭ ئۆزىنى سۆيۈپ قۇچاقلاشلىرىدىن راھەتلىنىپ
مەستخۇش بولغان نۇربىيەنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر تۇيغۇ پەيدا
بولۇپ ، يۈرىكىنى ئۆرتىمەكتە ، ئۇ قولىنى ئاستاغىنا غېنىنىڭ بى-
لىكىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۇنىڭغا يۆلەندى . ئوتتەك قىزىق بەدەندىن
تارالغان ھارارەت ئۇنى بارلىق ھېس - تۇيغۇسىدىن ئايرىغانىدى .

— بىردەم ئولتۇرايلى ! — ئۇ ئاۋازىنىڭ تىترەپ ، پەس

چىقىقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەيتتى، ئۇلار يول بويىدىكى سۆگەت، جىگدە كۆچەتلىرى بىلەن ئورالغان ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇشتى.

نۇربىيە ئۆزىنىڭ يىگىتكە بارغانسېرى چىڭ يېپىشىپ قويىنىغا سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەندەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغانىدى.

بىردىنلا ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئوتلۇق نەپەس ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى گويا سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك، پۈتۈن بەدىنى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. نېمىدۇر ئۇنىڭ تەلمۈرۈپ، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى ئاستا غىدىقلىدى، ئاندىن بىر كۆيدۈرگۈچ كۈچ، قىزىق چوغ ئاۋۋال لەۋلىرىنى، ئاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاتەشتەك كۆيدۈرۈپ، ھوشسىزلاندۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ كاللىسى ھېچ نەرسىنى سەزمەيتتى. پەقەت بىر ئوتنىڭ ئۆزىنى نەپەس ئالغىلى قويمىغاندەك دەرىجىدە ھالسىرىتىپ، ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنىلا سېزەتتى.

ئاھ! نۇربىيە مۇشۇ مىنۇتتا ھەممە نەرسىنى، پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ نەدە، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇغانىدى. تىنىقى شۇنچىلىك ئىتتىك ئىدىكى، گويا بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى يېتىشمەيۋاتقاندەك ھاسىرايتتى. قىزىق چوغ ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن ئاجرىدى ــ دە، ئەمدى ئۇنىڭ باياتىن سېزىمىنى يوقاتقان نېرۋىلىرى ئازراق ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى. قىز ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان غەلىتە بىر تۇيغۇ تەسىرىدە تىترەشكە باشلىدى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قۇملۇقتا ئاستا سوزۇلۇپ ياتاتتى. قوللىرىنى يىگىتنىڭ بويىنىغا سېلىپ، ئۆزىگە بەكمۇ چىڭ تارتىپ قۇچاقلىدى. ئۇ ئەمدى پۈتۈن رايىنى ــــ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى ئۆزى چىن قەلبىدىن سۆيگەن يىگىتكە تەقدىم قىلماقچى...

نەپەسلەر ئۈنتىكلەشتى . نازۇك بەدەن كۆچلۈك بەدەن ئاستىدا ھالسىراپ قالدى .

— ياق ... ياق ... بۇنداق قىلسام بولمايدۇ ... ياق .

نۇربىيەنىڭ مەستخۇش نېرۋىسى قاتتىق سىلكىنىشتىن ، كالا ھۆركىرىگەندەك ئاڭلانغان بۇ غەلىتە ئاۋازدىن چۆچۈپ ئەسلىگە كەلدى . چەكچىيىپ ئېچىلغان كۆزلەر ئەتراپقا تىكىلدى . ئاي نۇرىنى توسۇپ تۇرغان باراقسان جىگدىلىك ، قوم ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتقان ، كۆڭلىكى مەيدىلىرىگىچە ئېچىقلىق بىر قىز ...

نۇربىيە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى ، ئۇ مۇشۇ ھالەتتە جىگدىلىكتە ياتقان قىزنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك مۆگدەرەپ تۇرۇپ قالدى . تووا ، نۇربىيە بۇ يەردە نېمە ئىش قىلدى ؟ كىم ئەكەلگەندۇ ؟

نۇربىيەنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا جىگدىگە يۆلىنىپ يىغلاۋاتقان غېنىغا چۈشتى ، توغرا ، غېنىنى بۇ جىگدىلىككە نۇربىيە ئۆزى باشلاپ كىرگەن . ئۆزى ...

نۇربىيە نومۇس كۈچىدىن تىترەپ كەتتى . ۋۇجۇدى سىلكىنىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى . ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسقىنىچە جىگدىلىك سىرتىغا ئۆزىنى ئاتتى . ئۇ جىگدە شاخلىرىنىڭ يۈزىنى تىلىۋەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى . غېنىنىڭ بار كۈچى بىلەن « نۇربىيە ! نۇربىيە ! » دەپ توۋلىغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىمىدى . ئۇ بار كۈچى بىلەن يۈگۈرەيتتى ، مۈدۈرەتتى ، يىقىلاتتى . نومۇس ، ئىزا — ئەلەمدىن ئەس — ھوشىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ ، باياتىنقى ئىشلىرىنى كىمنىڭدۇر كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنــدەك ئەتراپــقا ئەنسىز تىكىلەتتى . مانا ، قاراڭغۇلۇق نۇربىيەنىڭ بارلىق ھالەتلىرىنى يوشۇرۇپ كەتتى . ئاتا - ئانىسىغا كۆرۈنۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ، ئاستاغىنا ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپلا

كـاربۇاتقا ئۆزىنى تاشلىدى . يۈرىكىنى تىلغاۋاتقان ئاچچىق يىغا كۆزىدىن سەلدەك ئېقىپ چۈشتى . يوتقانغا بېشىنى بۆركەپ يىـ غۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ يىغلىدى . ئاھ خۇدا ، باياتىنقى ئىشلار بىر چۈش بولۇپ قالغان بولسا ـ ھە ! نۇرىيە تېخى ئۆزىنى خېلى ھا يالىق ، پاك قىز دەپ يۈرۈپتۇ . ئۇ تېخى توي قىلمىغان قىزلار ئويلاشقا پېتىنالمايدىغان ھېلىقى نومۇسسىز ، ھاياسىز ئىشنى ... ئاھ ! نۇرىيە ئەمدى ئۆزىنى بۇرۇنقىدەك پاك قىز دەپ يۈرەلمەيدۇ . ئۇ ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس ، توي قىلىپ ئەرگە تېگىدىغان ۋاقتى بوپتۇ .

نۇرىيە مۇشۇ ھالىتىدە ئىشقا چىقماي ، بىر ھەپتە يېتىپ قالدى . ئانىسىنىڭ سورىغان سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇردى . غېنىنىڭ نەچچە قېتىملىق كۆرۈشۈش تەلىپىنى رەت قىلدى . كىرگۈزگەن خېتىنى ئوقۇمايلا تاشلىۋەتتى . ئانىسىدىن قايسىبىر ئائىلىدىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان تويغا ئۇن ـ تىنسىز قوشۇلدى . بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە توي تەييارلىقى پۈتتى . بۇ جەرياندا ئۇ پەقەت يىغلىمىدى . گويا توي ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغاندەك پەرۋاسىزلا يۈردى . توي كۈنى خىزمەتداشلىرىدىن باشقا دوستلىرىنىمۇ چاقىرمىدى ، ئاپئاق توي كۆڭلىكىمۇ كىيمىدى ، قىزنى يۆتكەش ئالدىدىكى نازلىق يىغىسىنىمۇ يىغلىمىدى ، ئۇ كەڭرى ، ھەشەمەتلىك ياسالغان ئۆيگە يۆتكەپ كېلىندى . توينىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى تۈگەپ ، ناتونۇش بىر ئەر يېنىدا پەيدا بولغاندىلا ، ئاندىن ئەس ـ ھوشىنى تاپقاندەك ئەتراپقا ۋە ئەرگە چەكچىيىپ قاراپ قالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۈگۈن توي قىلغانلىقىنى ، بىر ئەرنىڭ خوتۇنى بولىدىغانلىقىنى بۈرۈنلا ئويلاپ قويغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ئانچە قورقۇپ كەتمىدى . ئالدىدىكى ئېگىز بويلۇق ، قوشۇما قاش ، كېلىشكەن يىگىتنىڭ ئېرى

ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەرنىڭ بىرلا يېرى ــ ھىجىيىپ تۇرغان ھالىتى ــ ئۇنىڭغا ياقمىدى، بۇ تەرىپىنى تېزلا ئىنكار قىلدى. كۈلۈپ تۇرسا نېمە بوپتۇ؟ بۇ سۇرلۇك، قاپىقى يامان ئەردىن ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ھامان توي قىلىپ بىر ئەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇرۇنراق توي قىلغىنىمۇ ياخشى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرى، قېينانا، قېيناتىلىرى خېلى ياخشىدەك قىلىدۇ، نۇربىيە بۇ ئائىلىگە كۆنۈپ كېتەر.

نۇربىيە بۇ ئائىلىگە راستتىنلا كۆنۈپ قالدى. ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپلا، تاماقفا ياردەملىشىپ قېينانىسى بىلەن ئوبدانلا چىقىشىۋالدى. ئېرى ئەنۋەرمۇ دائىم كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ ئامراق نەرسىلىرىنى ئالغاچ كېلىپ ئۆزىگە خېلىلا رام قىلىۋالدى. ئەپسۇس، تويدىن كېيىنلا شېرىن، تاتلىق كۈنلەر ئانچە ئۇزاققا بارمىدى. نۇربىيەنىڭ بىردىنلا ئېرىدىن كۆڭلى سوۋۇشقا باشلىدى، بۇنىڭغا نۇربىيەنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان ئاشۇ كىچىككىنە ئىش سەۋەب بولدىمۇ تاڭ، بۇنى نۇربىيەنىڭ ئۆزىمۇ بىلەلمىدى.

نۇربىيەنىڭ سەنئەتكارغا خاس يۈرىكى تويدىن كېيىنكى خۇشاللىقنى قانداق ئىپادىلىشنى بىلمەي تىنىمسىز سەكرەپ، بىر كۈنى، ئاپىسىنىڭ ئۆيىدىكى ئۆزىگە بۇنىڭدىن بۇرۇن ھەسرەت، مۇڭ ھەم خۇشاللىق ئارىلاشقان كۈنلىرىگە ھەمراھ بولغان چىرايلىق دۇتارنى ئېلىپ كەلدى ـ دە، ئاستا تىرىڭلىتىشقا باشلىدى. دۇتارنى چېلىۋېتىپ ئىشككە پات ـ پات قاراپ قوياتتى. خىيالىدا ئەنۋەر ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيگە ئالدىراپ كىرىدۇ. ئايالىنىڭ بىر چىرايلىق دۇتار چالغان ھالىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. ئايالىغا ئامراقلىق، ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ كېتىدۇ. ناخشا ئېيتىشنى بىلسە نۇربىيەگە قوشۇلۇپلا ئېيتامدۇ تېخى! ئۇلار

ئەمدى بىر ـ بىرىدىن گەپ كۆتۈپ بىزىرىپ ئولتۇرۇشىدۇ ، كۈلۈشىدۇ ، چاقچاقلىشىدۇ ، دۇتار چېلىپ ناخشا ئوقۇشىدۇ . دەرۋازا ئېچىلىپ ، ۋېلسىپىتنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . نۇربىيەنىڭ تاتلىق خىياللىرىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمىگەن بولۇپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دۇتار چېلىۋاتاتتى . ئۇ ئەنۋەرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ دۇتارنى تېخىمۇ ياخشى پەدىگە يۆتكىدى .

— نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ خۇددى ساراڭدەك .

نۇربىيەنىڭ شېرىن خىياللىرى چورتلا ئۈزۈلدى . پەدە ئۈستىدە ئەركىن ئويناۋاتقان بارماقلار جايىدا قېتىپ قالدى .

— دۇتار چېلىۋاتىمەن .

— دۇتار چېلىۋاتىمەن ؟ ھىم ، قەيەردىن تاپتىڭ بۇ نەرسىنى ؟ ھازىر كىم دۇتار چالىدۇ . چالغان تەقدىردىمۇ مۇشۇ غادۇر ـ غۇدۇر ئاۋازىڭ ناخشىغا كېلەمدۇ ؟ نەدىكى بىر تايىنى يوق نەرسىنى تېپىپ ... ئېشەك ھاڭرىغاندەك ....

نۇربىيە ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ سۆزلەۋاتقان ئەرگە قاراپلا قالدى . بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىلمىدى ، پەقەت ئۇن ـ تىنسىز ھويلىغا قايتىپ چىقتى . ئاچچىق كۆز يېشى ئۇنىڭ تىترەۋاتقان لەۋلىرىدە توختاپ قالدى . خورلۇق ، ئەلەم ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ ، يۈرىكىدە توختاپ قالدى . توۋا ، نۇربىيە بايا ئەجەب تاتلىق خىياللارغا پېتىپتۇ . ئەردىن ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش سەنئەتكارغا خاس يۈرەك كۈتۈپتۇ . ئەپسۇس ، بۇ ئەردىن بۇنداق گۈزەل تۇيغۇ كۈتۈش بەكمۇ ئەخمەقلىق ئىكەن ، ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدا قورساق تويغۇزۇشتىن باشقا ، نۇربىيە ئىنتىلىدىغان سەنئەتكە خاس تۇيغۇ يوق ئىكەن . نۇربىيە ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . گويا ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى

بەربات بولغاندەك ، ئۆزى ئەمدى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان كىشى بولۇپ قالغاندەك ئازابلىنىپ كەتتى . نۇربىيە بۇرۇن كەل- گۈسى بەختلىك ئائىلىنى ناخشا - ئۇسسۇل ، كۈلكە - چاقچاققا تولغان ھالدا تەسەۋۋۇر قىلغانىكەن . ئەپسۇس ، ئەمدىلىكتە ئۇ تولىمۇ ھېسسىياتسىز ئەرنىڭ خوتۇنى بولۇپ يۈرۈپتۇ ھەم مەڭگۈ شۇنداق ئۆتۈشى مۇمكىن ، بۇ سەۋەنلىك كىمدە ؟ ئەلۋەتتە ئۇ- زىدە . ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ رومانتىك خىياللىرىنى تاشلاپ ئەرگە ماسلىششى كېرەك .

نۇربىيە بۇ ئەرزىمەس كىچىك ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ، ئەرگە بولغان كۆڭۈلسىز ۋە ئاچچىق ھېسسىياتىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشكە شۇنچە تىرىشتى . ئېرىدىن كۆڭلى سوۋۇپ قالغان- لىقىنى ئويلاپ ، ئۆز - ئۆزىدىن چۆچۈپ كەتتى . توۋا ، نۇربىيە توي قىلغىلى ئەمدىلا يېرىم يىل بوپتۇ . تېخى ئۇتتۇز ، قىرىق يىل ، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق مۇشۇ ئەر بىلەن بىرگە ئۆتۈشى كېرەككۇ . بۇ زادى قانداق ئىش ؟ ئەجەبا ، نۇربىيەنىڭ كۆڭلى شۇنچە تۇتۇرۇقسىز ، ئۆجمە كۆڭۈلمۇ ؟

نۇربىيە ئۆزىدىكى بۇ تۇيغۇلاردىن گاڭگىراپ قالدى ، ئۇ ئەمدى ئەرگە بولغان ئۆچلۈك ھېسسىياتى بىلەن يەنىلا مۇشۇ ئۆيدە تۇرىۋېرىشى كېرەكمۇ ؟ ياكى بىراقلا ئايرىلىپ كېتىش كېرەكمۇ ؟

نۇربىيە « ئاجرىشىش » دېگەننى ئويلاشتىنمۇ قورقىدۇ . دېمىسىمۇ نېمىدەپ ئاجراشقۇدەك ، ئەر ئەسكىمۇ ؟ زوراۋانمۇ ؟ تا- ياقچىمۇ ؟ ياق ، ھەممىسى ئەمەس . دېمەك ئۇنىڭ ئېرى ئاز تېپە- لىدىغان ياخشى ئەر . ئائىلىدىكى ئۇششاق - چۈششەك تالاش - تارتىش ، غىزر - غىژلار ھەممە ئائىلىدە بار . نۇربىيە ئەرنى ئۆزد- نىڭ خاھىشىغا ھەم قىزىقىشىغا ماسلاشمىدى ، سەنئەتنى سۆي-

مىدى دەپ بىكارلا ئەيىبلەپ ، ئەردىن قوسۇرۇپ ئىزدەپ يۈرگەن تۇرسا ...

نۇربىيەنىڭ ئەنە شۇنداق دەپ ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلىشىدىن ھاسىل بولغان تىنچلىق ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىدى . ئاپىسىغا يـاردەملىشىپ ئۆي يىغىشتۇرۇۋېتىپ تېپىلغان بىر پارچە خەت بىـ لەن ئۇنىئالغۇ لېنتىسى ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ ، ھېسسىياتىنى ئاسـ تىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى . بۇ نۇربىيە ئەينى چاغدا ئاچچىقىدا ئوقۇمايلا تاشلىۋەتكەن غېنىنىڭ ھېلىقى خېتى بىلەن ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئىدى :

« جېنىم نۇربىيە :

بىلىمەن ، سەن مەندىن رەنجىپ قالدىڭ ، چۈنكى سەن شۇنچە ئىشەنگەن كىشى ــ مەن ۋەدەمدە تۇرالمىدىم . قىسقىسى ، ساڭا راست گەپ قىلمىدىم . مۇبادا سەن مېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىـ رىمنى ، نېمە ئۈچۈن بۇ قېتىم يۇرتۇمغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن قارارىمنى ئۆزگەرتكەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى ئاڭلىغان بولساڭ ، رەنجىشىڭنىڭ بەكمۇ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولار ئىدىڭ .

نۇربىيە ، ساڭا ئېيتسام ، كۆكرەك قىسمىمنىڭ پات ـ پات ئاغرىپ تۇرغىنىغا ئىككى ـ ئۈچ يىل بولۇپ قالغانىدى ( لېكىن ساڭا ئېيتمىغان ) . ھەر تەتىلدە ئائىلەمدە داۋالىناتتىم . بىراق بۇ قېتىم غۇلجىغا ماڭغان سەپىرىمدە كۆكرىكىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى ، ئۈرۈمچىگە ئاران ئۆلگۈردۈم . چوڭ دوختۇرخانىغا تەكـ شۈرتتۇم ، ئۆزۈممۇ ھەيران ، دوختۇر كېسىلىم توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېمىدىيۇ ، ئاتايىن دادامنى چاقىرىپ ئەكىلىپ سۆزـ لەشتى . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، مەن ئىككى ـ ئۈچ يىلغىچە خىزمەت قىلماي ، شاڭخەيلەرگە بېرىپ داڭلىق دوختۇرلارغا كۆـ رۈنۈپ داۋالىنىشىم كېرەك ئىمىش . ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئاتا ـ ئانام

مېنى ئۆز يېنىدا تۇرغۇزۇپ داۋالاشنى ، تولۇق ساقايغاندىن كېيىن
تويىمىزنى قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ( مەن بىزنىڭ ئىشىمىزنى بې-
رىپلا ئاپامغا ئېيتقانىدىم ) بىلدۈرۈشكەنىدى . مەن ئەسلىدە بۇ
ئىشلارنى ساڭا ئېنىق ئېيتىشىم كېرەك ئىدى . بىراق ، سېنىڭ
سۆزۈمنى ئاڭلاپ كېسىلىمدىن قورقۇپ كېتىشىڭدىن ئەنسىرىدىم .
قىسقىسى ، نېمە دېيىشىمنى ، ساڭا قانداق چۈشەندۈرۈشۈمنى بى-
لەلمىدىم . شۇنىڭ بىلەن ، ئارىمىزدا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالدى .
مېنى كەچۈرگىن . مەن ئەتە قايتىپ كېتىمەن . لېكىن ، خاتىر-
جەم بول ، ئۇزۇن ئۆتمەي يېنىڭغا قۇشتەك ئۇچۇپ قايتىپ كېلى-
مەن . سېنىڭ سۆيگۈڭ ، مۇھەببىتىڭ ماڭا كېسەلگە قارشى
كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ . ساڭا بىزنىڭ 〈 تۈگىمەس ناخشا 〉
مىز ھەمراھ بولسۇن . مېنى چوقۇم كۈت .

خەير - خوش ، سېنى سۆيۈپ
غېنى . »

نۇربىيەنىڭ قولى ، پۈتۈن بەدىنى ھەتتا يۈرىكىمۇ قاتتىق
تىترەپ كەتتى . كۆزلەر يا يىغلىشنى ، يا كۈلۈشنى بىلمەي قې-
تىپ قالدى . خەت جانسىز قوللار ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ يەرگە
چۈشۈپ كەتتى . خەتتىكى ھەربىر سۆز قەغەز ئىچىدىن ئۇچۇپ
چىقىپ ئۇدۇل ئۇنىڭ يۈرىكىگە كېلىپ تەگدى . پۈتۈن بەدىنى
لەسسىدە بوشاپ كەتتى . يۈرىكى ئاجىز ئىڭرىدى . ئاھ ! خۇدا ،
بۇ سېنىڭ ماڭا قىلغان چاقچىقىڭمۇ ؟ ياكى ...

ئۇنىڭ كۆزىگە غېنىنىڭ مۇڭ ، ھەسرەتكە تولغان يوغان
كۆزلىرى ، كېسەلچان چىرايى كۆرۈنگەندەك بولدى ، پەقەت چى-
دىيالمىدى ، بار ئاۋازى بىلەن ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى . شۇنچە ۋا-
قىتتىن بۇيان يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ، نەپرەت تېشى ئاستىدا
تۇنجۇقۇپ قالغان سېغىنىش ، سۆيگۈ بىردىنلا ئويغىنىپ لەرزىگە

www.uyghurkitap.com

كەلدى ، سۈزۈك تامچىلارغا ئايلىنىپ كۆزلىرىنى بويلاپ ئاقتى . يىغا ئۇنىڭ ھەممە ھېسسىياتىنى ، غېنىغا بولغان پاك سۆيگۈسىنى ، غېنىنىڭ ھېلىقى كۈندىكى قىلىقى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىپ ئالدىراپ توي قىلغانلىقىنى ، توي قىلغاندىن كېيىنكى ئازابلىق تۇيغۇلىرىنى ، ھازىرقى گادىرماچ ، زىددىيەتلىك ھېسسىياتىنى ئوچۇق-ئاشكارىلاپ قويدى .

نۇربىيە يىغىدىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇ يىغلاۋاتاتتى ، تەقدىرنىڭ ئۆزىگە قىلغان بۇ چاقچىقىدىن ئاچچىقلىنىپ ، ئۆزىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقىدىن ئەپسۇسلىنىپ ، پۇشايمان ئىلكىدە يىغلاۋاتاتتى . مۇبادا نۇربىيە ئاشۇ چاغدا ئاچچىقىنى ئازراق بېسىۋېلىپ خەتنى كۆرگەن بولسا ، غېنىنىڭ سەممىي چۈشەندۈرۈشلىرىگە قۇلاق سالغان بولسا ... ئاھ ! نۇربىيە بەكلا دۆت ئىكەن .

نۇربىيە يىغلاۋېرىپ ھاردى . يىغىدىن توختاپ ، يەردە ياتقان خەتنى ئېلىپ كۆكرىكىگە چىڭ باستى . نېمىندۇر ئويلىماقچى ، ئېسىگە ئالماقچى بولدىيۇ ، نېرۋىسى كاردىن چىققاندەك ھېچ نەرسىنى ئويلىيالمىدى . كاللىسىدا پەقەت بىرلا نەرسە — غېنىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىلا ھۆكۈمران ئىدى . ئەسلىدە بىچارە غېنى نۇربىيەنى ئاياپ ، كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن ئاندىن توي قىلىشنى ئويلىغانىكەن ـ دە ! ئەپسۇس ، نۇربىيە ھەممىنى خاراب قىپتۇ . بىچارىنىڭ كېسەللىك ئازابى ئۈستىگە ھەسسىلەپ ھىجران ئازابى يۈكلەپتۇ . شەرمەندىلەرچە يۈزسىزلىك قىپتۇ . بۇ زەربىلەرگە ئۇ چىدىيالارمىكىن ؟ ھازىرقى ئەھۋالى قانداقراقكىن ؟

— نۇربىيە ، ئەنۋەرخان سىنى ئەكەتكىلى كەپتۇ . ئۆيدە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ؟ تېزرەك بۇ يەرگە چىق !

ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئازابلىق خىياللار قاينىمىدىن ئوي-

غاتتى . ھويلىدا ۋىلىسسىپىتتىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئەن-ۋەر ئۆيگە كىرىپ بولغۇچە ئۇ خەت بىلەن ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى يوشۇرۇشقا ئاران ئۈلگۈردى . ئەنۋەر ئۆيگە كىرىپلا سورىدى :

— نېمە بولدۇڭ ؟ مىجەزىڭ يوقمۇ ؟ كۆزلىرىڭ ...

— ھېچنېمە بولمىدىم . بۇ ئۆينى يىغىشتۇرۇپ قوياي دەپ سەل چارچاپ قالدىم .

— يۈر ئۆيگە قايتايلى !

نۇربىيە ئۇن - تىنسىز ئېرىگە ئەگەشتى . قار لەپىلدەپ ياغماقتا . زېمىننى قاراڭغۇلاشتۇرۇشقا قۇربىتى يەتمىگەن گۇگۇممۇ قارنىڭ لاتاپىتىدىن سۆيۈنۈپ ھاڭۋېقىپ قالغان . لەپىلدەپ چۇ-شۇۋاتقان قار يولدا كېتىۋاتقانلارغا ئەركىلىگەندەك ھېلى ئۇلار-نىڭ يۈزىگە ، ھېلى بويىنىغا ئۇرۇلۇپ كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەل-تۈرىدۇ . مانا بۇ چاغدا قايسىبىر ئاشىق يىگىت ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئاپ-ئاق قارغا ئايلىنىپ مەشۇقىنىڭ مەڭزى ، لەۋلىرى ھەتتا بويۇنلى-رىغىچە كەڭتاشا سۆيۈۋېلىشنى خىيال قىلمايدۇ .

بۇرۇنقى زاماندا ، قارلىق تاغ ئەتراپىدا بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق ئۆتكەنىكەن . يىگىت بىر جايغا سەپەرگە كېتىپتۇ . قىز يىگىتنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تاغ باغرىدا تۇرۇۋېرىپتۇ . قىز تۇرۇپ-تۇ ... تۇرۇپتۇ ... ئاپئاق قارلار قىزنى ئوراپ قار قىزغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ .

بۇ تەسىرلىك رىۋايەتنى ئۇنىڭغا غېنى ئېيتىپ بەرگەن . نۇربىيە قىزنىڭ ۋاپادارلىقىدىن تەسىرلىنىپ ياش تۆككەنىدى .

نۇربىيەنىڭ نېرۋىسى بىر ئاز سەگىگەندەك بولدى ، ۋۇ-جۇدىدىكى ئاچچىق تۇيغۇلار غايىب بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى غە-لىتە تۇيغۇ ئىگىلىدى . كېچىچە قارغا كۆمۈلۈپ « قار قىز » غا ئايلىنىپ كېتىشنى خالاپ قالدى . ئەگەر ئۇ راستتىنلا قار قىزغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئايلانسا غېـنـىـنـىـڭ ئـالـدىدىكى گۇناھلىرى بىر ئاز يۇيۇلسىمۇ يەڭگىللەرمىكىن ؟

— هـەي ، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرسەن ؟ توڭلىمىدىڭمۇ ؟ تېز ئۆيگە كىر ... بول .

نۇرىيە بـايـاتىنقى خىياللىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالاپ قالدى . ئىختىيارسىز سومكىسىدىكى بايا ئۆيدىن تېپىۋالغان ئۇن-ئالغۇ لېنتىسىغا قول ئۇزاتتى . يۈرەكلىك ھالدا ئۈنئالغۇ كۇنۇپكى-سىنى باستى . ئۇ ئېرىدىن قورقۇش دېگەننىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى . ۋۇجۇدىدىكى تەشنالىق ، سېغىنىش كۆچى ئۇنىڭ غېنىنىڭ ناخشا ئاۋازىنى بىر كۆن كېچىكىپ ئاڭلىشىغا يول قوي-مايتتى . قىسقىسى ، ئۇ ئۆزى ۋە غېنىدىن باشقا ئەتراپتىكى ھەممە نـەرسىنى ئۇنتۇغانىدى . ئۇنىڭ قوللىرى كۇنۇپكىنى باستىيۇ تىت-رەپ كەتتى ، ياق ... قوللار ئۈنئالغۇنى توختىتىشقا ئۈلگۈ-رەلمەي قالدى . يەرنىڭ تېگىدىن ئاڭلانغاندەك مۇڭ بىلەن يۇغۇ-رۇلغان ئاۋاز سېھىرگەردەك نۇرىيەنىڭ قوللىرى ۋە پۈتۈن بەدى-نىنى سېھىرلەپ قويدى .

ئاشىق بولدۇم ئەي گۈزەل قىز خۇمار كۆزۈڭگە ،
كۆلۈپ تۇرغان ئاي جامالىڭ نۇرلۇق يۈزۈڭگە .

قولىدا رەسىم جازىسى تۇتۇپ ئولتۇرغان قىز . ئىشقى مـۇھەببەتنى ناخشا بىلەن ئىزھار قىلىۋاتقان شوخ يىگىت ... مانا بۇ ئـۇلارنـىـڭ مـۇھـەببەت تارىخىدىكى دەسلەپكى كۆرۈنۈش . « تـۈگىمەس ناخشا » ، « مۇھەببەت » ، « ئايرىلىش » ، « سېغى-نىش كۈيى » ... نۇرىيە كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە بەزىدە كۈ-لۈمسىرەپ ، بەزىدە ئۈمچىيىپ دېگەندەك ئولتۇرىدۇ . ئۇ ئەمدى تۇنجى رەت مۇھەببەتلىشىۋاتقان ساددا قىز ، سۆيگىنىدىن ۋاقىتلىق

ئايرىلغان ، سىغىنىش ئوتىدا پۇچىلانغان دەردمەن مەشۇق ، سۆيگۈ شارابىدىن قېنىپ ئىچىش ئالدىدا تۇرغان گۈل سەنەم . . .

ئايدىڭ كېچىلەر گۈل - باغلار ئارا ،
بۇلبۇل سايرايدۇ خۇش ناۋا بىلەن .

ئەمدى نۇربىيەنىڭ يۈرىكى تىترەشكە ، كۆزلىرى خۇمارلىششقا باشلىدى . ئاھ ! ئايدىڭ كېچە ، ئوتتەك قىزىق بەدەن ، چوغدەك لەۋ ... نۇربىيەنىڭ لەۋلىرىنى نېمىدۇر غىدىقلىغاندەك بولدى . ئاندىن ئۇنىڭ تىترەۋاتقان لەۋلىرىگە قىزىق چوغ يېقىلدى . ۋۇجۇدى شامدەك ئېرىپ لەسسىدە بوشاشتى ، تومۇرلىرىدىكى قانلار يۈزىگە تەپتى . ئاھ ! پەرۋەردىگار ، بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ قايسى جايلىرىدا ساقلانغان بولغىيتتى ؟ ئۇ بۇ گۈزەل ھەم ئاچچىق ئەسلىمە ، نازۇك تۇيغۇلىرىنى ئاللىبۇرۇن كۆمۈۋەتكەن ئەمەسمىدى ؟ ياق ، بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ، ئىنچىكە تومۇرلىرىنىڭ ئاستىغا كۆمۈۋېتىلگەنىكەن .
بۇگۈن قايتا تەكرارلاندى . ئەمدى ئەتىچۇ ؟
— نۇربىيە ، ئەمدى ئۇخلايلى !
ئەر ئۈنئالغۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ نۇربىيەنىڭ قولىنى تۇتتى . نۇربىيە قارشىلىق قىلمىدى . ئۇنىڭ لەۋلىرى ، بەدىنى ھازىرمۇ چوغدەك كۆيۈۋاتاتتى . بىردىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىق لەۋلىرىنى پاقىدەك سوغۇق نەرسىنىڭ ئاچ كۆزلەرچە يالاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتىيۇ ، يەنە يۇمۇۋالدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھېلىقى مەنزىرە ۋە يۈرىكىدىكى ھاياجانلىق تۇيغۇلار لاپپىدە ئۆچۈپ غايىب بولدى . ئەمدى ئۇنىڭ سەزگىنى تولىمۇ سوغۇق بەدەن ، ئاچ كۆز بۆرىگە ئوخشاش ياۋايى ھېسسىيات ... بۇلارنىڭ ھەممىسى نۇربىيە ئۈچۈن ناتونۇش ئەمەس ، ئۇ دائىم

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ، ھېچ نەرسىنى سەزمەس بولۇۋېلىپ ئەنە شۇنداق ئازابلىق مىنۇتلارنى ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن نۇربىيە كۆزلىرىنى پەقەت ئاچمىدى . يۇمۇقلۇق كۆزلىرىدىن ئىسسىق تامچە ياش دومىلاپ چېكىلىرىگە ئاقتى . ئېرىنىڭ ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشلىرى ، ھەرىكەتلىرى ، قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلاشلىرى ئۇنىڭغا ئاچچىق رېئاللىقنى ــ ئۆزىنىڭ مۇھەببەت بېغىدا ئەركىن پەرۋاز قىلالىغان پەرۋانە ئەمەس ، بەلكى بىر ئەرنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى ، ئەمدى باشقا ھەر قانداق غەيرىي خىياللارنى قىلىشقا ھەققى يوقلۇقىنى تونۇتقانىدى .

نۇربىيە بۇ ئاچچىق رېئاللىق ئالدىدا تەسلىم بولدى . ئۇ ئەمدى غېنىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىش قارارىغا كەلدى . دېمىسىمۇ ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى . ئەمدى نۇربىيە پۇشايمان قىلىپ ئاھ ئۇرۇپ ئازابلانسىمۇ ، ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ غېنىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ ئەپۇ سورىسىمۇ بىكار . غېنىمۇ ئەمدى ئۇنىڭدەك ئالدىراڭغۇ ، ۋاپاسىز قىزنى دەپ بۇ يەرگە كەلمەيدۇ . بەلكىم ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەندۇ ؟ غېنى كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى پەقەت بىر چۈش خالاس . بۇ نۇربىيە ئۈچۈن تازا لايىقىدا جازا بولدى . ئەمدى ئۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ ، ئېرىنىڭ ياخشى خوتۇنى بولۇشى كېرەك .

نۇربىيە بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە ۋېلىسپىتنى يېتىلەپ ، پىيادە ئۆيگە قايتتى . ئۇ نېمىشقىدۇر ئۆيگە بۇرۇنراق بېرىشنى خالىمايدىغان ، بىرەرسى گەپ سورىمىسا گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . قىسقىسى ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە تولدۇرۇپ بولمايدىغان بىر بوشلۇق ، كەيپىياتىدا بىر خىل خامۇشلۇق بار ئىدى . ئۇ ۋېلىسىپىتنى ھويلىدا توختىتىپ قويۇپ ، ئۆزىنىڭ ھۇجرا ئۆيىگە كىرگەندە باشقا كۆڭگە ئوخشىمايدىغان ئەھۋالنى ــ ئەرنىڭ غەزەپ-

لىك تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆردى .
— نەگە باردىڭ ؟
— ھېچ يەرگە بارمىدىم . ئەمدى ئىشتىن چۈشتۇق شۇ .
— ھىم ، ئەمدى ئىشتىن چۈشكەنىمىش . مۇشۇ چاغقىچە ئىشلىتىدىغان قانداق خەقكەن ئۇ . ئېيتە ، زادى نەگە باردىڭ ؟
نۇربىيە ئېرىنىڭ ئاچچىق يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ بىر ئاز قورقتى . سەۋەبىنى ئويلاپمۇ تاپالمىدى . دائىم تۆت چىشلىق كېيۋەزدەك ھەجىيىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمگە بۈگۈن نېمە بولدىكىنە ؟
— مەن ...مەن ... ھېچ يەرگە ...
— بولدى ، قۇرۇق گېپىڭنى قوي ، ئاۋۋال ماۋۇ سالام خەتنى ئوقۇ !
— خەت ؟
نۇربىيە سۇرەتتەك قېتىپلا قالدى . ئۇ بۇنداق بولارىنى پەقەت ئويلىمىغان . خەتنى ئۆزى قويغان يەردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ ، دەپ ئويلىغانىدى . ئىست ، نېمىشقا شۇ چاغدىلا كۆيدۈرۈۋەتمىگەن بولغىيتتىم ؟ نۇربىيە تا ھازىرغىچە ئېرىنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقى بارلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . ئەر خەتنى نۇربىيەنىڭ كۆزىگە تىققۇدەك بولۇپ ھۆركىرەيتتى .
— ئېيتە ، غېنى دېگەن كىم ؟ نېمىشقا شۇنچە ۋاقتتىن بۇيان ئوچۇق چىراي ئاچمايدىكىن دېسەم ، ئەسلىدە ... سەن ...
نۇربىيە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دەپ قالغانىدى . لەۋلىرى توختىماي تىترەيتتى . كاللىسى پەقەت بىرلا نەرسىنى — ھەممە ئىشنى چالا قويماي ئېيتىپ ، ئەرنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشىشنى ئويلايتتى .
ئۇ بىردىنلا غەيرەتلەندى . ئەرنىڭ كۆزىگە دادىل

www.uyghurkitap.com

تىكىلدى .

— مەن ... مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلاڭ ... مەن سىزگە ھەممىنى ...

— تۈفى ، رەسۋا ، — نۇربىيە تەستەك زەربىسىدىن سەن- تۈرۈلۈپ كەتتى ، — سەن ئۆزۈڭچە بىر نېمىلەرنى دەپ ئۆزۈڭنى ئاقلاي دەمسەن . مەن ھەممىنى بىلدىم . غېنى دېگەن ماز سېنىڭ ئاشناڭ ئىكەن . شۇنداقمۇ ؟ ئېيتە بۇزۇق !

نۇربىيە ئۈن چىقىمدى ، ئۇ ئەمدى ھېچقانداق چۈشەندۈ- رۈشنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئەرنىڭ ئەلپازى بەك يامان بولۇپ ، كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىد- دى . ئۇ نۇربىيەنىڭ چېچىنى قولىغا يۆگەپ ، يۈزىگە يەۋەتكۈدەك تىكىلىپ تۇرۇپ سوراق قىلاتتى . نۇربىيەدىن ئۈن چىقمىغانسېرى تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىرايتتى . نۇربىيە ھەممىگە چىدىدى . ئېرىنىڭ چېچىنى سىلكىپ - سىلكىپ تارتىشلىرىغا ، تۈكۈرۈ- كىنى چاچرىتىپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشلىرىغا چىدىدى . ئەمدى ئەرنىڭ ئېغىزىدىن تېخىمۇ سەت گەپلەر چىقىشقا باشلىدى .

— سەن پەس جالاپنىڭ بۇزۇقلۇقىنى توي كۈنىلا بىلگە- نىدىم . لېكىن تويدىن كېيىنمۇ پەسكەشلىك قىلىدىغىنىڭنى بىل- مەپتىكەنمەن . تۈفى ! مەن سېنى ...

نۇربىيە ئەمدى پەقەت چىدىيالمىدى . بۇ چىدىغۇسىز ھا- قارەت يۈرىكىگە پىچاقتەك سانجىلدى . قايسىبىر ياۋايى كۈچنىڭ تەسىرىدە ئەرنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى - دە ، بار ئاۋازى بى- لەن ۋارقىرىدى .

— توغرا ئېيتتىڭ ، مەن بۇزۇق ، غېنى مېنىڭ ئاشنام ... مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ... دائىم خالىغىنىمىزنى قىلىمىز ... قانداق ؟ ئەمدى بىلگەنسەن .

— سەن ... سەن ... — ئەر كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە بىر پەس قېتىپ قالدى. ئاندىن خۇددى ئۆلجىغا ئېتىلغان سادەك نۇربىيەگە ئېتىلدى. كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ۋارقىرىدى.

— ياخشى، سەن ئىقرار قىلدىڭ — هە! ئەمدى هېلىقى ئۇستىنگە «غېنى» دەپ ئىسىم يېزىقلىق لېنتىنى تاپشۇر. نېمىشقا كۇنىدە ئاگلايدىكىن دېسەم، ئەسلى بۇ سەن پەسكەشلەر-نىڭ مۇهەببەت غەزىلى ئىكەن — دە، پەسكەش جالاپ...

ئەر سۆزلىگەنسېرى تېخىمۇ قايناپ، قايىنىغانسېرى غەزىپى تېشىپ ئۆيىنى ئۇكتەي — توگتەي قىلىۋەتتى. نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك جوزا ئۇستىدىكى نۇربىيەنىڭ كىچىك سومكىسىنى تاشلاندى. نۇربىيە چاققان كەلدى. ئۇ ئۆزى ئۇچۇن تولىمۇ قە-دىرلىك بولغان نەرسىنىڭ ئۇنىڭ قولىغا چىقىپ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى — دە، چاققانلىق بىلەن سومكىنى قولىغا ئېلىۋالدى. ئەر سومكىنى تارتتى. نۇربىيە سومكىنى كۆكرىكىگە چىڭ تاگىنىچە ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ چاچلىرى يۇلۇندى. گەۋدىسى تەستەك، مۇشت زەربىسىدىن سىلكىنىپ كەتتى. ئەر ئۇنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ قوللىرىنى قايرىپ يۇرۇپ سومكىنى تارتىۋاتقاندا، ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ئېچىنىشلىق چىرقى-رىدى. بۇ چىرقىراشتىن قورقۇپ كەتكەن قېينانا، قېيناتىسى يۇگۇرۇپ كىرىشتى، نۇربىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئېرى-نىڭ قولىدىكى سومكىنى شارتلا تارتىۋېلىپ، قېينانىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

نۇربىيە خېلىلا قاتتىق تاياق يېگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى-نىڭ چۆرىسى، مەگزى كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، پۈتۈن بە-دىنى سىرقىراپ ئاغرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا يېگەن تايىقىدىن كۆرە ئاگلىغان هاقارەتنى بەكرەك تەسىر قىلىپ، ئىچىنى ئۆرتەپ يۇرى-

كىنى ئېچىشتۇراتتى ، بولۇپمۇ ئەرنىڭ « سەن تويدىن بۇرۇنلا بۇزۇلغانىكەنسەن . مەن بۇنى توي كۈنىلا بىلگەن» دېگەن سۆزى ئۆزىنى ھېلىقى كېچىدىكى ئىش ئۈچۈن ئازابلاپ يۈرگەن نۇربىيەنىڭ يۈرىكىگە پىچاقتەك سانجىلغانىدى . نۇربىيە ئەمدى ئۆزىنىڭ بۇ ئەر بىلەن بىرگە ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . دېمىسىمۇ ، ھازىر ئۇ ئېرىنىڭ نەزىرىدە بۇزۇق ئايال ، ئەمدى نۇربىيە ھەرقانچە چۈشەندۈرسىمۇ بىكار . ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چىدىغۇسىز گەپ ـ سۆزلەر بولدى . ئوتتۇرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان شەرم ـ ھايا ، ئەمدى يوق بولدى . نۇربىيەمۇ ئالدىراپ خاتا باسقان يوللىرى ئۈچۈن تازا ئوبدان جازالىنىدىغان بولدى . ئۇ ئېرىدىن ئەپۇ سورىمايدۇ . ئۇنىڭ بىردىنبىر خاتالىقى خەتنى كۆيدۈرۈۋەتمەي ساقلىغانلىقىدا . لېكىن ئەرمۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى مۇھەببەت كەچۈرمىشىنى چۈشىنىشى كېرەكتىغۇ ؟ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چىدىغۇسىز ھاقارەت بولۇپ كەتتى . نۇربىيەمۇ ئاچچىقىدا ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ ، يوق ئىشلارنىمۇ راست دەپ ئىقرار قىلىۋەتتى ، بەلكىم ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەر ئاجرىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭدىن كۆرە نۇربىيە ۋاقتىدا بۇ ئۆيدىن كېتىۋالغىنى ياخشى . نۇربىيە شۇ قارارغا كېلىپلا ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى . ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ئېرى ئۇنى ئىزدەپ چىقتى . قاپىقىنى تۈرۈپ بۇيرۇق قىلدى .

ــ يۈر ، ئۆيگە كېتىمىز !

نۇربىيە ئەرنى ئاجرىشىش تەلىپى قويىدۇ دەپ ئويلىغاچقا ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ھەيران قالدى . بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى سۆزىگە شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى ، ئېرىنىڭ چىرايىغا قارىمايلا جاۋاب بەردى .

— بارمايمەن.

— ھىم، بارماسلىقتا ئامالىڭ يوق. ئەگەر ياۋاشلىقچە ئۇن- تىنسىز ماڭمايدىغان بولساڭ، چاۋاڭنى چىتقا يېيىپ قىلغان- ئەتكەنلىرىڭنى ئاشكارىلايمەن. ئۇ چاغدا بېشىڭنى كۆتۈرۈپمۇ يۈرەلمەيسەن.

نۇربىيەنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ، ۋۇجۇدى ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتى. ئىككى كۈندىن بۇيان، نۇربىيە ئۆزىنى ئەر ئالدىدا ئەيىبلىك ھېسابلاپ يۈرۈپتۇ. ھىم، ئەر ئۆز خىيالىچە مۇشۇ سۆزلەر ئارقىلىق نۇربىيەنى قورقۇتماقچى، نۇربىيەنى ئۆزىنىڭ ھەرقانداق تەلىپىگە ماقۇل دەيدىغان دەرىجىدە ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى ئىكەن- دە! نۇربىيە ئېرىگە مىختەك قادالدى. ھازىر ئۇنىڭ قەلبىدە ئەرگە نىسبەتەن مەسخىرە، نەپرەتتىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغانىدى.

— مەن ھەرگىز بارمايمەن. ئاجرىشىمەن.

ئەر نۇربىيەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بىر ھازا ئولتۇرۇپ كېتىپ، يەنە تەلەتى تۈرۈلدى.

— نېمە؟ ئاجرىشىمەن دەمسەن؟ گۇناھىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭدە تۇرۇپ، نېمانچە چوڭ گەپ قىلىسەن؟ ئۇقۇپ قوي، مەن سېنى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئالغان. ئاجرىشىمەن دېگىنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ. ھامان بىر كۈنى ئالدىمغا چۈشۈپ سوكۇلداپ بارىسەن.

ئەر ئۆزىنىڭ ئەپت- بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ چىقىپ كەتتى. نۇربىيە ياستۇققا يۈزىنى يېقىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

راست دېگەندەك، جىدەل شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. ئەر ئەمدى ھەر ئاخشىمى ھاراق ئىچىپ كېلىۋېلىپ، دەرۋازىنى مۇشتلاپ، ئاچمىسا ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللايدىغان بولۇۋالغانىدى.

— ئۇقۇپ قوي ، نۇربىيە ، مەن ھامان سېنى ئۆيۈمگە ئې-لىپ كېتىمەن . تىرىكىڭنى ئاپىرالمىسام ، ئۆلۈكۈڭنىمۇ بولسا ئې-لىپ كېتىمەن ! — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ .

نۇربىيەنىڭ سەۋر قاچىسى توشتى . ئىرىنىڭ پوپۇزلىرى ئۇنى قورقۇتالمىدى . ئاتا - ئانىسىنىڭ يىلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرى ، قېيناتا - قېينانىلىرىنىڭ ئەپۇ سورىشى ، دەسلەپتە يوغانچىلىق قىلغان ئەرنىڭ كېيىنچە كۆچۈكلىنىپ يىغلاپ يالۋۇرۇشمۇ ئۇنىڭ مۇزلىغان يۈرىكىنى ئېرىتەلمىدى . ئاخىر كۆزىنى يۇمۇپلا ھېچ نەرسىگە قارىماي ئاجرىشىپ كەتتى .

* * *

قۇياش نۇرىنىڭ كۈچلۈك تەپتى پۈتۈن تەبىئەتنى ھالسىـ-رىتىپ قويغان . تاغ باغرىدىكى يىلان باغرى يولدا كېتىۋاتقان يولۇچىلار ئاپتوبۇسى گۈرۈلدەپ ماڭماقتا .

نۇربىيە باشقىلاردەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىردەم ئارام ئال-ماقچى بولدى . بىراق گۈرۈلدىگەن قوپال ئاۋاز ھە دېسىلا ئۇدۇل ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئۇرۇلۇپ زەربە بېرىپ ، ئۇنىڭسىزمۇ ئارامسىزلىـ-نىۋاتقان نېرۋىسىنى قوچۇماقتا . ئۇنىڭ ئۈچۈن دېرىزە سىرتىغا قاراشمۇ بىر خىل ئازاب . پۈتكۈل تەبىئەتنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالغانلىقىدىن مەغرۇرلانغاندەك سوغۇق تىكىلىپ تۇرغان ئاقۇچ ئاسمان ، ئاپتوبۇسنى بېسىۋېلىشقا ئۇرۇنغاندەك چەكچىيىپ تۇر-غان قورام تاشلار ، ھەممىنى يۇتۇشقا تەييار تۇرغاندەك ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان چوڭقۇر ھاڭ ...

نۇربىيە كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ قۇلىقىنى ئېتىۋالدى . ھېلىقى ئاۋاز تولىمۇ يىراقتا قالغاندەك غۇۋالاشتى . ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا



www.uyghurkitap.com

بىر ئاۋاز ئىگىلىدى ...

— نۇربىيە ، سەن غېنىنى سوراپمۇ قويمايسەنغۇ ؟ بىلەمسەن ؟ ئۇ كۆكرەك راكى بولۇپ قاپتىكەن . نۇرغۇن داۋالىنىپمۇ ساقىيالماپتۇ ، ھازىر ئۇنىڭ ساناقلىق كۈنلىرىلا قالدى . — نۇربىيە كوچىدا تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغان ئۇرۇمچىلىك ساۋاقدىشى ئەركىنىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى . كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچەيدى . پۇت - قوللىرى لەسسىدە بوشىشىپ كەتتى . ساۋاقدىشىنىڭ :

— « ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ... » — دېگەن سۆزىنى غۇۋا ئاڭلىدى . ساۋاقدىشىغا خوش دېيىشىنىمۇ ئۇنتۇپ ، ئەلەڭ - سەلەڭ ياتاققا قايتىپ كەلدى .

غېنى كۆكرەك راكى بولۇپ قاپتۇ ... مانا بۇ تا ھازىرغىچە ئۇ قاتتىق ئەنسىرىگەن ، ئويلاشقىمۇ پېتىنالمىغان رېئاللىق ئىدى . نۇربىيەنىڭ تازا ۋارقىراپ يىغلىغۇسى كەلدى . يۈرىكىنى نېمىدۇر زەھەردەك چاقتى ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى ، پۈتۈن ئەتراپ چۆرگىلەپ ، ئۆزىنى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك سەزدى . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چەككەن ئاھلىرى ، پۇشايمان - ئۆكۈنۈش ياشلىرى ، سېغىنىش تۇيغۇلىرى ئۇنى تاغدەك بېسىشقا باشلىدى . ئۇ يالغۇزلۇق ھېس قىلغان چاغلىرىدا غېنىنى ئويلىدى . ئۇنىڭ ھەر بىر ئىغىز سۆزى ، كۈلكىسى ، ناخشىسىنى ئەسلىدى . بەزىدە ئۆزىنىڭ غېنى بىلەن توي قىلىپ ، ئۇنىڭ ئوتلۇق بەدەنلىرىدىن لەززەت ئالىدىغاندەك شېرىن خىياللارنى سۈردى . تاتلىق چۈشلەرنى كۆردى . لېكىن غېنىنىڭ يېنىغا بېرىشقا ، ئەھۋال سوراشقا ، خەت يېزىشقا جۈرئەت قىلالمىدى ، ئەمدى ئۆتكەن ئىش ئۆتكەندى . ئۇنىڭ خىيالىدا غېنى ئاللىبۇرۇن ساقىيىپ ، توي

قىلىپ بىرەر بالىنىڭ دادىسى بولۇپ بولغانىدى.

نۇربىيە بىر كىچە ئۇخلىماي ئويلاندى. سېغىنىش، سۆيگۈ ھەممىدىن غالىب كەلدى، مەيلى غېنى قارشى ئالسۇن، ئالمىسۇن نۇربىيە ئۇنى ئىزدەپ باردۇ. تىزلىنىپ تۇرۇپ ئەپۇ سورايدۇ. غېنىنى تا ھازىرغىچە ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن غېنى ئاخىرقى ئۆمرىدە بولسىمۇ ئۇنى تازا تىللاپ ياكى بىرەر تەستەك سېلىپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالسا ئەجەب ئەمەس...

نۇربىيە بالىنىسا ئىشىكى ئالدىدا بىر ئاز تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى دىرىلدەپ تىترەپ، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. جۈرئەت قىلىپ ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپئاق بىر دۇنيا نامايان بولدى. ئاق خاسىدەك تاتىرىپ كەتكەن تونۇش چىراي نۇربىيەنىڭ كۆزىگە گويا ئاپئاق كېپەنلەر ئارىسىدا ياتقاندەك كۆرۈنۈپ ۋۇجۇدى مۇزلىدى. ئاپئاق كارىۋات يېنىدا ئوغلىغا تىكىلىپ مۈكلىنىپ ئولتۇرغان دەردمەن ئانىنى كۆرگەندە چىرايى ۋىللىدە قىزاردى.

— سىز...

نۇربىيە نېمە دېيىشىنى بىلمەي دۇدۇقلىدى.

— مەن... مەن ئۇنىڭ ساۋاقدىشى.

— رەھمەت بالام. ئۇنى يوقلاپ كەپسىز. ئۇنى ئويغىتاي، كۆرۈشۈۋېلىڭلار! ئانا گويا يېقىن قېرىنداشىنى كۆرگەندەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئوغلىنىڭ گەۋدىسىنى ئاستا سىلكىدى.

— بالام غېنىجان، كۆزۈڭنى ئاچقىنا... دوستۇڭ سېنى ئىزدەپ كەپتۇ. بالام، كۆزۈڭنى ئاچقىنا... — ئانا ئوغلىنىڭ پېشانىسى ئۈستىدىكى قولىنى چۆچۈگەندەك دەرھال تارتىۋالدى —

دە ، ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتتى . ئاندىن كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ يۇرىكىنى تىڭشىدى .

— ئاھ ئوغلۇم ، يۈرەك پارەم ، كۆز نۇرۇم ، — ئانا بىردىنلا كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى . نۇربىيە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېنىق ئايرىيالمايلا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى .

— دوختۇر ! دوختۇر !

دوختۇر ـ سېستىرالار دۈكۈرلىشىپ كىرىشتى . بىر ـ بىرىگە قاراپ باش چايقاشتى . نۇربىيەنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى قېتىپلا قالدى . نېرۋىسىغا نېمىدۇر جاققىدە تەگكەندەك بولدى .

نۇربىيەنىڭ خۇددى بىر قانچە يىل كېسەل ئازابى تارتقاندەك ھالىتىنى ، بۇرۇن دائىم كۈلكە بىلەن چاقناپ ، خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان ، كىيىنچە غەمكىن ، ئەمما ئوتلۇق تىكىلىشى بىلەن كىشىگە ھەممىنى ئېيتىپ بېرىدىغان كۆزلىرىنىڭ ئەمدىلىكتە ئىپادىسىز ، چەكچىيىپ تىكىلىشلىرى ، ھېچكىمنى تونۇمايدىغاندەك گاراڭ ھالىتى ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىلا ئەمەس ، دوست ـ يارەن ، خىزمەتداشلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇردى . كۆپچىلىك ئۇنىڭ نېمىشقا تۇيۇقسىز ئۆرۈمچىگە مېڭىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگىنىگە ئوخشاش ، ئۇنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن بۇنداق ھالەتتە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھەم ھېچكىم بىلەلمىدى . پەقەت ئۇنى قانداقتۇر بىر « كېسەل » گە چىقىرىۋېتىشتى ـ دە ، داۋالىنىش ھەم دەم ئېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشتى . ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈشتى .

نۇربىيەنىڭ كاللىسى ھازىر قۇپقۇرۇق ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆرۈمچىدىن قانداقلارچە يۇرتىغا كەلگەنلىكىنىمۇ ئويلىيالمايتتى .

پەقەت غېنىنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ، ئۆزى بىلەن مەڭگۈلۈك

خوشلاشقانلىقىلا ئېسىدە ئىدى . ئۇ ئاخىرقى مىنۇتتا غېنىنىڭ ئۆزىگە مەيلى غەزەپ ، مەيلى سۆيگۈ بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىنى كۆرەلمىدى . ئۇنىڭ ئۇچۇن دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن قىممەتلىك بولغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالمىدى . تەقدىر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك رەھىمسىزلىك قىلدىكى ، ھەتتا ئۇنىڭغا غېنىدىن ئەپۇ سوراش پۇرسىتىنىمۇ بەرمىدى . ھاياتىدىكى ئۈمىد ۋە خۇشاللىق مەنبەسىنى رەھىمسىزلەرچە سۇپۇرۇپ تاشلىۋەتتى .

نۇربىيە بۈگۈن تۇنجى قېتىم كوچىغا چىقتى . شۇنچە كۈنلەردىن بويان ، ئۆيدە سولىنىپ ئولتۇرىۋەرگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن ، كوچىلار ۋە ئادەملەر ئۇنىڭغا ياتتەكلا بىلىندى . ئۇ بۇرۇن ئۆزى دائىم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغان يېشىل چىملىقتا كەلدى ، ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ يېشىللىقمۇ غەلىتە كۆرۈندى . يۈزىگە تېگىپ تۇرغان بىچارە سۆگەت چىۋىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۈزۈۋەتتى . ئالدىدا يېيىلىپ تۇرغان ياۋا گۈللەرنى ئاچچىق بىلەن يۇلۇپ تاشلىۋەتتى . يېشىل چۆپلۈككە ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە ، كۆزلىرىنى يۇمدى .

ئۇنىڭ قۇلىقىغا تولىمۇ يىراقتىن غۇۋا ناخشا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى . مۇزىكا شۇنچىلىك يېقىملىق ، گۈزەل ، مۇڭلۇق ۋە شۇنچىلىك سېھىرلىك ئىدىكى ، ئۇ نېمىنىدۇر بايان قىلاتتى . نېمە توغرىسىدىندۇر ئاھ ئۇراتتى . نېمىنىدۇر مەدھىيىلەيتتى .

نۇربىيەنىڭ قېتىپ قالغان نېرۋىسى ئاستا ـ ئاستا بوشاشتى . يۈرىكىگە ۋە پۈتۈن بەدىنىگە ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇ رالدى . بۇ تۇيغۇ بىلەن تەڭ ئاچچىق كۆز ياشلىرى بىردىنلا كۆزجىيەكلىرىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى . ئۇ بۇقۇلداپ ، ھۆكىرەپ يىغلىدى . يىغىسىدا ئالەمچە ھەسرەت ۋە قايغۇ بار ئىدى . ئۇ غېنى

ئۇچۇن ھازا ئاچتى ، تەقدىردىن ئاغرىنمايمۇ ، كىمنىڭدۇر تىللى-
غىنىچە خۇداغا نالە قىلىپ ياش تۆكتى . ئۇ يىغلاپ ھارغاندى .
كۆكسى - قارنى بوشاپ قالغاندەك ئۆزىنى خېلى يەڭگىل ھېس
قىلدى .

ئاھ ! گۈزەللىك .

ھاۋا رەڭ ئاسماندىن ئاجايىپ يېقىملىق كۈي تارالغان .
ئاپئاق بۇلۇتلار كۈيگە ئەگىشىپ لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشكەن .
يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنگەن تاغلار قىزغۇچ نۇردا تاۋلىنىپ ئاجايىپ
گۈزەل ، بەدىئىي سۈرەتتەك كۆرۈنىدۇ . نەلەردىندۇر سۇلارنىڭ
شارقىراشلىرى ، قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى بۇ مەنزىرىگە تەڭكەش
قىلىپ ، مۇڭلۇق مۇزىكىلارنى ھاسىل قىلىدۇ . ئاھ ! نۇربىيەنىڭ
كۆزلىرى ئاخىر بۇ گۈزەللىكنى كۆردى . قۇلىقى تەبىئەتنىڭ يې-
قىملىق مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىدى . يۈرىكى تۇيدى ...

بۇ گۈزەل ، مۇڭلۇق كۈي ئۇنىڭ ئۆلگەن نېرۋىلىرىنى
ئويغاتتى . ئۇنىڭغا ئەتراپتىكى گۈزەللىك تۇگىگەندەك ، ناخشىلار
ۋە خۇشاللىق ئەمدى مەۋجۇت ئەمەستەك تۇيۇلغانىدى . مانا بۈ-
گۈن ئۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىكى ، ھايات تولىمۇ گۈزەل ، ھاياتلىق
ناخشىسى ئۇ مەڭگۈ ياڭراپ تۈگىمەيدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# جىگدە چىچىكى

سەلىمە ئۆزىنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھاڭ ــ تاڭ بولغىنىچە ئانىسىغا بىر ھازا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ مەھەللە سىرتىغا چىقتى ــ دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۈككىدە جىگدە بىلەن ئورالغان دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمىشقا يالغۇز كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. پەقەت ئۆزىنىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردىنلا چۈپچۈڭلا قىز بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلگەنلا ئېسىدە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جىگدىلىككە قاراپ ماڭغانلىقىنى بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورققاندەك تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن قەدەم تاشلايتتى. ئۇنىڭ بۇرنىغا گۈپپىدە جىگدىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلدى. كىمدۇر بىرى ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، شۇئېرلاپ چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. يىراقتىن دەريا سۈيىنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلۇشى ئاڭلىناتتى. جىگدە شېخىغا قونۇۋالغان قۇشقاچلار گويا ئۆزىنىڭ كونا دوستىنى كۈتۈۋالغاندەك چۇرۇقلىشىپ سايرىشاتتى. يىراق ئۇپۇقتا ئېسىلىپ تۇرغان ئاقۇچ تاغلار ھېلى يىراققا قېچىۋاتقاندەك، ھېلى ئالدىغا كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ كىچىك چاغلىرىدا بۇ يەرگە كۆپ كېلەتتى. دەريا سۈيىگە قانغۇچە چۆمۈلۈپ، دەريا بويىدا ئاپتاپسىناتتى. جىگدە شېخىغا قۇشقاچتەك قونۇپ ئولتۇرۇپ جىگدە تېرىپ يەيتتى. ئۇ

بۇ يەرگە شۇنچە ئىچىكىپ كەتكەنىدىكى ، ئۆزىنى گويا دەريادا ئۈزۈۋاتقان بېلىقتەك ياكى جىگدە تېرىپ يەۋاتقان شوخ قۇشقاچ-تەك سېزەتتى . كېيىن ئۇ تۇيۇقسىز دەريا بويىغا كەلمەس بولدى . كەلمەس بولدىلا ئەمەس ، بۇ يەرنىڭ چوڭ قىز - يىگىتلەرنىڭ ماكانى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ ، بۇ يەرگە شۈبھە ۋە قورقۇنچ بىلەن قارايدىغان بولدى .

بىر كۈنى ، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز جىگدە يېگۈسى كېلىپ كەتتى . ئانىسىغا تۇيدۇرماي غىپپىدە ئۆيدىن چىقىپ يۈگۈرگە-نىچە دەريا بويىغا كەلدى . ئۇ جىگدە شېخىغا چىقىشىغا قولىقىغا كىملەرنىڭدۇر شىۋىرلاشقان گەپلىرى ئاڭلاندى .

— جېنىم گۈلنىسا ، نېمىشقا مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرى-سىز ؟ ئاخشام سىزنى بەك ئۇزۇن ساقلىدىم . نېمىشقا كەلمەيسىز ؟

يەرگە قاراپ تىرناق تاتىلاپ ئولتۇرغان قىزنىڭ مۇرىسىنى سىلىكىپ ھاسىراپ سۆزلەۋاتقان يىگىتنى سەلىمە تونۇۋالدى . بۇ مەھەللىدىكى قادىر لەقۋانىڭ ئوغلى سادىر ئىدى .

— ئانام ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى بىلگەندىن كېيىن ، مېنى پەقەت ئۆيدىن چىقارمايدىغان بولۇپ كەتتى . ھازىرمۇ ئانامنىڭ كۆزىنى غـەلـەت قـىـلـىـپـلا قېچىپ چىقتىم . ئەمدى ئۆيگە قانداق كىرەرمەنكىنتاڭ !

بۇ دادۇي شۇجىسىنىڭ قىزى گۈلنىسا ئىدى .

سەلىمە كۆزىنى يۇمۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى . يىگىت ئاس-تاغىنا قىزنى ئۆزىگە تارتتى . ئاندىن ... ئىزا تارتقىنىدىن سەلىمە-نىڭ ۋۇجۇدىغا ئوت كەتتى . قانداقتۇر نومۇس ئىش قىلىپ قوي-غاندەك ، بۇ ئىشنى كىمنىڭدۇر كۆرۈپ قېلىشىدىن قورققاندەك ئىتتىك كەينىگە ياندى .

ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان ، ئۇ بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىزا تار-

تـىدىغان بولۇپ قالدى . كېيىن مەھەللىدە سادىر بىلەن گۈلنىسا تـوغرۇلۇق سۆز ـ چۆچەك تارقالدى . كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، گۈلنىسانىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇنى سادىردەك نامراتقا بەرمەيمىز دەپ تۇرۇۋالغانىكەن . لېكىن ، گۈلنىسا بىلەن سادىر دەريا بويىسىكى جىگدىلىكتە يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ ، چاتاق ئىش تېرىپ قويۇپتۇ . گۈلنىسانىڭ ئانىسى ئاچچىقىغا پايلىماي قىزىنى ئۇرۇپ ئۆيـدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ . سەلىمە بۇ سۆز ـ چۆچەكلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى . تېخى توي قىلمىغان گۈلنىسانىڭ قورسىقىنىڭ تومپىيىپ تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى . ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ، سەلىمەنىڭ كۆزىگە دەريا بويى ۋە جىگدىلىك تولىمۇ سىرلىق ھەم قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۈگۈن بولسا ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كەلدى .

ئۇ بۇ جاينىڭ شۇنچىلىك خالىي ھەم گۈزەل ئىكەنلىكىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى ئاجايىپ بىر شېرىن تۇيغۇدا تېپچەكلەپ ، كۆزلىرى جىگدىلىك ئارىسىدىن كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك تۆت ئەتراپقا تەكشى تىكىلەتتى . تونۇش جىگدىلىك ئۇنى تېزلا قوينىغا ئالدى . بۇرۇنقىدەك ۋىچىرلاپ ، كـۈلۈپ ئەمەس ، بەلكى مەنىلىك ، يېقىملىق پىچىرلاپ قارشى ئالدى . ئۇ گـويا سۆيگىنىنى كۈتۈۋاتقاندەك ھېسسىياتتا قۇمدا ئولـتۇردى . كۆز ئالدىغا ئۆزى ھېلىقى چاغدا كۆرگەن گۈلنىسا بىلەن سادىرنىڭ ھەرىكەتلىرى كەلدى . ئۆزىنى گۈلنىسانىڭ ئورنىدا ، كەلگۈسى ئېرىنى سادىرنىڭ ئورنىغا قويۇپ ، ئاجايىپ شېرىن خىياللار ئىلكىدە كۆزىنى يۇمۇپ ياتتى . يىگىتنى ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قىزارغىنىچە سۆزلەۋاتىدۇ .

ـــ سەلىمە ، بىلەمسىز ؟ مەن سىزگە كۆيۈپ قالغاچقا ، سىزنى ئالاي دەپ ئەلچى ئەۋەتكەنمەن . مەن سىزگە بەك ئامراق .

سىزنى كېلەمدىكىن دەپ كۈندە مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇردۇم .

سەلىمە راھەتلىنىپ كۈلدى . يۈرىكىدە ئوقچۇۋاتقان ئاجايىپ قايناق ھېسسىياتىنى كۈچ بىلەن بېسىپ ئۈن چىقارمىدى . ئۇ ئەمدى يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ قولىنى تۇتۇشىنى ، ئاندىن قۇچاقلاپ سۆيۈشىنى ئارزۇ قىلغىنىچە كۆزىنى ئاچمىدى ...

ـــ سەلىمە ، ھوي سەلىمە !

ئانىسىنىڭ سوزۇپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى . سەلىمە قورقۇنچ ۋە خىجىللىقتىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى . بىر دىنلا ئۆزىنىڭ بۇ يەردە يالغۇز ئىكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى .

ـــ مانا مەن .

ئانىسىنىڭ سەلىمەنىڭ جىگدىلىكتىن چىقىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى . باشقا بىرى بارمۇ دېگەندەك تۆت ئەتراپقا بىر ھازا قارىۋەتكەندىن كېيىن ، قىزىنىڭ قولىنى سىلكىپ تارتقىنىچە ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى .

سەلىمە ئۆيگە كىرىپلا ، دادىسىنىڭ سۇرلۇك قاپىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى . ئاپىسىنىڭ كەينىگە مۆككىنىچە ئىچكىرى ئۆيگە كىرىۋالدى . ئۇ دادىسىدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى . ئۇ ئەمدىلا تۆتىنچى سىنىپقا كۆچكەن يىلى ، دادىسى ئۇنى بىر ئايغىچە قازناق ئۆيگە سولاپ قويۇپ ، ئۇنى چاقىرغىلى كەلگەن مۇئەللىمگە قەيەردىندۇر تېپىپ كەلگەن بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزۇپ يولغا سالغاندىمۇ بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ يىغلىغانىدۇ ، سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى . مانا ئەمدى شۇ دادىسى ئۇنى ئەرگە بەرمەكچى ، توينى قىلماقچى . توي سەلىمە ئۈچۈن خۇشاللىق ئېلىپ كېلەمدۇ ياكى خاپىلىقمۇ بۇنى بىلمەيدۇ . پەقەت ئۇنىڭ بىلىدىغىنى توي بولغان قىز ئۆمرىدە كىيىپ باقمىغان ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ

باشقا بىر ئۆيگە كېتىدۇ. بەلكىم توي سەلىمە بايا دەريا بويىدا ئويلىغىنىدەك تولىمۇ شېرىن ۋە كۆڭۈللۈك بولىدىغاندۇ؟ مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سەلىمە ئاشۇ زالىم دادىسىنىڭ ھومىيىپ قاراشلىرى، يىرتقۇچ ھايۋاندەك ھۆركىرىشىدىن قۇتۇلسا بولغىنى. سەلىمە ئاشۇلارنى ئويلاپ ئۆزىنىڭ تېزرەك تويى بولۇشىنى تىلەپ قالدى.

* * *

بۈگۈن سەلىمەنىڭ تويى بولدى. ئانىسى ئۇنى ئەتىگەندە يۇيۇندۇرۇپ، ئەمدىلا مۇرىسىگە چۈشكەن چېچىنى قۇلاق تۈۋىدىن ئىككى ئۆرۈپ قويدى. ئاندىن ئۇنى ئىچكىرى ئۆيگە ئەكىرىپ تاكى ئۇنى يۆتكەپ كېتىشكە كىرمىگۈچە سىرتقا چىقىشقا بولمايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا جېكىلىدى. سەلىمە ئۆيدە يالغۇز قالدى. ئانىسى سېلىپ بەرگەن كۆرپە ئۈستىدە زەدىۋالغا يۆلىنىپ بىر پەس ئولتۇردى. ئېرىنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقماقچى بولۇپ، خېلى خىيال قىلىپ باقسىمۇ ھېچنېمە كۆز ئالدىغا كەلمىدى، ھەي ئىسست، توي خېتى ئالغىلى بارغان كۈنى ئانىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېرىگە قاراپمۇ سالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ تەكچىدىكى ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ قارىدى. ئەينەك ئىچىدىن دۇپدۇگىلەك، كىچىككىنە يۈزىنى، ئارانلا مۇرىسىگە چۈشكەن سېكىلەكلىرىنى كۆردى. ئون سەككىز ياش، ھېلىقى كۈنى كاتىپ كەنتتىن قىلىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشقا قاراپ ئون سەككىز ياشقا كىرىپسىز، دېگەنىدى. مۇبادا شۇ چاغدا ئانىسى چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى گەپنى تارتىۋالمىغان بولسا، ئۆزىنىڭ تېخى ئەمدىلا ئون ئالتە

ياشقا كىرگەنلىكىنى ئېيتىپ سالار ئىكەن . ئانىسىنىڭ كېيىن ئېيتىپ بېرىشىچە ، ھۆكۈمەت قىزلارنىڭ ئون سەككىز ياشتىن بۇرۇن توي قىلىشىنى قاتتىق چەكلەر ئىمىش . شۇڭا بۇنىڭ ئال- دىنى ئېلىش ئۈچۈن كەنت بوغالتىرى بولغان دادىسى بۇنىڭدىن بەش يىل ئاۋۋالقى چوڭ نوپۇس تەكشۈرۈشتە ، ئۇنىڭ يېشىنى ئىككى ياش چوڭايتىۋالغانىكەن . شۇڭا ئۇلار ئانچە قىينالمايلا توي خېتىنى ئالالاپتۇدەك . سەلىمە ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ ئىختى- يارسىز كۈلۈپ كەتتى . قىزىق ئىش . ئەجەبا ، ئون سەككىز ياش قىزلار ئۈچۈن شۇنچە مۇھىممىدۇ ؟ ... سەلىمە يالغۇز ئولتۇرىۋې- رىپ زېرىكتى . بىردىنلا ئۆزىنىڭ تويغا دوستلىرىنى چاقىرمىغان- لىقى ئېسىگە چۈشتى . ئۇلارنى چاقىرغان بولسا سەلىمە بۇنچە زې- رىكىپ تىت - تىت بولۇپ كەتمىگەن بولار ئىدى .

ئاينۇر ، بۇۋى نىيازخان ، ئاتىخان ... يەنە زەينەپ ، يەنە ... ھە راست ، ئۇلار تېخى مەكتەپتە ئوقۇۋىدىغان تۇرسا ، چاقىرغان بىلەنمۇ كەلمەيدۇ - دە . مەكتەپتە ئوقۇمايدىغانلاردىن پەقەت ئا- يىمخان بىلەن بېلىقىزلا بار ئىكەن . شۇلارنىمۇ بولسا چاقىرىپ كىرسە قانداق بولاركىن ؟ ئۇ ئانىسىغا ئېيتىپ ئۇلارنى چاقىرتىپ كىرىش قارارىغا كەلدى . ئاۋۋال ئىشىكتىن بېشىنى ئاستا چىقىرىپ ھويلىغا قارىدى . ھويلا مېھمانغا لىق تولغان . ئانىسى تەمتىرىگە- نىچە مېھمانلار ئارىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرىدۇ . سەلىمە دەسلەپتە خىجىل بولغاندەك بولدى . كېيىن ھېچنېمىنى ئويلىمايلا بوسۇغا ئاتلاپ ئۆيدىن چىقتى . ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمى- دى . دەرۋازىدىن چىقىشىغا سىرتتىن كىرىۋاتقان بىر نەۋرە ئا- چىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى . ئاچىسى ئۇنى كۆرۈپلا ۋارقىرىۋەتتى .

— ۋاي ئانامەي ، تويى بولغان قىز تۇرۇپ نىمە ئىش قى-

www.uyghurkitap.com

لىپ يۈرسەن بۇ يەردە، ئىزا تارتمايدىغان قىلىن!

مېھمانلار لاپپىدە ئۇنىڭغا قارىغاندەك بولدى. ئۇ نومۇس-ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ، يۈزىنى تۇتۇپ يىغ-گۈرگىنىچە ئۆيگە ئۆزىنى ئاتتى.

ئۇھ! خۇداغا شۈكۈر. ئاخىر ئۇنى كۆچۈرۈپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىشتى. ئۇ ئانىسى كىيگۈزگەن تويلۇق كىيىملەرنى كىيىپ، چوڭ رومال بىلەن يۈزىنى چىڭ ئوراپ، ئاپىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە يالغاندىن يىغلاپ، كىچىك تراكتوردىكى مېھ-مانلار ئارىسىغا ئورۇنلاشتى. ئۇ يېنىك تىندى. ئۆزىنى گويا باشقا بىر گۈزەل دۇنياغا كىرىپ بارغاندەك خۇشال، يەڭگىل سەزدى.

يېڭى ھويلىغا كىرىش بىلەنلا، ئۇنىڭ بۇرنىغا ياتلا بىر پۇراق ئۇرۇلدى. ناتونۇش ھويلا كۆزىگە خېلى ئىسسىق كۆرۈن-دى. ئۆز ھۇجرىسىدا ئۆزىگە «يەڭگە» بولغان بىر نەۋرە ئاچى-سىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۆيگە ئاستاغىنا سەپسالدى. ئېلېكتر چى-رىغىنىڭ يورۇقىدا ئويۇققا تىزىلغان چىنە-قاچىلار، ۋاللىداپ جۇلالىنىپ تۇرغان تاۋار يوتقان-كۆرپە كۆزىگە باشقىچە چىراي-لىق كۆرۈندى. بىر خىل ئىسسىق ئېقىم پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارالدى. تاتلىق خىيالىي تۇيغۇ بىردىنلا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئىسكەنجىگە ئالدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيى، يەنە تېخى ئېرى بار ئۆي. ئۇ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ ھەمراھىنىڭ قاچانلاردا چى-قىپ كېتىپ يالغۇز قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى نېمىدىندۇر قورققاندەك تۇيۇقسىز تىترەپ كەتتى. كۆزلىرى ئى-شىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان ئەرگە تىكىلدى. ئەر ئۇنىڭ خىيالى-دىكى ئەرگە ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەر يەر ئاستىدىن ئۆ-زىگە تىكىلىپ تۇرغان قىزنى كۆرمىگەندەك ئۇنىڭغا قاراپمۇ قوي-ماستىن ئۇن-تىنسىز پۇشۇلدىغىنىچە ئايغىنى سىلىپ سۇپا

ئۇستىگە چىقتى . ئاندىن ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنى بىر - بىرلەپ
سالدى . سەلىمە ئەرنىڭ زادى نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي ،
كالتە ئىشتان بىلەن تۇرغان ئادەمگە چەكچىيىپ قاراپ قالدى .
ئەرنىڭ يۇڭ بېسىپ كەتكەن قاپقارا مەيدىسى ، ئالدىغا ساڭگىلاپ
چۈشكەن قورسىقى ، ئومۇمەن پۈتۈن تۇرقى بىر قارىسا ئېيىققا ،
يەنە بىر قارىسا سەلىمە كىنولاردا كۆرگەن كاللىكېسەر جاللاتقا
ئوخشايتتى . سەلىمەنىڭ تېنى شۈر كۆندى . بايا ۋۇجۇدىغا ياماش-
قان تىترەك تېخىمۇ ئۇلغىيىپ چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى . ئەر-
نىڭ ئالچاڭلاپ مېڭىپ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆر-
گەندە بولسا پۇت - قولىدا جان دىدارى قالمىدى . گويا ئاشۇ
چۇپۇرلۇق يوغان قول ئۇنىڭ گېلىنى بىرلا سىقىپ ئۆلتۈرۈپ قو-
يىدىغاندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ، ئاستا كەينىگە داجىدى .
ئۇ ئەمدى تامغا چاپلىشىپ قالدى . ئالدىغا سوزۇلغان يوغان قولنى
كۆرۈپلا ، بار ئاۋازى بىلەن چىرقىراپ يانغا ئۆزىنى ئاتتى . ئەر
بولسا سەلىمەگە بۆرىدەك تاشلىناتتى . سەلىمە خېلى ئۇزۇنغىچە
ئۆيىنىڭ ئىچىدە قېچىپ يۈردى . ئاخىر سەلىمەنىڭ جەينىكى ئەر-
نىڭ بۇرنىغا تېگىپ كېتىپ ، ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان
كەتتى . ئۇ يۈزىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى . سەلىمە شۇ پۇرسەت-
تىن پايدىلىنىپ ، ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى ئېچىپ خۇددى باغلاقتىن
بوشانغان موزايدەك ئۆزىنى تالاغا ئاتتى .

سەلىمەنى قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا ئالدى . ئۇنىڭغا كەيند-
دىن ھېلىقى يىرتقۇچ ھايۋان قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ،
كەينىگە قاراپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي تېز - تېز يۈگۈرۈشكە
باشلىدى . ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ نە-
پەس ئالالماي قالدى . بىر كەمدە نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يەرگە يى-
قىلدى . ئۇ ئىتتىك كەينىگە قارىدى . بىر كىمنىڭ قوغلاپ كەل-

مىگەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى . ئۇ دېمىنى ئېلىپ ئەترابقا قارىدى . پۈتۈن ئەتراپ قاراڭغۇلۇق قوينىدا ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . ياز كۈنلىرى بولغىنىغا قارىماي چېكەتكە ، پاقىلار-نىڭمۇ ھەتتا پاشىلارنىڭمۇ ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ . ئەتراپ شۇنچىلىك تىنچكى ، سەلىمەنى ئىختىيارسىز سۈر باستى ، ئۇ ئۆزىنىڭ نەدە ، ئۆيىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى . باياتىنقى قورقۇنچ يەنە قوزغىلىپ بەدىنى جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى . خېلى ۋاقىت ئۆتتى . نەم تويا سەلىمەنىڭ بەدىنىنى مۇزلىتىشقا باشلىدى . ئەمدى يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋېرىشكە بولمايتتى . مۇبادا ھېلىقى ئەر كەينىدىن قوغلاپ كېلىپلا قالسا ... سەلىمە ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى قاقتى . ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ كىيىملىرىنىڭ يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەنلىكىنى ، مۇرىسى ، كۆك-رەكلىرىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى ، ئىشتىنىنىڭ نەچچە پارچە بو-لۇپ يىرتىلغانلىقىنى كۆردى . كۆڭلىگە ئىچى ئاغرىپ كۆزلى-رىگە غىل - غىل ياش كەلدى . لەۋلىرىنى ئۆمچەيتكىنىچە ئاستا ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپئاق بىر تام پەيدا بولدى . مېڭىشتىن توختاپ كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئاق تام يېنىدا تۇرغان ئىككى - ئۈچ تۈپ دەرەخنى كۆردى . ئۇ دەسلەپ ھېچ نەرسىنى ئىلغا ئالالمىدى . ئاق تامنىڭ يەنە بىر يې-نىغا ئۆتكەندىلا ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قەبرە ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردىيۇ تۇرغان جايىدا مىخلىنىپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزىگە دەس-لەپتە ئۇ كىچىكىدە مومىسىدىن ئاڭلىغان جىن - ئالۋاستىلار كۆ-رۈندى . ئاندىن بايا ئۇ ئۇقماي دەسسەپ سالغان قەبرىلەرنىڭ ئى-گىلىرى ئاپئاق كېپەنگە يۆگىنىپ ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى . ھېلىقى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنى بايا بو-غۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ھېلىقى مەخلۇقمۇ بار بولۇپ ، ئۇ ھەم-

ـسىنىڭ ئالدىدا سەلىمەنى قاپساپ كېلىۋاتاتتى . سەلىمە شۇنچە-
لىك ئېچىنىشلىق ئاۋازدا چىرقىرىدىكى ، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ، گۇپپىدە
يـىقىلغاندا پەيدا بولغان تىترەشمۇ ئېغىر تىنىپ ياتقان زېمىننى
ئويغىتالمىدى .

* * *

سەلىمە روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كې-
لىندى . ھېلىقى كۈنى ئەتىگەندە ، تۇپراق بېشىغا دۇئا قىلغىلى
كـەلگەن بىر ئادەم سەلىمەنىڭ قەبرىستانلىقتا ھوشسىز ياتقىنىنى
كۆرۈپ ئۆيـىگە ئەكېلىپ قويغان كۈندىن ئېتىبارەن ، سەلىمەگە
« جىن » چاپلاشقىنى مەلۇم بولدى . ئۇ ئەركەك زاتىنى كۆرسىلا
چىشلىرى كـىرىـشـىـپ ، كۆز قارىچۇقى ئارقىغا تارتىشىپ ،
ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ، تىللاپ ، قىپقىزىل ساراڭلا بولۇپ قالاتتى .
ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوبدانلا چۆچۈدى . ئەر تەرەپمۇ سەلىـمەنىڭ
« ساراڭ » لىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئانچە تارتىشمايلا بولدى
قىلدى ، سەلىمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىر قانچە قېتىم ئۇنى داخانلارغا
ئوقۇتقان بولسىمۇ ، قىلچىمۇ پايدىسى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئا-
خىر ئۇنى « ساراڭلار دوختۇرخانىسى »غا ئاپىرىپ قويۇشتى .
دوختۇرخانا ئۇ ئۆمرىدە كۆرگەن ئەڭ گۈزەل جاي ئىدى .
پاكىز ، ئازادە مۇھىت ئۇنىڭغا تېز تەسىر قىلىپ نېرۋىلىرى
تىنچلاندى . ئەمدى ھەممە يېرى ئاپئاق ، تىنچ ياتىقىدا يېتىپ ئەر
دوخـتۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشلىرىنى قوبۇل قىلمىسىمۇ ، ئەمما يېشىل
چـىنار ، قارىغاي دەرەخلىرى ئارىسىدا پارقىراپ كۆرۈنىدىغان سى-
لىق ئاسفالت يولدا كېتىۋېتىپ ، كېسەل ئەرلەر ياكى ئەر دوخ-
تۇرلار ئۇچراپ قالسىمۇ كېسىلى قوزغالمايتتى . چۈنكى ئۇ بۇ يەردە

www.uyghurkitap.com

ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان ئىللىقلىق، مېھرىبانلىقنى ھېس قىلاتتى. سېسترا قىزلارنىڭ سىلىق مۇئامىلىسى، بولۇپمۇ بۇدۇر چاچلىرى پوسمىسىدىن چىقىپ قالىدىغان ياش مەسئۇل دوختۇرنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق كۈلكىسى ئۇنىڭغا ئالەمچە خۇشاللىق بېغىشلايتتى. ئۇ ئاشۇ دوختۇرنىڭ كۈندە نەچچە رەت يوقلاپ كېرىشىنى، كىرگەندە يېنىدا ئۇزاقراق تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. دوختۇر يىگىتكە ئىختىيارسىز ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ، ئۇنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىنى كۆڭۈل ئېكرانىغا ئويۇۋالماقچى بولاتتى. ئۆمرىدە ئەرلەرنىڭ كۈلگىنىنى ئانچە كۆرۈپ باقمىغان، دادىسى، ئاكىسى، ئىنىلىرىنىڭ چىرايىدىكى ئاچچىق ئىپادىلەرگە كۆنۈپ كەتكەن قىزغا بۇ كۈلكە شۇنچە سېھىرلىك ۋە مېھىرلىك تۇيۇلغانىدى. سەلىمەنىڭ كېسىلى دورا، ئوكۇلدىن كۆرە بۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەشنىڭ تەسىرىدە ياخشى بولۇپ قالدى. ئۇ ئانىسىغا ئۆزى ئەڭ ئامراق ھاۋا رەڭ كۆڭلىكىنى ئەكىرگۈزۈپ كىيدى. چېچىنى قايسىبىر سېسترا قىزغا ئوخشىتىپ كەينىدىنلا بىر بوغدى. ئۇنىڭ ئاپئاق كارىۋات ئۈستىدىكى شۇ تۇرقى بولۇت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇچۇۋاتقان پەرىزاتقىلا ئوخشاپ قالدى. يەڭگىل ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كۆڭلەكتىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئالمىدەك كۆكسى لىپىلداپ، ئاق قۇدەك ئۇزۇن ئاپئاق بويىنى ئالدىغا سوزۇلدى. ئىچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۈلنى ئەسلىتىدىغان لەۋلىرى يىمىرىلىپ، قويۇق كىرپىكلىك چولپان كۆزلىرى ئىشىككە تەلمۈردى. ناۋات رەڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ لالە رەڭگىگە كىردى. دوختۇر يىگىت ئىشىكتىن كىرىپلا، كۆز ئالدىدىكى سۈرەتكە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. ئۇ قىزغا كۈندىكىدىنمۇ بەكرەك ئىلتىپات كۆرسىتىپ چىقىپ كەتتى.

دوختۇر يىگىت ئەمدى سەلىمەنى كۆپرەك يوقلايدىغان

بولۇپ قالدى . ئۇ كۈندە نەچچە قېتىم ھەتتا دەم ئالغان كۈنلىرى-دىمۇ كېلىپ قىزدىن ئەھۋال سوراپ كېتىدىغان بولدى . بۇنىڭ-دىن سەلىمە شۇنچىلىك خۇشال ئىدىكى ، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەك ياخشى ، كۆيۈمچان ئادەم ۋە بۇ يەردەك جەننەت يەر يوق ئىدى . بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دوختۇر يىگىت سەلىمەنى يەنە يوقلاپ كىرىپ بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ، قايتار ۋاقتىدا :

— كەچتە مەن دىجورنىلىق قىلىمەن ، ئىشخانامغا چىقىڭ ، بولامدۇ ؟ — دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى .

سەلىمە كۈننىڭ كەچ بولۇشىنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولدى . كەچتە ئۈزىنى باشقىدىن تۈزەشتۈرۈپ سۈتتەك يورۇق ئىشخانىغا كىرىپ ، خەت يېزىۋاتقان دوختۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ، دېرىزىدىن كىرىۋاتقان سالقىن شامال ئۇنىڭ يۈزىنى ، چاچلىرىنى سۆيۈپ راھەتلەندۈرسە ، ئۆزى ئەڭ ئامراق كىشىسى-نىڭ يېنىدا بولۇشى ۋۇجۇدىنى مەستخۇش قىلاتتى . بۈگۈن تو-لۇن ئاي باشقىچە نۇرلۇق ، يۇلتۇزلار باشقىچە جۇلالىق ، باغدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىمۇ باشقىچە يېقىملىق ، ئەتراپنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسىمۇ باشقىچە نەپىس ، سەلىمەنىڭ ھېسلىرىمۇ باشقىچە تاتلىق ھەم شېرىن ئىدى .

— ئايغا قاراۋاتامسىز ؟

سەلىمە قۇلىقى تۈۋىدە ئاڭلانغان بۇ سۆزدىن چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى . يىگىتنىڭ سەلىمەگە چاپىنىنى يېپىپ قويۇش ئۈچۈن ئاپارغان قولى ئۇنىڭ مۈرىسىدە تۇرۇپ قالدى . يىگىت ئالدىرىماستىن چاپاننى ئۇنىڭغا يېپىپ قويۇپ يەنە سورىدى .

— ئاي گۈزەلمىكەن ؟

— ھەئە ، بەك گۈزەل ئىكەن ، بولۇپمۇ بۈگۈن .

— لېكىن ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئايدىنمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى

بىلەمسىز ؟

— مەن ... مەن ... — سەلىمە ھودۇقۇپ كەتتى . ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق گەپ ئاڭلارىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى . يىگىتنىڭ سۆزلىرى ئۇنى مەستخۇش قىلىپ قويدى .

— راست ، سىز ئايدىنمۇ گۈزەل . قاراڭ ، ئاينىڭ يۈزىدە داغ بار . لېكىن سىزنىڭ يۈزىڭىزدە يوق . كۆزلىرىڭىز ئاشۇ يۇلتۇزلاردىنمۇ نۇرلۇق ، چىرايلىق ، بۇرنىڭىز ، لەۋلىرىڭىز ، بوينىڭىز ... ئاھ ! سىز بەك گۈزەل ، بەك چىرايلىق ... بەك ...

سەلىمە يىگىتنىڭ ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ سۆيۈشلىرىدىن مەست بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ نىرۋىسى ، يۈرىكى ، ۋۇجۇدى پەقەت ئاشۇ قىزغىن سۆيۈشتىن كەلگەن راھەتنىلا ، ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ تاتلىق شېرىنلىكنىلا ھېس قىلاتتى . يىگىتنىڭ لەۋلىرى ، بەدىنى ئوتتەك ھارارەتلىك ، ھەتتا سەلىمە بىلىدىغان ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىنمۇ راھەتلىك ئىدى . سەلىمە شۇ دەقىقە ، شۇ مىنۇتلاردا قانداقلارچە ئۆزىنىڭمۇ يىگىتكە چىڭ چاپلىشىپ كەتكىنىنى ، قانداقلارچە كارىۋاتقا چىقىپ قالغىنىنى ھەتتا چىراغنىڭ قاچان ئۆچۈرۈلۈپ كەتكىنىنى سەزمىدى . ئۇ پەقەت مەستخۇشلۇق ئىچىدە تاتلىققىنا ئىڭرايتتى .

* * *

سەلىمە دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقتى . ئۆزى خالاپ ئەمەس ، ئاتا - ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆزىگە زور خۇشاللىق ۋە بەخت ئاتا قىلغان بۇ گۈزەل ماكاندىن كۆزى قىيمىغان ھالدا ، يىغلاپ تۇرۇپ قايتىپ چىقتى . ئۇ دەسلەپتە يەنە ساراڭلىق قىلىپ ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ، دوختۇرخانا خىرا-

جىتىنىڭ كۆپلۈكىنى ئويلاپ ئىلاجسىز دادىسىغا ئەگەشتى.

سەلىمە دوختۇرخانىدىن تاتلىق خىيال، گۈزەل ئارزۇ ۋە ئازراق تەشۋىشنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ كېسىلى پۈتۈنلەي ساقىيىپ، بارغانسېرى تولۇپ سەمرىشكە باشلىدى. بارا - بارا ئۇنىڭ ھامىلدارلىقى مەلۇم بولدى. ئاتا - ئانىسى بۇنى سەلىمەنىڭ ئېرىگە مەلۇم قىلىۋىدى، ئەر بالىنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەسلىكىنى كېيىنچە ئېيتىپ، ئىككىنچى بۇ ئۆيگە ئاياغ باسمىدى. بۇ سۆزلەر سەلىمەنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئېيتقۇسىز ئاھانەت تۇيۇلغان بولسىمۇ، سەلىمە ھېچبىر خىيالغا كەلتۈرمىگەندەكلا ئىدى. ئۇ تېخى بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىقلىشىپ، كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن قانداقتۇر بىر خۇشاللىق، بەخت تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك بولۇپ قالدى. ئاتا - ئانا بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ، ئۇنى سوراق قىلماقچى بولدىيۇ، يەنە ئۇنىڭ سالامەتلىكى قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ جىم يۈرۈشتى.

سەلىمە بۈگۈن يەنە جىگدىلىككە بېرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىشتىن بېرى تاتلىق ئۇيقۇدا ئەللەيلىنىپ ياتقان ھېسسىياتى جىگدە پۇرىقى ئەتراپقا تارىلىش بىلەن بىردىنلا ئويغىنىپ جانلىنىپ كەتتى. پات - پات تەۋرەپ قويىدىغان كەپسىز ئوغلىنى (ئۇ تۇغۇلغۇسى بالىسىنى چوقۇم دادىسىدەك بۇدۇر چاچ ئوغۇل دەپ پەرەز قىلاتتى) سىلىغىنىچە جىگدىلىككە كەلدى. ئۇ ئەتراپىدىكى ھەممىلا نېمىگە ئاجايىپ سۆيۈنۈش ئىچىدە نەزەر سالاتتى. جىگدە چېچىكىنى ئاستا ئۈزۈۋېلىپ پۇرىدى. لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ سۆيدى. ئاخىرىدا بۇدۇر چاچ دوختۇر يىگىت ئېسىگە كېلىپ كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش ئالدى. توۋا، ئۇنى كۆرمىگىلى توپتوغرا يەتتە ئاي بوپتۇ، ھېلىمۇ سېغىنىش، كۈتۈش ئۇنى يەنە ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇۋەتمەپتۇ. سەلىمە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئالدىدا يې-

گىت ئۈنىڭغا ۋەدە بەرگەن . قىزنى ئىزدەپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيت-
قان .لېكىن ، تا ھازىرغىچە ئۇنى ئىزدەپ چىقمىدى . ئەجەبا ئۇ
سەلىمەنىڭ ئۆزىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەم-
غاندۇ ۋە ياكى ئۇنى شۇنچە تېز ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ ؟ ...

سەلىمەنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى .ئۇ جىگ-
دىگە يۆلىنىپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى . پۈتۈن ۋۇجۇ-
دىنى شۇنداق قاتتىق سىغىنىش چىرمىۋالدىكى ، ئۇ ئۆزىدىكى بۇ
كۈچلۈك ھېسسىياتقا بەرداشلىق بېرەلمەستىن ئۆيگە قاراپ ماڭ-
دى . ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ ، چېچىنى چاققانلىق
بىلەن تاردى. دادىسىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ، ئانىسىغا
يالۋۇرۇپ يۈرۈپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى . ئۇ كەچ كىر-
گەندە ئاران شەھەرگە يېتىپ كەلدى . يىراق تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە
بىر كېچىنى تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزۈپ ، سەھەردىلا بۇدۇر چاچ
يىگىتنىڭ يېنىغا ـــ شەھەرلىك روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخا-
نىسىغا قاراپ ئۇچتى .

كېچە ـ كۈندۈز سەلىمەنىڭ خىيالىدىن كەتمەيدىغان بۇ
ماكان يەنىلا شۇنداق گۈزەل ۋە مېھىرلىك ئىدى . دوختۇرخانى-
نىڭ دەرۋازىسى كۆرۈنۈش بىلەن دۈپۈلدەشكە باشلىغان سەلىمە-
نىڭ يۈرىكى ئۇ تاكى دەۋازىدىن ئاتلاپ يېشىل بوستانلىقلار بىلەن
بېزەلگەن ئاسفالت يولغا چۈشكەندىمۇ پەسكويىغا چۈشمىدى . ئۇ
بىردىنلا ئۆزىنىڭ تومپايغان قورسىقى ۋە سۇس داغ چۈشكەن
چىرايىدىن نومۇس ھېس قىلىپ قالدى . مۇبادا ئۇ سەلىمەنىڭ بۇ
ھالىتىنى كۆرسە بىردىنلا ئۇنىڭدىن رايى يېنىپ كېتەرمىكىن ؟ با-
لىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلسىچۇ ؟ خۇشال بولامدۇ ؟
ياكى ... ئۇ چوقۇم خۇشال بولىدۇ. بۇ دۇنيادا پەرزەنت كۆرۈشنى
خالىمايدىغان كىم بار ؟ ئۇ كېسەللىكنىز رەسمىي ساقايغاندا

سىزنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ توي قىلىمەن دەپ قايتا ـ قايتا ئېيتقانىدىغۇ ؟...

سەلىمە ئىشخانىغا ئۇسۇپ كىرىشتىن ئۇيىلىپ ، دەرەخزار- لىق ئارىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يىگىتنىڭ چىقىشىنى كۈ- تۈشكە باشلىدى . يىگىت ئاخىر چىقتى . بىر توپ سېستىرالار بى- لەن كۈلۈپ پاراڭلاشقىنىچە سەلىمە تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى . ئاھ ! ئۇنىڭ كۈلۈشلىرى يەنە شۇنچە يېقىملىق ھەم مېھرلىك . ئاق پوسمىسىدىن چىقىپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرى يەنە شۇنچە يارىشىملىق ھەم سېھرلىك ...

سەلىمە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئەتراپتا ئادەم بارلىقىنى ئۇنتۇپ ، ئۇ- نىڭ باغرىغا تاشلىنىپ قىنىپ ـ قىنىپ قۇچاقلىغۇسى ، ئۆزىنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىنى ئىنتىزارلىق ، كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ ، يىغلىۋالغۇسى كەلدى .

ــ سىز ... سىز كىمنى ئىزدەيسىز ؟ كېسەل يوقلاپ كەل- گەن بولسىڭىز ئاۋۇ ياققا بېرىڭ .

سەلىمە يىگىتنىڭ ئۆزىنى ئازراقمۇ تونۇيالمىغانلىقىدىن ھەيران قالدى . توۋا ، ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە سەلىمە شۇنچە تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنمىدۇ ؟ ئۇنىڭ كۆزىگە لىغىرلاپ ياش كەلدى . تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدىن سۆز تولىمۇ تەستە چىقتى .

ــ مەن ... مەن ... مەن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم . مەن سە ... سەلىمە ...

يىگىتنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى . ئاندىن تەرى شۇنداق سەت تۈرۈلدىكى ، سەلىمە قورقۇپ كەينىگە ئۇچۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى . يىگىتنىڭ چىرايى ئۇ ئەزەلدىن قورقىدىغان دادى-

سى ، ئاكىلىرىنىڭكىدىنمۇ قورقۇنچلۇق سەت ئىدى . سەلىمە ئاشۇ چىرايىنىڭ ئىلگىرى ئاجايىپ يېقىملىق كۈلكە بىلەن ئۆزىنى ئۇد-لەيلىگەنلىكىگە ، ئەركىلەتكەنلىكىگە ، ئۆزىگە چەكسىز خۇشاللىق ، شېرىن ، تاتلىق تۇيغۇ بېغىشلىغانلىقىغا ئىشىنەلمىدى . ئەجەبا ، سەلىمە بۇ سۆرۈن تەلەتنى خاتا ھالدا شۇ يىگىت دەپ تونۇپ قالغانمىدۇ ؟ ئۇنىڭ بۇدۇر چېچى ... يارىشىملىق بۇرۇتى ...

— مەن ... مېنىما ... سىز مېنى نېمىشقا ئىزدەيسىز ؟ مەن سىزنى تونۇمايدىغان تۇرسام ، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدىيا ؟

— توختاڭ ! مەن ... مەن سىزنى سېغىنىپ كۆرگىلى كىردىم . سىز مېنى يوقلاپ چىقمەن دەپ قويۇپ يوقلاپمۇ چىقـ-مىدىڭىز ، — سەلىمە ھەم قورقۇنچ ئىچىدە ، ھەم سېغىنىش تۇيـ-غۇسى بىلەن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى ، — مەن ، مەن سىزنى بەك ساقلىدىم ... سىزگە بالىمىز بولغانلىقىنى بۇرۇنراي ئېيتاي دەپ ئالدىرىدىم . مانا قاراڭ ، قورسىقىم چوڭ بولۇپ قالدى . ئۇ چوقۇم سىزگە ئوخشاش بۇدۇر چاچ ...

سەلىمە گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى . ئۇ يىگىتنىڭ ئۆ-لۈكتەك تاتىرىپ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، ئەتراپتىكى سېستىرا قىزلارنىڭ ھاڭۋاققىنىچە قاراپ قالغانلىقىنى كۆردى . ئېسىدە يوق يات ئادەم بار يەردە بۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ سالغانلىقىنى ئويلاپ ، پۇشايمان قىلىپ لېۋىنى چىشلەپ قويدى !

— ساراڭ ... سا ... راڭ . بۇ ھېلىقى سەلىمە دېگەن ساراڭ شۇغۇ ، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭلار جۇمۇ . بۇ ھېلىقى ... ھېلىقى ئۆتكەن يىلى مۇشۇ يەردە داۋالىنىپ ، ساقىيالماي كەتكەن ساراڭ . ھۇ ساراڭ ...

سەلىمە كۈتۈلمىگەن زەربىدىن تۇرۇپلا قالدى . ئۇنىڭغا پۈتۈن زېمىن چۆرگىلەۋاتقاندەك ، ئۆزى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ

كېتىۋاتقاندەك ، سانسىز تاش ـ داشقاللار ئۇنىڭ ئۈستىگە تو-كۇلداپ چۈشۈۋاتقاندەك ، ئۆزى بارا ـ بارا شۇ تاش ـ قۇملارنىڭ ئاستىدا قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

ئۇ يىگىتنىڭ « بۇ ساراڭنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىڭلار . ئە-گىسى بولمىغان ساراڭنى دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلالمايمىز » دې-گەن سۆزلىرىنى غۇۋا ئاڭلىدى .

ساراڭ ! ساراڭ ! ساراڭ ! ئۇنىڭ قۇلىقىغا ، نېرۋىلىرىغا ، يۈرىكىگە ، تومۇر ـ تومۇرلىرىغا بۇ سۆز بۆسۈپ كىردى . بۇ سۆز ئۇنى راستىنلا ئەقلىدىن ئازدۇردى . ئۇ دەرۋازىنى مۇشتلاپ دوختۇر يىگىتنى بىر ھازا تىللىدى . يېنىدا قاراپ تۇرغان بىر ئەرگە ئېتىلىپ ئۇنىڭ يۈزىنى مورلىدى . ئاخىر ئۇ ھېرىپ مەھەل-لىسىگە قايتتى . يول بويى بۇگۈنكى ئىشلار ئېسىگە كېلىپ بوغۇ-لۇپ ـ بوغۇلۇپ يىغلىدى .

سەلىمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزىنىڭ شەھەرگە كىرىپ چە-قىپلا يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى . ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ تونۇمىغاندەك بىردەم كۈلۈپ ، بىردەم يىغلاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى . دادىسى ئۇنى يەنە «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى » غا ئاپىرىشنى ئېيتىۋىدى ، ۋارقىراپ يىغلاپ قەتئىي ئۇنىمىدى .

ساراڭ ! ساراڭ ! بۇ سۆز سەلىمەنىڭ يۈرىكىگە بەكلا قاتتىق سىڭىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ساراڭ ئىكەنلى-كىگە تەن بەردى . شۇڭا باشقىلارنىڭ ئۇنى « ساراڭ » دەپ تىللاشلىرىغىمۇ خاپا بولمايتتى . ئۇ ئاجايىپ ئەركىن ئىدى . كۈلگۈسى كەلسە كۈلۈپ ، يىغلىغۇسى كەلسە يىغلاپ ، ئاچچىقى كەلسە تىللاپ ۋارقىرايتتى . ئۇ بالىسىنىڭ قورسىقىغا تېپىپ شوخلۇق قىلىشلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ ، ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخى

ئۈستىدە چۇرۇقلاپ سايرىشىۋاتقان قۇشقاچلارنىڭ ئۈچـمە يېيىشـ
لىرىدىن زوقلىنىپ كۈلەتتى. ئىنى ـ سىڭىللىرىنىڭ ئاۋۇقراپ
جاڭجاللىشىشلىرىنى، چۈجە ـ خورازنىڭ ھۆرپىيىپ سوقۇشۇ-
شىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. دادىسىنىڭ ئاپىسىنى بىكارلا
ئۇرۇپ ـ تىللاشلىرىنى كۆرۈپ، بۇدۇر چاچ يىگىتنىڭ ئۆزىنى
ساراڭ دەپ تىللىغانلىقى، ئۆزىنىڭ راستىنلا ساراڭ بولۇپ قالغانـ
لىقى ئېسىگە كېلىپ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ھۆركىرەپ
يىغلايتتى. كىمنىدۇر تىلغا ئېلىپ تىللايتتى. تازا ئاچچىقى كەلـ
گەن كۈنلىرى ئىشىك ئالدىغا چىقىۋېلىپ يولدىن ئۆتكەن ئەرـ
لەرنى تىللاپ، چالما ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئۈركۈپ قاچقانـ
لىقىدىن ھوزۇرلىنىپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى.
بۈگۈن ئەتىگەندىلا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە غەشلىك پەيدا بوـ
لۇۋالدى. ئۇ كۈلەي دەپمۇ كۈلەلمىدى، يىغلاي دەپمۇ يىغلىيالـ
مىدى. قورسىقىدىكى شوخ ئوغلىمۇ بۈگۈن جىمپىلا كەتتى.
قۇشلارنىمۇ كەپسىز ئىنىسى قاچۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك، چۇـ
رۇقلاشلارمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇ تولىمۇ كەيپسىز ھالدا سىرتقا
چىقتى. ھاۋا بۈگۈن بۆلەكچىلا سوغۇق، ئاسماننىڭ تەرى كۆـ
رۈمسىز بولۇپ، توپ ـ توپ قارا بۇلۇتلار سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى.
ئۇ جىگدە چېچەكلىرىنىڭ پۇرىقىغا ئەگىشىپ دەريا بويىغا يېتىپ
كەلدى. دەريا سۈيى قاپقارا لاي ـ لاتقا بولۇپ شارقىرىغىنىچە
ئاقماقتا ئىدى. سەلىمە تۈيۈقسىز ئۆلۈمنى ئويلاپ قالدى. تولغىـ
نىۋاتقان دولقۇنلارمۇ ئۇنى قوينىغا چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ
سۇغا قارىغىنىچە خېلى ئۇزۇن تۇردى. دەريا لېۋىگە كېلىپ پۇـ
تىنى سۇغا تىقىپ بېقىپ، ئەندىكىپ تېزلا كەينىگە ياندى. چوقـ
چىيىپ تۇرغان قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆـ
زىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئاشۇ

قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سوغۇقتا مۇزلاپ ئۆلۈشنى، مۇشۇ قېتىپ قالغانچە تاش بىلەن بىرىكىپ مەڭگۈ مۇشۇ دەريا بويىدا جىگدە چېچىكىنىڭ پۇرىقىنى ھىدلاپ تۇرۇشنى ئويلاپ قالدى. سوغۇق شامال ئۇنى ھېلىلا ئۇچۇرۇۋېتىدىغاندەك شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. سەلىمەنىڭ گەجگىسى قورۇلۇپ توڭلاشقا باشلىدى. ئۇ بالىسىنى توڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك، قىزىل شىپۇن كۆڭلىكى بىلەن قورسىقىنى يۆگەپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئاۋۋال تاراسلاپ، ئاندىن شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى. ئۇ دەريا سۈيىگە قارىغىنىچە مىدىر قىلماي ئولتۇرىۋەردى. يامغۇر سۈيى دەريا سۈيىنى شىددەت بىلەن قامچىلايتتى. دەريا سۈيىمۇ يامغۇر سۈيىنى پۈتۈن يۇتۇۋەتمەكچى بولغاندەك ئۆرگىلەپ ـ چۆرگىلەپ تولغىناتتى. سەلىمەنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. يامغۇر سۈيى ئۇنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچ تالالىرىدىن سىرغىپ يۈزىنى بويلاپ ئاقتى. ئۇنىڭ يامغۇر بىلەن بەسلەشكەندەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى يامغۇر بىلەن بىللە ئېقىپ دەريا سۈيىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ يىغلىدى، زېمىن ئانىنىڭ قايغۇسىغا جور بولۇپ ياش تۆكتى. يىغلاپ تۇرۇپ ئويلاندى: زېمىن ئانا نېمىشقا چېچىلىپ قاتتىق ياش تۆكىدىغاندۇ؟ ئۇنىمۇ سۆيگىنى تاشلاپ كەتكەنمىدۇ؟ «ساراڭ» دەپ تىللىغانمىدۇ؟

يامغۇر توختىدى. ئەمما ئۇ خۇددى مۇزلاپ قېتىپ قالغاندەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسى بۇرۇنقىدەكلا قۇيقۇرۇق ئىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى — قىزلارنىڭ نېمە ئۈچۈن توي قىلىدىغانلىقىنى، دوختۇر يىگىتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆز پۇشتىدىن بولغان «ئوغلى» غا تاش يۈرەكلىك قىلغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى، ئەقلى يەتمەيتتى. قىسقىسى، ئۆزد-

نىڭ بۇ دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى ئويلىيالايتتى . ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇغاندەك ئىدى . ئۇنىڭ قورسىقى تويۇقسىز تەۋرەپ كەتتى . قۇلىقىغا كىچىك بالىنىڭ گۇڭۇرلاشلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى . ئاجايىپ ئىللىق بىر ئېقىن پۈتۈن ۋۇجۇدىغا شۇررىدە تارالدى . بۇ ئېقىن شۇنچە قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ ئىدىكى ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنى ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئاجايىپ تېزلا ھېس قىلدۇردى . ئۇنىڭ بۇرنىغا يەنە گۈپپىدە جىگدە پۇرىقى پۇرىدى . تويۇقسىز جىگدە يېگۈسى كېلىپ كەتتى . ئەپسۇس ، جىگدە ئەمدىلا چېچەكلىگەنىدى . چېچەك ئۈستىگە قونۇۋالغان تامچىلار مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇراتتى . سەلىمە قوم ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتتى . جىگدە چېچەكلىرىنى ئاستا ئۈزۈۋېلىپ قورسىقى ئۈستىگە ، ئاندىن بەدىنىگە چاچتى . ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھۇزۇرلىنىپ ۋىلىقلاپ كۈلدى . ئۇنىڭ بۇ تۇرقى گۈل — چېچەك ئارىسىدا ھۇزۇرلىنىپ ياتقان پەرىزاتقا ئوخشاپ قالدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى . يەنە جىگدە شاخلىرى ۋە جىگدە چېچەكلىرىنى ، يوپۇرماق ئارىسىدىن تارام ـ تارام تۆكۈلۈۋاتقان نۇر تالالىرىنى كۆردى . ئاشۇ جىگدە ئۈستىدە ، جىگدە چېچىكى ۋە نۇر تالالىرى ئارىسىدا ئاجايىپ ئوماق بىر بالا جىگدە تېرىپ يەۋاتاتتى . بالا بەكمۇ چىرايلىق ئىدى . كۆزلىرى چوڭ ۋە قارا ، چاچلىرى بۇدۇر ئىدى . ئۇ بىردەم سەلىمەگە قاراپ ئاجايىپ تاتلىق ۋىلىقلاپ كۈلسە ، بىردەم جىگدە چېچىكى ۋە نۇر تالالىرى ئارىسىغا سىڭىپ كېتەتتى .

## ئىككى ئارىدا

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېلىشىمگىلا ، ئاپام يەنە توي توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقىلى تۇردى . بۇ ئاپامزە نېمە بولدىكىن ، يېقىندىن بېرى ئادەمنى خىجىل قىلىپ « تېززەك توي قىلساڭ بولاتتى . پالانچىنىڭ ئوغلى مۇنداقكەن ، پۇستانچىنىڭ ئوغلىغا نېمە دەيسەن ؟ » دېگەندەك گەپلەرنى تولا قىلىدىغان بولۇپ قالدى . دەسلەپتە ئاپامنىڭ ئالدىدىن ئۈندىمەي چىقىپ كېتەتتىم . كېيىنچە بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالىدىغان بولدۇم . ئەمدى ئاڭلىماي نېمە ئىلاج ! دېمىسىمۇ بۇ يىل يىگىرمە بىر ياشقا كىرىپ قالدىم . خىزمەتكە چىققىنىمغىمۇ ئۈچ يىلدىن ئاشتى . ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى توي قىلىپ بولدى ، بەزىلىرى تېخى قۇچىقىدا بالىسىنى ئىڭەلىتىپ يۈرىدۇ . بۇرۇن قانداقتىكىنتاڭ ، هازىر نېمىشقىدۇر سىرتقا چىقسام ، جۈپ - جۈپ سەيلە قىلىۋاتقان ياش ئەر - خوتۇنلارغا ۋە چىرايلىق كىيىندۈرۈلگەن ئوماق بالىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان چوكانلارغا ئۆزۈممۇ سەزمىگەن هالدا هەۋەسلىنىپ قارايدىغان بولۇپ قالدىم . ئاپام تولا دەۋەرگەچكە ئاخشاملىرى يوتقاندا يېتىپ ئاجايىپ شېرىن خىياللارنى سۈرىمەن ، بەزىدە ئۆز خىياللىرىمدىن ئۆزۈم خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كېتىمەن ...

بىر كۈنى كەچتە ، ئاپام « لايىقىڭ بارمۇ ؟ » دەپ سورىدى ، خىجىللىقتىن ئارانلا « بار » دېيەلىدىم هەم يوتقاننى بېشىمغا چۈمكىۋالدىم . ماۋۇ ئاپامنى قارىمامدىغان ، جاۋابىمغا قانائەت

قىلماي يەنە «ئىسمى نېمە؟ نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دەپ مېنى قى-
يىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئويلاپ قالدىم، راستىن، مېنىڭ
لايىقىم بارمۇ؟ بىردىنلا كۆز ئالدىمدا ئىككى يىگىتنىڭ سىياپىتى
گەۋدىلەندى. ھەر ئىككىسىلا ماڭا مۇھەببەت بىلەن تەلمۈرۈپ
قاراپ تۇراتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى تاللىشىم كېرەك؟ بى-
لىمنىمۇ... ياق... مۇرات...

كارۋاتتا يېتىپ بۇ توغرىدا ئويلىنىۋاتىمەن، ھەر ئىككى-
سىدىن ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ. بىر قىز ئىككى يىگىت بىلەن توي
قىلسا بولىدۇ، دېگەن بىرەر قائىدە ـ قانۇن بولسىدى كاشكى...
ۋاي خۇدايىمەي نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم ـ ھە! ئۇيات...

ئويلىسام، ھەر ئىككى يىگىتنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت ـ
ئالاھىدىلىكى بار ئىكەن. بىرى مۇلايىم، جىمغۇر، كىتابخۇمار.
يەنە بىرى شوخ، قىزغىن، ئوچۇق ـ يورۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى
بىرلا ئادەمدە بولغىنىدا ئىدى، مەيلى ئالىم بولسۇن ياكى مۇرات
بولسۇن، ئىككىلەنمەيلا تاللىغان بولاتتىم.

ئالىم ئانچە كېلىشكەن بولمىسىمۇ، لېكىن تولىمۇ مۇلايىم،
ساددا، ئاق كۆڭۈل، ئىلمىي يىگىت ئىدى. توۋا دەيمەن، بىر
قېتىم ۋېلىسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، پۇتۇم قايرىلىپ كەتكەن-
دە، ئالىمنىڭ مېنى يۆلەپ ئۆيگە ئاپىرىشىدىن ئىبارەت مۇشۇ كى-
چىككىنە ئىشنىڭ كېيىنچە ئوتتۇرىمىزدا مۇھەببەت پەيدا قىلىشىنى
كىم ئويلىغان دەيسىز؟ ئۇ مېنىڭ تۇنجى سۆيگىنىم ئىدى. بىراق
ئاشۇ مۇھەببەتلىك قەلبىمگە كۈتۈلمىگەندە باشقا بىرسىنىڭ بۆ-
سۈپ كىرىشى بىلەنلا مەن ئۈچۈن مۇقەددەس، قەدىرلىك بولۇپ
كېلىۋاتقان تۇنجى مۇھەببەت ئەمدىلىكتە ئېتىبارسىز ھالەتكە
چۈشۈپ قالغانىدى. ئادەمنىڭ ھېسسىياتى تولىمۇ ئۆزگىرىشچان
بولىدىكەن. مەن كىتابلاردىن مۇھەببەتكە سادىق قىزلارنىڭ تە-

سىرلىك ئىش - ئىزلىرىنى ئوقۇغاندا، كىنو - تىياتىرلاردا ئاجا-
يىپ - غارايىپ مۇھەببەت ۋەقەلىرىنى كۆرگەندە مەنمۇ چوقۇم
مۇھەببەتكە سادىق بولىمەن، سۆيگىنىمنى ئۆمۈرۋايەت ياخشى
كۆرىمەن، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەپسۇسكى،
كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نەرسە ئىكەن. بىرلا كىشىنىڭ مۇھەببى-
تىنى سىغدۇرالايدۇ دەپ قارىغان بۇ يۈرىكىم ئىككىنچى بىر كى-
شىنى — مۇراتنىمۇ سىغدۇرغانىدى. ھەي، نېمىسىنى دەي!
ھەممە بالا - قازا ئاشۇ قېتىمقى تانسىغا ئالىمنىڭ ھەمراھلىقىسىز
بارغانلىقىمدىن باشلاندى. شۇ كۈنى ساۋاقدىشىم گۈلباھارنىڭ
تويى بولغانىدى. كەچتە ئالىمنىڭ مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغاچقا،
ۋىچىر كىسىغا ئۆزۈم يالغۇز بارغانىدىم. قىز - ئوغۇللار ئولتۇرۇ-
شىدا يىگىتلەرنىڭ كۆزى قىزلاردا بولغىنىدەك، قىزلارمۇ ئىزا
تارتقاندەك قىلغان بىلەن يىگىتلەرگە يوشۇرۇن سەپسالىدۇ. مەنمۇ
دەسلەپتە قورۇنۇپ، تارتىنىپ ئولتۇردۇم، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەن-
دىن كېيىن ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتۈم.
قىزلارنىڭ نازۇك، ئەۋرىشىم بېلىنى يەڭگىل قورۇپ، ئاچقۇچتەك
قوللىرىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ ۋالىسقا پىرقىراۋاتقان يىگىتلەر؛ بىر
قولىنى يىگىتنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، يىگىتلەرنىڭ ئوتلۇق قاراش-
لىرىغا خىجىللىق ئارىلاش ناز بىلەن كۈلۈمسىرەپ، كېپىنەكتەك
يەڭگىل پىرقىراۋاتقان شوخ قىزلار... ئۇلارغا بىردەم زوق، ھە-
ۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۆزۈمنى يانغا يۆتكى-
شىمگىلا، يىگىت قولدىشىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ
مەندە شوخ، قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق يىگىت ئىكەن دېگەن
تەسىرات پەيدا قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاككوردىيون چېلىپ
ناخشا ئېيتىشلىرى ماڭا بەك ياققاچقا، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قاراپ
كۈلۈمسىرىدىم. ئۈچىنچى قېتىملىق مۇزىكا باشلانغاندا، مەنمۇ

تانسغا چۈشتۈم . ھېلىقى يىگىتنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە سەزمە-
گەن ھالدا قاراپ سالپتىمەن ، نېمىنى كۆردۈڭ دېمەمسىز ؟ يىگىت
قوشۇما قاشلىرى ئارىسىدىكى يوغان ، ئوتلۇق كۆزلىرىنى ماڭا
تىكىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ ! بەدىنىمگە تىترەك
ئولاشتى ، پۇتلىرىم كالۋالاشتى . ئۇ يىگىت ماڭا نېمىشقا بۇنچىۋالا
قارايدىغاندۇ ؟ مېنى ياقتۇرۇپ قالدىمۇ نېمە ؟ ھىم ... مەندە بىر-
دىنلا مەغرۇرلىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولدى .

يەنە تانسغا چۈشتۈم . لېكىن ھېلىقى يىگىتكە قايتا قاراپمۇ قويمىدىم . ئۈچ ـ تۆت مەيدان تانسا ئوينىغاندىن كېيىن ھېرىپ ھالىم قالمىدى . يىگىتلەرنىڭ تەكلىپلىرىنى سىلىق رەت قىلىپ ، تانسغا چۈشمەي ئارام ئالدىم . بىر چاغدا يېنىمدا ئولتۇرغان ئىككى قىزنىڭ پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى .

— ھەي قارىغىنا . ئاۋۇ يىگىت قولداش ئەجەب قاۋۇل ، چىرايلىق ئىكەن ، ئۆزى شوخ ، قىزغىن ، ئاككوردىيون چېلىپ ناخشا ئېيتىشلىرىچۇ ، كارامەت پەيزى ئىكەن . پاھ ... پاھ ...

— ۋاي ـ ۋۇي ، قويغىنا سېنى ! دائىم خەقنى باھالاپ ئولتۇرىدىكەنسەن . چىرايلىق ، شوخ بولسا ساڭا نېمىتى ؟! ئۇنىڭ ئىسمى مۇرات ، سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەيدۇ ، بىراق ئۇ تولىمۇ ھاكاۋۇر . ساقچى كىيىمىنى كىيىپ كوچىدا ماڭىدىغان بولسا ، شۇنداق يارىشىدۇكى ، قىزلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشىدۇ . ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالمىغانسەن ؟ ھى ... ھى ...

— قويغىنا سېنى . ھەي ... ئاشۇ يىگىتنىڭ سۆيگىنى قانداق بەختلىك قىز ـ ھە ! ئادەمنىڭ ئەنە شۇنداق سۆيگىنى بولسا ...

« ئادەمنىڭ ئەنە شۇنداق سۆيگىنى بولسا ... » مەنمۇ بۇ سۆزنى ئىختىيارسىز ئىچىمدە تەكرارلىدىم . دەل شۇ چاغدا كۆپ-

چىلىكنىڭ تەلپى بىلەن ھېلىقى يىگىت — مۇرات قىزلار كۆزلە-
رىنىڭ نازارىتى ئاستىدا گىتارنى كۆتۈرگىنىچە ئوتتۇرىغا چىقتى -
دە ، گىتارغا تەگكەش قىلىپ ناخشا باشلىدى .

يارىم بولسا ، يارىم بولسا ،
كۈندە بىر كۆرسەم .
سەن گۈزەلنىڭ ئىشقىدا ،
ئوت بولۇپ كۆيسەم .

ئاھ ، يۈرەك تارىنى تىترەتكۈچى يېقىملىق ناخشا ! مەن
بۇرۇن بۇ ناخشىنى ئۈنئالغۇدىن تالاي قېتىم ئاڭلىغان بولسامۇ ،
لېكىن ھازىرقىدەك سېھرىلەنمىگەنىدىم . يىگىتكە ئىچ - ئىچىمدىن
ئاپىرىن ئوقۇدۇم . ئەمدى بايىقى مەغرۇرلۇقۇم قاياقلارغىدۇر يوقال-
غاندەك ، مۇشۇ مىنۇتتا ئۆزۈمنىڭ ئالىم ئىسمىلىك سۆيگىنىمنىڭ
بارلىقىنى ئۇنتۇپ ، مۇراتنىڭ مۇزىكىغا ياندىشىپ تەۋرىنىدىغان
ئېگىز - قامەتلىك بەستىگە ، ئاشۇ سېھرىلىك ناخشا چىقىۋاتقان
ئاغزىغا ، قانداقتۇر بىر ئىچكى سىرنى ئىپادىلىگۈچى ئوتلۇق كۆز-
لىرىگە قاراپلا قاپتىمەن . قانچىلىك قىزلار مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ
قالغاندۇ - ھە ! ئادەم ئۆمرىنى مۇشۇنداق كىشى بىلەن شاد -
خۇرام ، كۈلكە - چاقچاق ئىچىدە ئۆتكۈزسە قانداق ياخشى !
ئالقىش ساداسى مېنى ئېسىمگە كەلتۈردى . ئۆزۈمنىڭ با-
يىقى خىياللىرىدىن خىجىل بولۇپ ، ئاستا قوپۇپ چىقىپ كەت-
مەكچى بولدۇم . ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولۇپ بېشىمنى كۆتۈرۈ-
شۈمگىلا ، ئالدىمدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان مۇراتنى كۆردۈم . ھو-
دۇقتۇم ، ھەيران بولدۇم . ئۇ مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلغانىدى .
مۇشۇ مىنۇتتا ماڭا ھەسەت بىلەن تىكىلگەن نۇرغۇنلىغان كۆز-
لەرنى كۆرگەندەك بولدۇم - دە ، مىيىقىمدا كۈلۈمسىرەپ ئورنۇم-

دىن تۇردۇم . ئۇنىڭ تانسا ئوينىشى شۇنداق سىلىق ، سوئال سوراشلىرى شۇنداق تەبىئىي ، كۆزلىرى شۇنداق سېھىرلىك ، ئوتلۇق ئىدىكى ، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلىشىپ كەتكىنىمنى سەزمەيلا قاپتىمەن . ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ بىردىنلا ئالىم ئېسىمگە كەلدى . مەن ئالىمغا يۈزسىزلىك قىلىۋا- تامدىمەن قانداق ؟ بۇ يىگىتكە خۇشخۇي مۇئامىلە قىلىپ ئىسمىم ، ئادرېسىم ، خىزمەت ئورنۇم ، ھەتتا تېلېفون نومۇرۇمنىمۇ ئېيتىپ بەرگەنلىرىمچۇ تېخى ! ياق ، ياق مەن ئۆز ھېسسىياتىمنى بېسىۋې- لىشىم ، كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكىم كېرەك . مۇشۇ قېتىم تانسىدىن كېيىنلا بۇ سورۇندىن چىقىپ كېتەي ...

بىراق ، بۇ ئىرادەم ئۇستىدىن قىزلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئىستىكى غالىب كەلدى - دە ، قىزلارنىڭ ھەسەت بىلەن قاراشلىرىغا قەستەن كۆكرىكىمنى كېرىپ ، يىگىت- نىڭ كۆزلىرىگە ناز بىلەن تىكىلىپ ، تاتلىقتىنا كۈلۈمسىرەپ ، زوق - شوق بىلەن پىرقىرىدىم . كەچتە ئۇنىڭ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇش تەكلىپىنى سىلىقتىنا رەت قىلدىم - دە ، خوشلاشتىم ...

مەن شۇ چاغدا گەرچە ئۆز ھېسسىياتىمنى زورىغا بېسىۋال- غان بولسامۇ ، ئەمما شۇ كېچىسى مۇرات بىلەن ئالىمنى سېلىشى- تۇرۇپ ئۇخلىيالمىغانىدىم .

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ، مېنى تاڭ قالدۇرۇپ ، تەشۋىش- لەندۈرۈپ ھەم شادلاندۇرۇپ مۇراتتىن تېلېفون كەلدى . ھەي مېنىڭ ئەقىلسىزلىقىم ... شۇ چاغدا مۇراتنىڭ ئۇچرىشىش تەلىپىنى رەت قىلغان بولسام ياكى سۆيگىنىم بارلىقىنى ئېيتقان بولسام ، شۇنچە ۋاقىتلارنى تەشۋىش ، ئازاب بىلەن ئۆتكۈزەرمىدىم ؟

دەسلەپتە بارماسلىق ، مۇرات بىلەن ئۇچراشماسلىق قارا- رىغا كەلگەن بولسامۇ ، لېكىن ۋاقىت توشقاندا چىرايلىق ياسى-

نىپ ، ئۇچرىشىدىغان جايغا باردىم . ئىككى ئاردىدا شۇنداق قىيىنالدىمكى ، بىرسى بىلەن ئۇچراشقاندا يەنە بىرسى كۆرۈپ قالارمۇ ؟ دېگەن ئەندىشە بىلەن كۆڭلۈم ئارام تاپمايدىغان بولدى . ئاخىر ئالىمدىن ئايرىلىپ كېتىش قارارىغاكېلىپ ، ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم . تەسىرلىك گەپلەرنى قىلىپ يىغلىسام ، ئالىمنىڭ ماڭا بەخت تىلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم .

بىز دائىم ئۇچرىشىدىغان جايدا ، ئۇ مېنى كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغاچ كۈتۈپ تۇرغانىكەن ، بىز كۆرۈشمىگىلى بىر ئايدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈنمىكىن ، ئۇ شادلانغىنىچە ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى . ئۇ بۈگۈن شۇنداق خۇشال كۆرۈنەتتىكى ، كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاقناپ تۇراتتى . مەن ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىگە قاراپ ، كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان سۆزلىرىمنى ئېيتالماي قىينالدىم . ھەي ... قانداق قىلىش كېرەك ؟ يەنە ئارقىغا سۆرەۋەرسەم ، ئۇ چاغدا ... ياق ، ھازىرلا ئوچۇق ئېيتاي ... مەن قەتئىي قارارغا كەلدىم ـ دە ، ئاخىر تەستە ئېغىز ئاچتىم ، ئەمما ئاۋازىم تىترەپ چىقتى :

ـــ ئالىم ...

ـــ ھە ...

ـــ مەن ... مەن سىزگە ... سىزگە بۈگۈن بىر ...

ـــ نېمە بولدىڭىز ؟ گېپىڭىز ھېچ قولاشمايدىغۇ ؟ مىجەزىڭىز تازا جايىدا ئەمەستەك تۇرىدۇ . بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ خۇشاللىق كۈنۈم ، بۇنداق خاپا ئولتۇرسىڭىز قانداق بولىدۇ ؟ جېنىم ، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇڭ ، مەن سىزنى خۇش قىلىدىغان ئاجايىپ بىر نەرسىنى كۆرسىتىمەن .

كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاچتىمىيۇ ، ئالىمنىڭ قولىدىكى كىتابنى كۆرۈپ كەيپىم ئۇچتى . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن كى-

تابنى قولۇمغا ئالدىم. بۇ بىر شېئىرلار توپلىمى ئىكەن.

كۆزۈم ئاپتور ئىسمىغا چۈشۈش بىلەن ھەم ھەيران بولغان، ھەم ھاياجانلانغان ھالدا ئالىمغا سۆيۈنۈپ تىكىلدىم. [illegible] ئەجەبا مۇشۇ چاغقىچە ئۇنىڭ بۇنچىلىك تالانتىنىڭ بارلىقىنى بىلمەپتىمەنا؟ تېخى ئۇنىڭ تولا كىتاب ئوقۇيدىغان ئادىتىنى مەسخىرە قىلغىنىمنى دېمەمدىغان. مەن ئۆز - ئۆزۈمدىن ئۇكۇندۇم. ئالىمغا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىم يېڭىۋاشتىن كۈچەيدى. ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق شائىر سۆيگىنىمنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلەندىم. تېخى بايىلا ئىچىمدە ئويلىغان ئايرىلىش سۆزلىرىنى ھەم مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان مۇراتىنىمۇ ئۇنتۇپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم يېپىشقاندىم. ئەنە شۇ چاغدىلا، مەن ئالىمنىڭ شۇنچە ئوتلۇق ھەم قىزغىن مۇھەببىتىگە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، ھەم مۇراتتىن قەتئىي ئايرىلىش قارارىغا كەلگەندىم. بىراق، مېنىڭ بۇ قارارىم مۇراتنىڭ ئەركىلەتمە سۆزلىرى ۋە ماڭا ئاتاپ ئوقۇپ بېرىدىغان سۆيگۈ ناخشىلىرىنىڭ تەسىرىدىن تېزلا ئاجىزلاشقاندى.

ھەي... بۇلارنى ئويلىسام، چىرايىمغا ئىسسىپ، شۇنچە زور خاتالىققا يول قويغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن. «بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي؟»، «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرسەڭ سېنى ھەرجايغا باشلايدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشەنگەندىم. بۈگۈنكى كۈندە ھەر ئىككىسى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا توي قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپامنىڭ نەسىھەت ـ مەسلىھەتلىرىچۇ تېخى! يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇرسام، قانداق ئۇقۇۇشماسلىقلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇ چاغدا ھەر ئىككىسىدىن قۇرۇق قالامدىمەن تېخى! خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن...

ئويلىسام ، ھەر ئىككىسىنىڭلا ماڭا ياقىدىغان تەرەپلىرى جىق ، يۈرىكىمنى تۇتۇپ كۆرسەم ، مۇراتقا بەكرەك سوقىدۇ . بىراق مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەشۋىش ، ئەنسىرەشمۇ يوق ئەمەس . ئۇ شوخ ، چىقىشقاق ، قىزغىن ، ئۇنىڭدا ئەرلەردە بولىدىغان بارلىق گۈزەللىك مۇجەسسەملەشكەن . ئاشۇ كىلىشكەن ، قاۋۇل بەستى بىلەن ھەرقانداق قىزنى ئاسانلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالالايدۇ . ئەگەر توي قىلغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ كەتسە ، پۇشايمان ، ھەسرەتتە قالارمەنمۇ ؟

تۇنجى مۇھەببەتنىڭ تولىمۇ شېرىن ھەم ئۇنتۇلماس بولىدىغانلىقىنى ، تا ھازىرغىچە ماڭا بىر خىل سىلىق ، ئىلمىي مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان ئالىمنى ياخشى كۆرىمەن ، ئالىمنىڭ ماڭا ئەبەدىي ۋاپادار بولىدىغانلىقىغا ھەم ئىشىنىمەن . يەنىلا ئالىم بىلەن توي قىلسام ياخشى بولغۇدەك .

ئاخىر بىر قارارغا كەلدىم . بۈگۈن مۇرات مېنى كىنو كۆرۈشكە تەكلىپ قىلغانىدى . توغرا ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇراتقا ئايرىلىپ كېتىش توغرۇلۇق گەپ ئاچاي . نېمە دېسەم بولار ؟ ھىم ... ئۇنىڭغا يىغلامسىراپ تۇرۇپ ، ئانامنىڭ مېنى بىر دوستىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى ، قوشۇلمىغىنىمغا ئۇنىماي ئۇلارغا ماقۇل دەۋەتكەنلىكىنى ، ھەتتا ماڭا ئۇقتۇرماي چاي ئىچۈرۈپ بولغانلىقىنى ئېيتىمەن . ئۇ نېمىلا دېسىمۇ گەپ قىلماي تىرناق تاتىلاپ جىم تۇرۇۋالىمەن . يامىنى كەلسە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ ، كۆزلىرىمدىن بىر ـ ئىككى تامچە ياش چىقىرىپ قويارمەن شۇ ...

ۋاي ـ ۋۇي ، كىنوخانا ئالدىدا ئادەم نېمانچە جىق . مۇرات بۈگۈنكى كىنونى بەك ياخشى ئىكەن دېۋىدى ، راست ئوخشىمامدۇ ؟ مۇرات نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدىغاندۇ ؟ ۋەدىلەشكەن ۋا-

قىتتىن بەش مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. ھەر قېتىم ئۇ يېرىم سائەت بۇرۇن كېلىپ مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنە؟ شۇنداق جىلە بولدۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە كوچىلاردىكى كىشىلەرنىڭ چۆرەمدە ئايلىنىپ بىزار قىلىشلىرىچۇ تېخى! يەنە بەش مىنۇت كۈتىمەن، كەلمىسە مۇشۇنى باھانە قىلىپ، ئىككىنچى يۈزىگە قارىماسمەنا...

ۋۇي، بۇ نېمە ئىش، مەن مۇراتنى كۈتۈۋاتسام، ئالىم كېلىۋاتىدىغۇ؟ ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ نېمە دەرمەن؟ ئەڭ ياخشىسى كۆرمىگەن بولۇپ ئارقامغا بۇرۇلۇپ كېتەيچۇ...

ۋاي خۇدايىمەي، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى كۆرۈڭ! مۇراتمۇ مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتامدۇ؟! تېنىم شۈركۈندى. يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلاشتى. پۇتلىرىم دىر ــ دىر تىترىدى. كەينىمدە ئالىم، ئالدىمدا مۇرات. ئوڭ تەرەپتە ۋېلىسىپىت ساقلاش ئورنى، سول تەرەپتە ئېگىز بىنا... قېچىپ كېتىشكە ئامال يوق، ئەمدى بېشىمغا كەلگەننى كۆرىدىغان بولدۇم.

پۇتلىرىمنى يا ئالدىغا، يا كەينىگە يۆتكىيەلمەي، ئورنۇمدا مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدىم. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. زېمىن چۆر گىلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يۈرىكىم ۋەھىمە، تەشۋىش، نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولدى. ئاھ خۇدا! شۇ تاپتا يەر يېرىلسا ئىدى، ئىچىگە كىرىۋېلىپلا بۇ نومۇستىن قۇتۇلار ئىدىم...

ــ ئاينۇر، جىق ساقلىتىپ قويمىغاندىمەن؟! تېلېفون بەرسەم سىز يوق، دوستىڭىزغا ئېيتىپ قويۇۋىدىم. ھەر قانداق بولسا كەپسىز، ۋۇي نېمە بولدىڭىز؟ مەندىن رەنجىپ...

ئالىمنىڭ قۇلىقىم تۈۋىدىلا ئاڭلانغان بۇ ئاۋازىدىن دىمىم ئىچىمگە چۈشۈپ، ئۇجۇقۇپلا كەتتىم. ھەي تەتۈر پەلەك! ئەگەر مۇرات ئالىمدىن بۇرۇنراق كېلىپ گەپ ئاچقان بولسا، ئالىم نېمە

ئىش ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالاتتى ـ دە ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ كەيىنىگە يېنىشى مۇمكىن ئىدى . كېيىن مەندىن نەپرەتـ لەنسىمۇ ، تىللىسىمۇ مەيلى ئىدى . بىراق ، مۇرات ھەرگىز ئالىمغا ئوخشىمايدۇ . ئۇ ئۆز ئولجىسىنىڭ باشقىلار قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايدۇ . ھېلىمۇ ئېسىمدە ، مۇرات بىر قېتىم مېنىڭ بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىم بىلەن كوچىدا پاراڭلىشىپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ قېلىپ ، مېنى ۋېلىسىپىت بىلەن سوقۇۋەتكىلى تاس قالغان .

ــ نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز ؟ ــ دەپ سورىغانىدىم ئاچـ چىقلاپ . ئۇ كۆزلىرىمگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ : « مەن ئۆزۈم سۆيگەن گۈزەللىكتىن باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا يول قويمايـ مەن » دېگەنىدى . مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا مۇراتنىڭ جىم تۇرۇشى مۇمكىنمۇ ؟

مەن ئەنسىرىگەن ئىش يۈز بەردى . قۇلىقىم تۈۋىدە مۇراتـ نىڭ كەكرىدەك ئاچچىق ، زەردىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى :

ــ ئادىشوي ، كىمگە گەپ قىلىۋاتىسەن ؟ تېخى تېلېفون بەرسەم يوق ئىكەنسىز ، دېگىنىنى قارا . ھىم ، بۇ قىزنى ئىگىسى يوق كۆرۈپ بوزەك قىلاي دەمسەن ؟ ھۇ لۈكچەك !

ئەزەلدىن ئېغىر ـ بېسىق ئالىمغا مۇراتنىڭ « لۈكچەك » دېگەن ھاقارەتلىك سۆزى ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك ، ئاۋازى تىترەپ چىقتى :

ــ نېمىشقا يولسىزلىق قىلىسەن ؟ بۇ دېگەن بىزنىڭ ئۆز ئىشىمىز . سېنىڭ ئارىلىشىشقا ھەققىڭ يوق ! ئۆزۈڭ لۈكچەك تۇرۇپ ، يەنە تېخى مېنى لۈكچەك دەيسەنا ! يۈرۈڭ ئاينۇر كېتەيلى .

ــ نېمە ؟ نېمە دېدىڭ ؟ ئۆز ئىشىمىز ؟ بۇ ... نېمە ئىش ئاينۇر ؟ سىز ...

يۈرىكىم ياپراقتەك تىترىدى . كۆز چاناقلىرىم ئاچچىق پۇشايمان ياشلىرىغا لىق تولدى . بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراشقا پېتىنالمىدىم . چۈنكى ، بېشىمنى كۆتۈرسەملا ئۇلارنىڭ كۆزدىكى نەپرەت ئۇچقۇنىنى كۆرىمەن . ئاشۇ ئۇچقۇنىنىڭ كۆزۈمنى كور قىلىپ ، يۈرىكىمنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىشىدىن قورقىمەن ...

ئىشىنىڭ تېگىگە يەتكەن بولسا كېرەك ، ئالىمنىڭ يىگىمنى تۇتۇپ تۇرغان قولى لاسسىدە بوشاشتى . لېۋىمنى چىشلەپ كۆزۈمنى ئاچتىم . تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن ئەتراپقا ئولىشىۋالغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنىنى ، مۇرات بىلەن ئالىمنىڭ بىر ـ بىرىگە ھەيرانلىق ، تەئەججۈپ ئىلكىدە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ تۇرغان ھالىتىنى كۆردۈم .

— سىز ... ئاينۇر ... ئويلىماپتىكەنمەن . سىزنىڭ ساختىپەز ، ئالدامچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىماپتىمەن . ئىسىت ، ئادەممۇ سىزدەك بولامدۇ ؟ قېنى ماڭا بەرگەن ۋەدىڭىز ؟ ھۇ ۋىجدانسىز ! دۇنيادا سىزدەك نومۇسسىزدىن يەنە بىرسى بارمىدۇ ؟ — مۇراتنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەيلا يۈزۈمگە « چاڭگىدە » بىر شاپىلاق تەگدى . يۈزلىرىم ئېچىشىپ ، كۆزۈمدىن ئوت چىقىپ كەتتى . شاپىلاق زەربىسىدىن سەنتۈرۈلۈپ يىقىلغىلى تاسلا قالدىم . تەلىيىمگە يارىشا كىمدۇر بىرى مېنى دەرھال يۆلىۋالدى ـ دە ، كىنوخانا ئالدىدىن ئاستا ئېلىپ ماڭدى . كۆزۈم ھېچنېمىنى كۆرمىسىمۇ ، لېكىن قۇلىقىمغا كىشىلەرنىڭ غەزەپلىك خىتابلىرى كىرىپ تۇراتتى .

— توۋا ، چىرايى گۈلدەك تۇرغان بىلەن قىلغان نومۇسسىز ئىشىغا قاراڭلار .

— شۇ ئەمەسمۇ ، ساددا يىگىتلەرنى شۇنداقمۇ ئالدىغان

بارمۇ ؟ ھۇ نومۇسسىز ، ۋىجدانسىز .

— چىرايلىقتا ۋاپا يوق ، ھەي ... ھازىرقى زامان-نىڭ قىزلىرىزە ...

ئىزا ، نومۇس ، پۇشايماندىن يۈرىكىمنى تۇتقىنىمچە بو-شاشقان بەدىنىمنى ھېلىقى نامەلۇم كىشىگە يۆلەپ ئاران — ئاران كېتىۋاتىمەن . ماڭا مۇشۇ پەيتتە خەيرىخاھلىق ، ياخشىلىق قىلغان كىشىگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار ؟ بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن مەن ۋېلسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ماڭالماي ياتقاندا ، ئا-لىم مېنى مۇشۇنداق يۆلەپ ئاپىرىپ قويغانىدى . ئاھ ، مەن نېمە قىلىپ قويدۇم ؟ ئۆزۈمنىڭ شۆھرەتپەرەس ، ئۇچىمە كۆڭۈللۈكۈم تۈپەيلىدىن ئالىم ۋە مۇراتىنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇردۇم . بۈگۈنكى بۇ رەسۋاچىلىق خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن جازاسى . مەن ... مەن نېمىشقىمۇ كۆڭلى قارىلىق قىلغاندىمەن ؟ ھەي ...

— بولدى يىغلىماڭ ، — قۇلىقىم تۈۋىدە ئاڭلانغان بۇ تونۇش ، يېقىملىق ۋە ھەسرەتلىك ئاۋازدىن چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم . بۇ ئالىمنىڭ ئاۋازىغۇ ؟ ياق ، مۇمكىن ئەمەس . سەزگۈ-لىرىم مېنى ئالداۋاتسا كېرەك ، ئۇ ئاللىقاچان كېتىپ قالغاندۇ ... ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمىگەن ھالدا كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ يېنىمغا قارىدىم . يېنىمدا خۇددى بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن مېنى يۆ-لەپ كېتىۋاتقان ھالىتى بىلەن ئالىم قاراپ تۇراتتى . ئۇ چاغدا ئۇ-نىڭ كۆزلىرىدىن ئاجايىپ خىسلەتلىك نۇر پارلاپ تۇراتتى . ھا-زىرچۇ ؟ ھەسرەت ، ئېچىنىش ئۇچقۇنلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ كۆزلەر لىققىدە ياشقا تولغانىدى .

— ئالىم ، — ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىغان ھالدا مۇرىسىگە ئېسىلدىم . بىراق ئۇنىڭ بەدىنى گويا قېتىپ قالغاندەك مۇزلاپ

كەتكەنلىكىنى، تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاستا ـ ئاستا سىيرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

— مېنى ... مېنى كەچۈرۈڭ. مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. مەن ... مەن سىزنى ئازابلاپ قويدۇم، — كۆز ياشلىرىمنى توختىتالماي ئۇنىڭ پۇتلىرىغا يېپىشتىم. ئۇ تىترەك قوللىرى بىلەن مېنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ـ دە، ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى يىراققا تىككەن ھالدا خۇددى ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پەس، زەئىپ ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— ئاينۇر، مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. راستىمنى ئېيتسام، مەن ھازىر ئۆزۈمدىكى كۈچ ـ جاسارەت تۈگىگەندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. بەلكىم مەن ئۆمرۈمدە بۈگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىغان بولغىيتتىم. بىلەمسىز ئاينۇر، مەن سىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. سىزگە ئىشىنەتتىم. بىراق، ئويلىماپتىمەن ... بۈگۈنكى ئىش مېنى قاتتىق ھەسرەتلەندۈردى، ھەتتا ئۆز ـ ئۆزۈمگە ۋە تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچ، ئۈمىدىممۇ يوقالغاندەك بولدى. ئىسىت! مەندىن باشقا بىرسى بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىڭىزنى نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق ئېيتمىغانسىز؟ ئىككى ئارىدا قانچىلىك ئازابلانغانسىز ـ ھە؟! بۈگۈن مەن كىنوغا كەلمىگەن بولسام بوپتىكەن. سىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەردىم. مېنى كەچۈرۈڭ. ئاينۇر ... بولدى ئەمدى سۆزلىمەڭ. خەير ـ خوش.

— ئالىم، توختاڭ!

ئۇ توختىمىدى، يۈگۈرگەندەك تېز ـ تېز مېڭىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزاقىچە مەيۈس ھالدا قاراپ تۇردۇم ـ دە، ئاندىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ سالدىم.

## قۇرۇپ كەتكەن تال

گۈلخان هويلىدىكى ئۈزۈم تالنىڭ قۇرۇپ قالغانلىقىنى ئەمدىلا ھېس قىلغاندەك ، يېشىللىقتىن ئازراقمۇ ئەسەر قالمىغان تاقىر سايدەك ھويلىسىغا كىرىپلا بىئارام بولۇپ كەتتى . بىردىنلا ئۆزىنى خۇددى چۆلدە تۇرغاندەك ھېس قىلدى . ئۇنىڭسىزمۇ لو- قۇلداپ ئاغرىۋاتقان مېڭىسى تېخىمۇ چىڭقىلىپ ، پۈتۈن بەدىنىگە ئاغرىق كىرىپ كەتكەندەك بولدى . ئۇ تالنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلى- كىنى ھەقىقەتەن بۈگۈنلا ھېس قىلدى . ئۇنىڭ غولى باراڭغا يۆ- گەشكىنىچە ئۆلۈك يىلاندەك قېتىپ قالغانىدى . ھويلىدا تېخى ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن نەۋرىسى ئويناپ يۈرەتتى . قىزچاق تايتاڭلاپ ماڭغىنىچە تالنىڭ يېنىغا كېلىپ ، بويى يەتكەن بىر تال ئىنچىكە تاياقچىنى ئوشتۇۋىدى قاراسسىدە ئاۋاز چىقتى . ئۇنىڭدا بىرەر تال يوپۇرماق تۈگۈل سۇ ھەم نەملىك قالمىغانىدى .

بۇ ئۈزۈم تال ئەتىياز كېلىشى بىلەنلا ھويلىغا باھارنى باشلاپ كېلەتتى . تومۇزدا ئادەم تېنىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغۇدەك كۈچلۈك قۇياش نۇرىنى يەلپۈگۈچتەك كەڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن توسۇپ سايە چۈشۈرەتتى . كۈز ئايلىرىدا قىزلارنىڭ ھېقىق كۆز- لۈك ھالقىسىدەك جۇلالىنىپ تۇرغان ساپاق - ساپاق ئۈزۈملىرى بىلەن كىشىگە جەننەت ھۇزۇرىنى بېغىشلايتتى . مانا ئەمدى ھەم- مىسى يوق بولۇپ ، بۇ ھويلا كۈن بويى ئۇخلاپ كۈن ئۆتكۈز- دىغان تاقىرباش بوۋايدەك مۈگدەپ قالغانىدى .

ئۆيدىن ۋىجىككىنە ئېرى ئەسنىگىنىچە كېرىلىپ چىقىپ كەلدى . ئۇنىڭ چاچسىز تاقىربېشى كۈن نۇرىدا مىستەك پارقىرايتتى . پۇتىدىكى يوغان ساپما كەشىدىن پالاقلىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى .

— ۋۇي دادىسى ، ئۈزۈم تال قۇرۇپ قاپتۇ ، بىرەر ئامالىنى قىلمامال ؟

— قۇرۇپ كېتىپتۇ شۇ . قانداق قىلاتتىم ؟ ئورنىغا كېلەر يىلى بىر ـ ئىككى تۈپ كۆچەت تىكىپ قويارمەن ، — ئېرى پەرۋاسىزلىق بىلەن قولىنى سىلكىپ قويۇپ ، ساپما كەشىنى سۆرىگىنىچە چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا ماڭدى . گۈلخاننىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى . تازا بىرنى ۋارقىراپ توختاتماقچى بولدىيۇ نېمىشقىدۇر بولدى قىلدى . ۋارقىرىغۇدەك ھالىمۇ يوق ئىدى . سۇپا ئۈستىدىكى كىگىز گە كۆرپە تاشلاپ يانپاشلىدى . لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى . كۆزى قۇرۇپ كەتكەن تالغا چۈشۈپ يەنە بىئارام بولدى . بۇ تالنى ئۇلار يېڭى توي قىلغان كۈنلەردە مۇنۇ لۆم ـ لۆم ئېرى ئاتايىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ سېلىپ بەرگەنىدى .

— بۇ قۇرۇق تاملىقتىن ئەجەب زېرىكتىم . يا بىرەر تۈپ كۆچەت يوق ، يېشىللىقنى ، باھار پەيزىنى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتەمدۇ كىشى . ئۆيۈمگە چىقىپ كېتىمەن ! — تويى بولۇپ بىر ئاي ئۆتكەندە ئۇ شۇنداق دەپ دومسايدى . ئېرى قەيەردىن تاپتىكىن ، بۇ ئۈزۈم تالنى ئەكېلىپ ھويلىغا سالدى . ئۈزۈم تال ئاجايىپ تېز ئاينىدى . گۈلخانمۇ ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ ئۆزى نېمە دېسە ياق دېمەيدىغان ، ھەتتا ۋارقىراپ سىلكىپ تاشلىسىمۇ ئۇندىمەيدىغان بۇ ئادەم بىلەن يىگىرمە نەچچە يىلنى بىر گە ئۆتكۈزدى . ئۇ بۇ ئادەم بىلەن يېزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى جاپالىرىدىن

قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا توي قىلغانىدى . ئۇ ھەقىقەتەن ئانچە جاپا
تارتمىدى . تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگىنىگە يارىشا مۇۋاپىق خىز-
مەتكە ئورۇنلاشتى . ئىككى باللىق بولدى . ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا
ھاياجان بىلەن ئەسلىگۈدەك گۈزەل مىنۇتلار بولمىغىنىغا ئوخشاش
كۆڭۈلنى ئاغرىتىدىغان قاتتىق كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ يۈز بەرمىدى .
كۈنلەر خۇددى تۈزسىز سۇيۇق ئاشتەك شۇنداق تەمسىز ئۆتتى-
كى ، ئۇنىڭ ئېرىدىن توي كۈنىلا رايى يېنىپ كەتكەنىدى . ئېرى-
نىڭ پاقىدەك سوغۇق لەۋلىرى ۋە تېنى ئۇنىڭ بەدىنىنىلا ئەمەس ،
يۈرىكىنىمۇ مۇزلىتىپ قويغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىنىڭ سۆز -
ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك ئېزىلەڭگۈ ، لەقۋا ئىدىكى ، ئۇ بۇلارنى
ئويلىسا ، بۇ ئادەمنى بوغۇۋەتكۈسى ياكى يىراققا قېچىپ كەتكۈسى
كېلەتتى . ئەمما ئۇ نۇرغۇن يىللارنى يەنىلا مۇشۇ ئەر بىلەن بىرگە
ئۆتكۈزدى . ئۆزى ئويلىغاندەك يىراقلارغا قېچىپمۇ كەتمىدى .
كۈنلەرنى ئىزتىراپ ، تېڭىرقاش ، ئاچچىق ـ ئاچچىق خىياللار
بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلدى . ئۇ پات ـ پات ئۆزىنىڭ قىز چاغلىرىنى
ئەسلەپ قالاتتى .

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئاخىرقى مەۋسۇمىدىكى بىر كەچ ئۇ-
نىڭ ھازىرقىدەكلا ئېسىدە ئىدى . ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ يې-
نىپ تۇراتتى . ئاي ناھايىتى يورۇق ، جىلۋىلىك بولغىنىغا قارى-
ماي ، قاراڭغۇ تۈننى ئانچە يورۇتالمىغانىدى . تارغىنا مەھەللە يولى
تۈز ئەمما توپىلىق ئىدى . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يوغان قا-
پاق تېرەكلەر سۈرلۈك گىدىيىپ تۇرۇشاتتى . گۈلخان دوستى
ئايشەم بىلەن خوشلىشىپ قەدىمىنى تېزلەتتى . ئۇلار بۈگۈن
تەكراردىن سەل كەچرەك يېنىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ كەينىدىن ئا-
ياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك بولدى . يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ
كەتتى . كەينىگە قايرىلىپ بولغۇچە بىر جۈپ كۈچلۈك قول مۇ-

رىسىدىن كۆچەپ تارتىپ مەھكەم قۇچاقلىۋالدى . بۇ تاسادىپىي-لىقتىن ئۇ ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى . گۆشلۈك ، پوغىناق قى-زىق لەۋ ئالىلبۇرۇن ئۇنىڭ لېۋىنى شوراشقا باشلىغانىدى . ئۇ تۇ-ماللىقا ئېسىنى يوقىتىپ قويىدى . قاتتىق قۇچاقلاشتىن بەدىنى غىرىسلاپ كەتتى . يىرىككىنە بۇرۇت نازۇك يۈزىگە سانجىلىپ ئېچىشتۇرۇشقا باشلىدى . ئۇ ئېسىنى يىغقاندا ئۆزى يول بويىدىكى تېرەككە يۆلىنىپ قالغان ، ئەر بولسا ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك قاپساپ سۆيمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ ئۆيى يېقىنلا يەردە ئىدى . ئۇ مۇشۇ كىچىككىنە ئارىلىقتا بۇنداق ئىشقا ئۇچرارمەن دەپ ئويلاپمۇ باق-مىغانىدى . ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئەرنىڭ مەيدىسىدىن ئىت-تەردى . ئەرنىڭ قولى سەل بوشىغاندەك بولدى . ئۇ تېخىمۇ كۈ-چەپ قارشىلىق كۆرسەتتى . يۈز — بويۇنلىرىنى مورلىدى . لەۋ-لىرى ئاجرىغان ھامان « دادا ! ئانا ! » دەپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى . ئەر ئۇنى قويۇۋەتتى ، قانداق تۇيۇقسىز ھەم تېز پەيدا بولغان بولسا ، يەنە شۇنداق تېزلىك بىلەن غايىب بولدى . گۈل-خان قاتتىق دۈپۈلدەۋاتقان يۈرىكىنى قوش قوللاپ تۇتقىنىچە ئۆ-يىگە قاراپ بار كۈچى بىلەن يۈگۈردى . دادىسىنىڭ « نېمە بول-دۇڭ ؟ » دېگەن سوئالىغا « ئىت قورقۇتتى » دەپ جاۋاب بەردى . تويدىن كېيىنكى كۈنلەردە ، ئۇ ھەتتا چىرايىنىمۇ كۆرۈپ باقمى-غان ھەم كىملىكىنى ئويلاپمۇ تاپالمىغان ئاشۇ ناتونۇش ئەر ئې-مىشقىدۇر ئۇنىڭ خىيالىغا ئارىلىشىۋالاتتى . كۈچلۈك بىلەكلەر ، قوپال ، ئەسەبىي سۆيۈشلەر ئۇنىڭ ئايالىق ھېسسىياتىنى ئۇرغۇ-تاتتى . تاتلىق خىياللاردىن يۈرىكى ھاياجانلىق ئىلكىدە سوقات-تى . ئاشۇ خىيالىي ئەسلىمىلەرلا ئۇنىڭغا قانلىرى قىزىپ ، ئوقچۇپ تۇرىدىغان ئەرلەرنىڭ باغرىنىڭ نەقەدەر ئوتلۇق ، ھارارەتلىك ئىكەنلىكىنى ، ئايالارنى ئۆز قۇچىقىدا سىمابتەك ئېرىتىپ تاشلاي-

ىدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى .
تـام قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن پات ـ پات ھازا يىغىسى ئاڭلى-
نىپ تۇراتتى . ئۇ تۈنۈگۈندىن بۇيان ئاق ياغلىقىنى سېلىپ ، قارا
پەلتوسىنى كىيىپ ھازىدارلارغا ھەمراھ بولدى . ئۇلار بىلەن قو-
شۇلۇپ ھازا ئاچتى ، يىغلاپ ھېرىپ كەتتى . ھازىرمۇ شۇنىڭ
تەسىرىدىن بېشىنىڭ چېكە تومۇرلىرى چىڭقىلىپ ، ئۇنىڭغا
خۇددى ئەتراپتىكى بارلىق نەرسىلەر مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىۋاتقان-
دەك بىلىنىۋاتاتتى . ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇش
ئىدى . ئۇ قوشنىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا ، كەينىگە دى-
ۋىڭگىدە ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى . يۈرىكىنى ئۆزى ھازىر-
غىچە ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل ئاچچىق ۋەھىمە رەھىمسىز-
لىك بىلەن تىلغاپ ئۆتتى . قوشنىسىنىڭ كېسەلچانلىقى ئۇنىڭغا
ئايان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى .
ئايال قوشنىسى ئۇخلاۋاتقاندەك تۈپتۈز ياتاتتى . ئۇنىڭ ھەرىكەت-
سىز كۆزلىرى ئوچۇق پېتىچە قېتىپ قـالـغـانـىدى . ئەتراپىنى
چۆرىدەپ يىغلاۋاتقان باللىرى ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قايتا ـ قايتا
رازىلىق بەرىسىمۇ كىرپىكلەر جۈپلەشمىدى . ئەتراپتىكىلەر :
ـــ رەھمەتلىك ئـۈرۈمـچـىـدە ئوقۇۋاتقان ئامراق ئوغلىغا
تارتىنىشىۋاتىدۇ . ئۇ ئوغلىغا ئەجەب ئامراق ئىدى ، ـــ دېيىشتى .
گـۈلخان ئاشۇ ئوچۇق تۇرغان كۆزلەردە ئېيتىلىپ تۈگەتكۈسىز
ئاچچىق ئەلەم ، ئۈمىدسىزلىك ۋە ئارمانىنىڭ قېتىپ قالغانلىقىنى ،
قانسىز لەۋلەرنىڭ سەلگىنە ئۈمچەيگىنىنى كۆرگەندەك بولدى .
ئۇنىڭ بۇ ئاق كۆڭۈل ، دىلى نازۇك ئايالغا بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئائىلى-
سىگە قاتتىق ھەۋىسى كېلەتتى . ئايال قوشنىسى ئېرىنىڭ سىرت-
تىكى ئىشلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگىنىدىمۇ ، ئۇ
كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ قالالمىغان ھالدا ، ئۇ ئايال ئانچە قوبۇل

قىلالمايدىغان تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتىپ سالاتتى.

— مەريەم، بولدى يىغلىماڭە! ئەرلەر دېگەن شۇنداق بولۇشى كېرەككۇ. سىز باشقا ئاياللارنى مەپتۇن قىلغۇدەك ئېرىڭىزنىڭ بولغىنىدىن خۇش بولسىڭىز بولىدۇ. ئېرىڭىزنىڭ ئەتراپىدا ئاياللار قانچە كۆپ بولسا ئۆزىڭىزنىڭ قىممىتىنى، ئېرىڭىزنىڭ قەلبىدىكى ئورنىڭىزنى ھەقىقىي ھېس قىلالايسىز، راستىنلا ...

ئەمما، كۆڭلى قىلدىنمۇ نازۇك بۇ ئايال ئېرىنىڭ ئىشلىرىنى بەكلا كۆڭلىگە ئېلىپ كەتكەنىدى. يۈرىكىنى تاتىلاپ ئارام بەرمىگەن ئاچچىق ئەلەم، ئۇنىسىز يىغا ئاخىر ئۇنى خېلى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا قىلدى. ئېرى كېسەلچان خوتۇنى ئۈچۈن پۇلنى مەردلىك بىلەن ئايىماي خەجلىدى. ئۇرۇمچى، شاڭخەيلەرگە ئاپىرىپ داۋالىتىپ كەلدى. ئەمما ئۇ خوتۇنىنىڭ يۈرەك يارىسىنى قىلچىمۇ چۈشەنمەيتتى. گۈلخاننىڭ خىيالدا بۇ ئايال ئاددىي ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەقىقىي ئەركەك سۈپەت بۇ ئېرىدىن ۋە ئەقىللىق، ئەدەپلىك باللىرىدىن پەخىرلىنىپ خۇشال ياشىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، ھېسسىياتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ئېرىنى ھەممىدىن زىيادە ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئايال ئۇنداق قىلالمىدى. ئەلەم بىلەن ۋاقىتسىزلا كۆز يۇمدى. ئۇ بۇ قوشنىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا زادى نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلگۈسى بار ئىدى. ئەزرائىل بىلەن چېلىشىۋاتقان ئاخىرقى مىنۇتلاردا رەھمەتلىك زادى نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ ھاياتىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ گۈزەل ۋە قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى نابۇت قىلىشىنىڭ تولىمۇ ئەخمىقانىلىك ئىكەنلىكىنى ئويلىغانمىدۇ؟ ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە ئاخىرقى قېتىم تىكىلگىنىدە، ئەمدى قەلبىدىكى مۇھەببەتنى ئېرىگە تەقدىم قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۈندىشىدىن يېڭىلگەنلىكىنى ھېس قىلالىغانمىدۇ؟

گۈلخان قوشنىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن بالىلىرىدىن بەكرەك يىغلاپ هازا ئاچتى ، ئۇنىڭ يىغىسىدا قوشنىسىغا بولغان ئىچىنىش-تىن باشقا يەنە ئۈمىدسىزلىك ، بىچارىلىك بار ئىدى . گويا ئۆلۈم نۆۋىتى ئەمدى ئۆزىگە كەلگەندەك يۈرىكى ۋەھىمىلىك تىترەيتتى . پۈتلىرى دىرىلدەپ ئۆرە تۇرغۇدەك هالىمۇ قالمىدى . تۈنجى قېتىم ئۆزىگە قېرىلىق يەتكەندەك هېس قىلدى .

دەرۋازا تاراقىدە ئېچىلدى . قىزى قايتىپ كەلگەنىدى . چىراي - تۇرقى گۈلخانغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بۇ قى-زىنىڭ يولدىشى شوپۇر بولغىنى ئۈچۈن ، ئىككى ياشقا كىرگەن بالىسى بىلەن كۆپىنچە مۇشۇ ئۆيدە تۇراتتى .

— مەن قايتىپ كەلدىم ! — قىزى ئانىسىغا قاراپ قو-يۇپلا ، ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەر-كىلىتىپ سۆيدى .

— ئانا ! مەن كەچتە بىر يەرگە بارىمەن . مېنى تاماققا ساقلىماڭ جۇمۇ !

قىزى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر هازادىن كېيىن باشقىچە چىرايلىق ياسىنىپ ، تاقىلداپ دەسسىگىنىچە چىقىپ كەتتى . گۈلخان قىزىدىن « نەگە بارىسەن ؟ » دەپ سوراپمۇ قوي-مىدى . « بارما ! » دەپ توسۇپمۇ قالمىدى . هەممىدىن رايى يې-نىپ كەتكەندەك ، قۇرۇپ كەتكەن تالغىمۇ قارىماسلىققا تىرىشىپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى . نەۋرىسىنىڭ ئۇيان - بۇيانغا يۈگۈرۈپ يۈر-گەن تىۋىشىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئېسىگە ئوغلى كېلىشى بىلەنلا كۆڭلى يەنە ئاچچىققا تولۇپ كەتتى . ئوغلى تۇغۇلغاندا ئاجايىپ خۇشال بولۇپ ، پۈتۈن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئۇنىڭغا بې-غىشلىغان ۋە ئۇنىڭدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدى . ئەپسۇس ، ئوغلى دادىسىدىن ئۆتە لەقۋا ، يارىماس ئادەم بولۇپ چىقتى .

مەكتەپتىمۇ تۈزۈك ئوقۇيالمىدى . قورسىقىمدىكى تاپ دەيدىغان مۆرىمەس مىجەزى ، يىگىرمە ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇقمۇ ھېچ ئىش-نىڭ پېشىنى تۇتماي لاغايلاپ يۈرۈشلىرى گۈلخاننى شۇندا ئۆ-مىدسىزلەندۈردىكى ، بىر كۈنى ، ئۇنىڭ ھاراق ئىچىپ ئېگى-پەس دەسسەپ كەلگىنىنى كۆرۈپ قولىغا تاياقنى ئېلىپ ئارا سا-ۋىدى . چوڭلا بولۇپ قالغان بالا جىم تۇراتتىمۇ ؟ ئانىسىنىڭ قو-لىدىكى تاياقنى تارتىۋېلىپ ئوتتۇرىسىدىن « قارسىسىدە » قىلىپ ئوشتۇپ بىر يانغا تاشلىۋەتتى ـ دە ، ئەلپازىنى بۇزۇپ ئانىسىغا تازا قاتتىق ھۆركىرىۋېتىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . شۇ چىقىپ كەت-كەنچە قايتىپ كەلمىدى . ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگىمۇ بارمى-غانىدى . گۈلخان ئوغلىنى ئۇرغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى . بالىدا نېمە گۇناھ ؟ بالىنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى ئاشۇ لۈم ـ لۈم دادىسىنىڭ قېنى تۇرسا ، مىجەزى دادىسىغا ئوخشمايتتىمۇ ئەمى-سە ؟ كېيىنكى كۈنلەردە گۈلخان سەۋەنلىكنى ئۆزىدە قويۇپ تې-خىمۇ ئازابلىنىپ كەتتى . بۇنىڭغا ئۇ تاسادىپىي ئوقۇپ قالغان « گۆر ئوغلى » داستانى سەۋەب بولدى . رىۋايەتتە مۇنداق كى-چىككىنە بۆلەك بار ئىدى :

« گۆر ئوغلىنىڭ لەيلى قىز ئاتلىق تۇلپارى بار ئىدى . بۇ تۇلپار تۇغۇلغاندا زىرەك بولسۇن دەپ ئادەم سۈپىتىدە ئېغىزلان-دۇردى . بويى ئېگىز بولسۇن دەپ قۇلان ئەمدۈردى . ئېلىكلىرى تولۇپ كۈچلۈك بولسۇن دەپ بوغۇزىغا كۆك كىشمىش بەردى . تاغدىن ئىرغىپ ئۆتكۈدەك ئۇچقۇر بولسۇن دەپ كېيىك سۈتىنى بەردى . ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە ، بۇ تۇلپار شۇنداق بىر تۇلپار بولۇپ چوڭ بولدىكى ... »

گۈلخان ئوغلىنى تۇغقاندا كۆكسى ياللۇغلىنىپ قىلىپ ، ئېمىتەلمەي كالا سۈتىدە باققانىدى . ئۇ بىر ئايال بولۇش سۈپىتى

بىلەن ياخشى ئانا بولالمىغىنىنى ھەر بىر ئويلىسا ، پۇشايماندىن
يۈرىكى ئۆرتىنەتتى . گەرچە بۇنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ سەۋەنلىكى
دېيىشكە بولمىسىمۇ ، ئانا ۋۇجۇدىدىكى مېھىر - مۇھەببەت بىلەن
يۇغۇرۇلغان پاك قاندىن ئايرىلىپ چىقىدىغان ئانا سۈتىنىڭ بالىـ
نىڭ ئەقلى ، مىجەز - خۇلقىنى يېتىلدۈرۈشتىكى رولىنىڭ بۇنچە
زور بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنراق بىلگىنىدە ئىدى ، ھەرقانداق ئەھۋال
ئاستىدىمۇ ھەرگىز بۇنداق ئورنىنى تولدۇرۇپ بولالمايدىغان خاتاـ
لىققا يول قويۇپ ، ئوغلىنى ئانا سۈتىدىن مەھرۇم قىلماس ئىدى .
ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەن نېمە ئامال ؟ چۈنكى ئادەملەر
نۇرغۇن نەرسىلەرنى كېچىكىپ چۈشىنىپ ، كېيىن پۇشايمان قىـ
لىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن .

ھويلىدا كىچىككىنە نەۋرىسى شىپىلداپ مېڭىپ يۈرەتتى .
گۈلخانىنىڭ نەۋرىسىنىڭ قىلىقىغا قاراپ مەستلىكى كەلدى . بالا
چوڭ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك ، كىچىككىنە بۇدرۇق
قوللىرى بىلەن تۇرۇبا يېنىدىكى چېلەكتىن سۇ ئېلىپ ئۈزۈم تال
تۈۋىگە قۇيۇۋاتاتتى . گۈلخان بالىنىڭ ئايىغى ھەم كىيىمىنىڭ
ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سوغۇق تېگىپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ قالدىيۇ ، نېمىشقىدۇر بالىنى توسمىدى ، ئۇنىڭ كۆزىگە
ئۈزۈم تال ئاشۇ سۇنى ئىچىپلا ئاستا - ئاستا تىرىلىۋاتقاندەك ،
ئاشۇ سۇ تالنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدا ئېقىپ يۈرگەندەك ، بىردىنلا
تولىمۇ كىچىك ، يۇمران بىر يوپۇرماق ئۆسۈپ چىقىۋاتقاندەك
كۆرۈندى . يوپۇرماق يۇلتۇز شەكلىدە ئاستا يوغىناپ ، قانداقتۇر
بىر خىل كۈچنىڭ تەسىرىدە بىردىنلا ئاسمانغا ئۆرلىدى . ئۇپۇقتا
خېلى ئۇزۇنغىچە لەيلەپ ، بارا - بارا يىراقلاشتى . يىراقلاشقانسېرى
كىچىكلىدى . شۇ لەيلىگىنىچە ئاسماننىڭ قەھرىدە توختىدى .
ئاخىر گۇگۇم ئاسمىنىدا يۇلتۇز توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قىزارغان سەھرا

ئۇنىڭ تۇنجى ئېرىدىن تەلىيى چىقمىدى. ئەرگە ئەگە-
شىپ قانداق چىقىپ كەتكەن بولسا، بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ يەنە
شۇ پېتى سالپايغىنىچە قايتىپ كەلدى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ئانىسى، — ئەمدى يۈزۈڭ
ئېچىلدى. بۇ قېتىم چوقۇم ياخشى ئەر تاپالايسەن.

ئۇنىڭ ئانىسى يېشى قىرىقتىن ئاشقىنىغا قارىماي، ئۆزىنى
بولۇشىغا ياساپ، تاقىلداپ يۈرىدىغان خوتۇن ئىدى. پۈتۈن
مەھەللىدە بۇ خوتۇننىڭ داڭقى بار ئىدى. ئۇ بەزىدە بۇ خوتۇننى
ئۆزىنىڭ ئانىسى ئەمەستەك ھېس قىلاتتى. ئەمما بۇ خوتۇن ئۇ-
نىڭ ئانىسى ئىدى، ئۇنىڭغا كۆيۈنەتتى.

دادىسى ئاتمىشلاردىن ئاشقان، ياۋاش ئادەم ئىدى.
بۇ ئەر-خوتۇنلارنىڭ ياش پەرقىمۇ، مىجەزىمۇ ئاسمان-زېمىن
پەرقلىنەتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ قاچانلاردا، قانداقلارچە تېپىشىپ
بىر ئۆيگە كىرىپ قالغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى،

— ھۇ، ئۆلمەيدىغان مىس-مىس قېرى، — بۇ خوتۇن
ئېرىنى پات-پات شۇنداق دەپ تىللاپ قوياتتى. ئەمما ئۆزىنىڭ
بۇ ئەردىن ئايرىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەر مىس-مىس
بولغىنى بىلەن تىنىمسىز ئىشلەيتتى. ئېتىزنىڭ ئىشلىرىنى ئۈن-
تىنسىز قىلاتتى. ئاخشىمى خوتۇنى ئوچاق بېشىدا قويۇپ قويغان
ئاشنى شالاپشىتىپ ئىچىپ، موككىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى. ئۇ

ئانىسىنىڭ پات ـ پات كەچلىرى يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما نەگە بېرىپ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. بەزىدە ئەرلەر بىلەن قاش ـ كۆزىنى قىسىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالاتتى.

ئۇ چوڭ بولغانسېرى ئانىسىنىڭ قىلىقىدىن نومۇس قىلىدىغان بولدى. ئانىسى بىلەن بىللىمۇ ماڭمايتتى. ئەمما ئادەملەر ئۇنى هامان ئاشۇ يامان خوتۇننىڭ قىزى دەپ بىلىشەتتى. ئۇنىڭغا باشقىچە نەزەر بىلەن قارىشاتتى.

ئۇ ئەر چىقماي ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇپ قالدى. مەھەللىدىكى تەڭتۇش قىزلار ئاللىبۇرۇن بىر ئىككى بالىغا ئانا بولۇشقانىدى. ئۇ ئانچە سەتمۇ ئەمەس ئىدى. مەڭزى پىشقان ئالمىغا ئوخشايتتى. ئىككى ئۆرۈم چېچى كاسىسىدا پۇلاڭلاپ تۇراتتى. بەزى شاللاقراق ئەرلەر ئۇنى ئانچىكىم چېكىپ قويغانىنى هېسابقا ئالمىغاندا، بىرەرسى بوسۇغا ئاتلاپ ئۇنىڭغا ئەلچى بولۇپ كىرىپ باقمىدى.

كوزىنىڭ ئالدىراش هوسۇل يىغىش كۈنلىرىدە، مەھەللىدە ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەمچىلەر پەيدا بولۇپ قالاتتى. شۇ ئىشلەمچىلەرنىڭ بىرى ئۆزىچە ئۇنىڭ ئۆيىنى ئەگىيدىغان بولۇپ قالدى. يىگىت كۆرۈمسىز بولغىنى بىلەن قوۋ، چاققان كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئۇچۇن نەچچە كۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىپ يۈردى.

— خەق سېنى ئەگىپ يۈرگەندەك قىلىدۇ، — ئانىسى ئۇنىڭ قۇلىقىنى تولغىدى، — بىر ئامال قىلىپ ئۇنى كەلتۈرۈۋال، ئاندىن پېشىنى مەھكەم تۇت. بىللە قېچىپ كەتسەڭمۇ مەيلى!

ئۇ بىرەر ئەرنىڭ كەينىدىن قېچىپ كېتىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئەمما، ئانىسىنىڭ سۆزلىرى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قوي-

دى. ئۆزىنىڭمۇ يىراقلارغا بېرىپ باققۇسى بار ئىدى.

ئۇ يىگىت بىلەن تېزلا پۈتۈشتى، بىر كۈنى ئاتقا سۇۋال-مەستە بوغچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ، يىگىتنىڭ كەينىدىن ئەگى-شىپ مەھەللىدىن ئايرىلدى.

ئۇلار قامغاقتەك نە ـ نەلەردە قاڭقىپ يۈرۈشتى. ئەر دەس-لەپتە ئۇنىڭغا خېلى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئەمما، بىرلا تەرىپى بەكلا قۇۋ ئىدى. ھە دېسىلا خوتۇنىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزى بىكار لاغايلاپ يۈرەتتى. خوتۇنىنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇلىغا قىمار ئوي-ناپ ھاراق ئىچىپ يۈرەتتى. ئۇ يەتكۈچە جاپا تارتتى. دەسلەپتە بولارغا چىدىدى. كۆڭلى خاتىرجەم بولسىلا ئۇ قانچىلىك جاپا تارتىسىمۇ رازى ئىدى. ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، ئېرى يېڭى ـ يېڭى خۇيلىرىنى چىقارغىلى تۇردى. كۈندە دېگۈدەك ئۇرۇپ ـ تىللايدىغان بولۇۋالدى. ئاخىر بىر كۈنى تاياققا چىدىماي، ئەخ-لەتخانىنىڭ يېنىدىكى يوندا پۇراپ تۇرىدىغان، كاتەكتەك ئۆيى-دىن قېچىپ چىقتى. ئۇنىڭ بارىدىغان باشقا ماكانى يوق ئىدى. ئىلاجسىز يەنە ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ نەچچە كۈنگىچە نومۇس قىلىپ ئۆيىدىن سىرتقا چىق-مىدى. ئانىسى ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، بىر ـ ئىككى قېتىم بازارغا ئاپىرىپ كەلگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئانچە ـ مۇنچە سىرتقا چىقىدىغان بولدى.

ئانىسى ئۇنىڭغا ئۆزى بىر چاغلاردا كىيىپ يۈرگەن قىزىل دۇخاۋا كۆڭلەكنى بېرىۋەتتى. پۈتىدىكى ئايىغى ئانچە كونا ئە-مەس ئىدى. ئەمدى قىز چاغلىرىدىكىدەك ئۇزۇن ئىشتان كى-يىپ، ياغلىقنى چىكىلەپ تېڭىپ يۈرمىسىمۇ بولاتتى.

ئۇ ياسانسا خېلى چىرايلىق بولۇپ قالاتتى. بولۇپمۇ ئۇسما قويسا بەك يارىشاتتى. بىرلا يېرى، ئۇنىڭ چوكانلىقىنى ئىپادە

قىلىدىغان ئالتۇن زىرىسى يوق ئىدى. ئۇ بىر چاغلاردا، تويۇمدا چوقۇم ئالتۇن زىرە ئالغۇزىمەن دەپ خىيال قىلىپ يۈرگەندى. ئەمما، ئۇنىڭ يارىماس ئېرى ئۇنىڭغا ئالتۇن زىرە تۇگۇل، بىرەر دۇخاۋا كۆڭلەكمۇ ئېلىپ بەرمىدى.

ئۇ ئۆزى يالغۇز بازارغا باردى. بازاردا ئادەم مىغىلداپتتى. ئۇ زەرگەر دۇكىنىدا چىرايلىق، نەپىس ياسالغان ئالتۇن زىرىگە ئۇزۇنغىچە قاراپ كەتتى. زەرگەرنىڭ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ نېمىدۇر دېگۈسى بارلىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا دەرھال نېرى كەتتى. ئۇ رەخت بازىرىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن بىر مەھەللىلىك بىر نەچچە ئايالنى نېرىدىن كۆردى. ئۇنىڭ بىر نەرسە سېتىۋېلىش خىيالى يوق ئىدى. ئۇ بازارغا پەقەت ئىچى پۇشۇپ مەقسەتسىزلا كەلگەنىدى.

ئۇ بۇرۇتلۇق بىرسىنىڭ ئۆزىنى خېلىدىن بېرى ئەگىشىپ يۈرگىنىنى سېزىپ قالدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇ ئەرگە نەچچە قېتىم قاراپ قالدى. ئەر ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئاۋۇ ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەيلىمۇ؟

ئۇ ھودۇققىنىدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى. ئىختىيارسىز ئەرنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

ئۇلار يېرىمدىن لەڭمەن يېيىشتى. تاماق يەۋېتىپ ئەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ — تىكىلىپ قاراپ قوياتتى.

— بىزنىڭ ئۆي يېقىندىلا، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى. خوتۇنۇم تۇغۇتلۇق، ئانىسىنىڭ ئۆيىدە.

ئەر پوسۇققىدە شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ كىبلى دەرھال غىقلا بولدى.

ــ مەن ... مەن ... ئانام ئەنسىرەپ ... ــ ئۇ دۇدۇقلاپ كەتتى.

ــ ئانىلىرىمۇ بىللە كەلگەنمىدى؟ مەن ئەجەب كۆرمەپتىمەنا؟

ئۇ دەرھال گەپ ياسىدى.

ــ ئانام ھارۋىنىڭ قېشىدا قالغان. تېزرەك كەل دېۋىدى.

ــ ئەمىسە، كېلەر بازاردا كۆرۈشەيلىمۇ؟

ــ ماقۇل!

ئۇ ئاشخانىدىن بىرى قوغلىغاندەك ئىتتىكلا يېنىپ چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭ بازار چۆرگىلەشتىن رايى قايتقانىدى.

ئۇ يولنىڭ قاسنىقىدىن ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. كەينى تەرەپتىن بىرسى ۋېلىسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىنى كۆچەپ جىرىڭلاتتى. ئۇ كەينىگە قارىدى. ۋېلىسىپىتنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ قادىر كېلىۋاتاتتى. ئۇلار بىر مەھەللىلىك ئىدى. تېخى باشلانغۇچتا بىر سىنىپتا ئوقۇشقانىدى. ئۇ قادىرنىڭ ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ قەدىمىنى سەل ئاستىلاتتى. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن قادىر ۋېلىسىپىتنى توختاتماي، ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي غىرقىراپ كېتىپ قالدى. ئۇ قادىرنى ئىچىدە تىللىدى:

ــ ھۇ، ئۆلمىگۈر تاز. مېنى يامان خوتۇننىڭ قىزى كۆرسەتتى. دېگەن ئىدى.

ئۇ بازارغا بارغانلىرىدا، يولدا كېتىۋاتقانلىرىدا ئەر خەقلەرنىڭ ئۆزىگە قايرىلىپ قاراپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇنىڭ كاسىسى خېلىلا تولغانىدى. كۆكسى قىزىل دۇخاۋا كۆڭلىكىدىن بۆرتۈپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك بېشىنى

يەردىن كۆتۈرمەي ماڭىدىغان تارتىنچاق قىز ئەمەس ئىدى . ئۇ كاسىسىنى سەلگىنە تولغاپ ماڭاتتى . قېشىغا قاپقارا قاشلىق ئېتىۋالاتتى . چېچىغا قىستۇرۇلغان رەڭلىك تارغىقىنى ياغلىقتىن سەلگىنە چىقىرىپ قوياتتى .

ئۇنىڭ ئۆيىنى ئەگىپ كېتەلمەيدىغانلار كۆپەيگىلى تۇردى . كېچىسى كىملەردۇر ئۇنىڭ ئۆگزىسىگە چالما تاشلاپ ئۇيقۇسىنى بۇزاتتى . ئۇنى ئەگىيدىغانلارنىڭ ئارىسىدا بويتاق ئەرلەرمۇ ، خوتۇن - بالىلىرى بارلارمۇ ، تېخى ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەرمۇ بار ئىدى . ئانىسىنىڭ دېگىنى توغرا ئىدى . ئۇنىڭ يۈزى ئېچىلدى . ئەمدى ئەر ئۇنى ئەمەس ، ئۇ ئەرنى تاللىيالايتتى .

ئۇ كىملەرنىدۇر ئۆزىگە لايىقتەك ھېس قىلاتتىيۇ ، يەنە تېزلا نىيىتىدىن يېنىۋالاتتى . ئۇ ئەمدى بۇ قېتىم يەڭگىللىك قىلالمايتتى . ياخشى بىر ئەرنى تاللىشى كېرەك ئىدى . ياخشى ئەردىن بىرىگە تېگىپ ، ئۆمۈرۋايەت شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم ئۆتسەم ، دەپ ئويلايتتى .

بىر كۈنى ، ئۇ قوناقلىقتا ئوت ئېلىۋاتاتتى . كەينى تەرىپىدىن شاراق – شۇرۇق ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇ چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى . قادىر ئۇنىڭ يېنىدىلا تۇراتتى . ئۇ ھودۇققىنىدىن كەينىگە يېنىشىنىمۇ ئۇنتۇپ ، جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى .

— ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى .

قادىرنىڭ تىنىقى ئۇنىڭ يۈزىگىلا ئۇرۇلدى . ئەمما ئاۋازى تولىمۇ يىراقتىن ئاڭلاندى . ئۇ سەلگىنە ئېسىگە كەلدى . كەينىگە ئاستا ياندى .

— توختا ! — قادىر ئۇنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى . ئۇنىڭ قوللىرى غاراسلاپ كەتتى ، — ساڭا كۆيۈپ قالدىم . ماڭا ماقۇل دېگىن !

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قادىرغا چەكچەيگىنىچە قاراپ قالدى. قادىرنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلگەنىدى، كۆزلىرىدىن بىر ئوت لاۋۇلداپ ياناتتى.

— ماقۇلمۇ؟ — قادىرنىڭ يەنە بىر قولى ئۇنىڭ يەلكىسىنى تۇتتى. ئۇ تېخىچە گاڭگىراپ تۇراتتى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قېتىپ قالغاندى.

— يالغان! — ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ، ئۆزىمۇ تىترەپ كەتتى. ۋۇجۇدىنى ئاچچىق يىغا قاپسىدى.

— خۇدا ھەققى! — قادىر ئۇنىڭغا تېخىچە مىختەك قادىلىپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ لاغىلداپ تىترەپ، بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

— ياق! — ئۇ ھالسىزغىنا ئۆزىنى كەينىگە تارتتى. بېشىنى توختىماي لىڭشىتاتتى.

— نېمىشقا؟ — قادىرنىڭ قولى تېخىچە ئۇنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى، — ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسەن؟

— سەن ... سەن بۇرۇن نېمىشقا ... — ئۇ راستىنلا يىغلاپ تاشلىدى. يىغا تەسىرىدىن گەپ بوغۇزىغا قاپلىشىپ قالدى.

— مەن بۇرۇن ساڭا گەپ قىلىشقا پۇرسەت تاپالمىدىم. كېيىن سەن مەھەللىدىن تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتىڭ. ئەمدى قايتىپ كەلدىڭ. بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، — قادىر ئۇنىڭ مۇرىسىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭغا بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ئۇ قادىرنىڭ سۆزىنىڭ قىپقىزىل يالغان ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتى. ئەمما ئىنكار قىلىشقا جۈرئىتى قالمىغانىدى. ئۇ قىز چاغلىرىدا قادىرنىڭ ئۆزىنى بۇزۇق خوتۇننىڭ قىزى دەپ ئانچە

ياراتمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار قانچە قېتىم يالغۇز ئاياغ يوللاردا ئۇچرىشىپ قالدى. ھەتتا چىڭقى چۈش مەزگىللىرىدە ئۇ نەچچە قېتىم قادىرنىڭ خامىنى ئالدىدىن قەستەن ئۆتۈپ باقتى. ئەمما، قادىردىن ھېچبىر ئىنكاس بولمىدى. ئۇ قادىردىن شۇ چاغلاردىلا ئۈمىدىنى ئۈزۈۋەتكەنىدى.

ئۇ بارغانسېرى بوششىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما ئىسى جايىدا ئەمەس. جەينىكى بىلەن قادىرنى ئىتتەرگىنىچە تۇراتتى.

— ماڭا ئىشەن. مەن ساڭا راستتىنلا كۆيۈپ قالدىم! — قادىر توختىماي كۆڭۈل ئىزھار قىلاتتى. ئۇنىڭ تىنىقى قىزىق ئىدى، — نەچچە ۋاق بولدى، سېنى ئەگىشىپ يۈرگىلى. بۈگۈن ئاران يالغۇز ئۇچراتتىم. مېنى بۇنچە كۆيدۈرمە، ماقۇلمۇ؟

— ياق! — ئۇنىڭ ئاۋازى، قوللىرىمۇ بارا- بارا بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئەمسە، بىرنى سۆيۈۋالاي، پەقەت بىرنى.

— ياق!

قادىر ئۇنى بىرلا سىلكىپ ئالدىغا تارتتى. بوينىنى قايرىپلا ئۇنىڭ ياش يۇقى لەۋلىرىگە كۈچ بىلەن سۆيدى.

ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى قىپقىزىل بىر نۇر ئاستىدا كۆردى. بۇ قىزىللىق ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكتىنمۇ قىزىل ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە ھېچقاچان بۇنداق جۇلالىق، بۇنداق ئوتقاشتەك قىزىل نۇرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ بەدىنى بوششىپ، بارا- بارا ئاشۇ قىزىللىققا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار ئىككىنچى قېتىم چىڭقى چۈشتە، قادىرنىڭ بېغىنىڭ ئارقىسىدىكى سامانلىقتا ئۇچراشتى.

— سېنى ئالىمەن — دېدى قادىر ئۇنىڭ سامانغا ئارىلىشىپ كەتكەن چاچلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ.

— راستما ؟ — ئۇ خۇشلۇقتىن يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى ، — ئەمىسە قاچان ئادەم كىرگۈزىسەن ؟

— ئالدىرىما ، تويىنى خۇدا بۇيرۇسا كېلەر يىلى كۈزدە قىلىمىز .

كېلەر يىلى كۈز تولىمۇ تەستە كەلدى . قادىرنىڭ ئۆيىدىكىلەر راستتىنلا تويغا تۇتۇش قىلىشتى . ئەمما توي ئۇنىڭ بىلەن ئەمەس ئىدى . ئۇ توپتوغرا بىر كېچە يىغلاپ چىقتى .

— ھۇ ، گېپىڭدە تۇرمايدىغان يالغانچى ، — ئۇنىڭ قادىرنى چايناپ پۇركۈۋەتسىمۇ دەردى چىقمايتتى .

— ئاتا - ئانام پەقەت ئۇنىمسا مەندە نېمە ئامال ؟ سەن دېگەن چوكان تۇرساڭ .

— سەن ئۆزۈڭنى يىگىت چاغلامسەن ؟ سەنمۇ نىكاھ ئوقۇتۇپ توي قىلمىغىنىڭ بىلەن ئەر بولۇپ بولدۇڭمۇ ؟

— خەققە ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ - دە ! خەق يىگىت تۇرۇپ چوكان ئالدى دەپ زاڭلىق قىلىدۇ .

— چوكان بولسام نېمە بوپتۇ . ئاشۇ قارىۋاي ھەلىمەكتىن نەرىم كەم مېنىڭ ؟

— ئۇنى سېنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىڭغىمۇ تەڭ قىلمايمەن . راستتىنلا ، — قادىر گەپكە ئۇستا ئىدى . ئۇنى ئاستا - ئاستا ئېرىتىشكە باشلىدى ، — مەن توي قىلغىنىم بىلەن كۆڭلۈم يەنىلا سەندە . قاراپ تۇر ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىمەن . ئۇ چاغدا ئاتا - ئانامۇ ، خەقمۇ ھېچ نەرسە دېيەلمەيدۇ . موككىدە سېنى ئالىمەن .

— گېپىڭ راستمۇ ؟ — ئۇ راستتىنلا سىمابتەك ئېرىپ كەتتى .

— خۇدا ھەققى ! سېنى ئالدىسام ئادەم بولماي كېتەي !

ئۇ كۈتۈشكە باشلىدى. قادىر توي قىلىپ يېرىم يىلغىچە ئۇنىڭغا قارىسىنى كۆرسەتمىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى. ئەمما، قادىرنىڭ ۋەدىسى ھامان ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى.

قادىر ئۇنى يەنە ئىزدەپ كەلدى.

— بۇ خوتۇن قورسىقىدىكىنى تۇغۇپ بولسىلا يولغا سېلىۋېتىمەن، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭغا بىر تۇرۇپ قادىرنىڭ گەپلىرى يالغاندەك، ئۇنى ئالداۋاتقاندەك بىلىنەتتى. يەنە بىر تۇرۇپ، بۇ گەپلەر راستتىنلا ئۇنىڭ يۈرەك سۆزىدەك، قادىر ئۇنى راستتىنلا ياخشى كۆرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

قادىرنىڭ قارىۋاي خوتۇنى پات - پات قورسىقىنى پومپايتىپ، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ قالاتتى.

— ھۇ، ئۆلمىگۇر قارىۋاي، — ئۇ بۇ ئايالنى ئىچىدە تىللايتتى، — قادىرغا چىڭگىدە چاپلىشىۋالغۇچە يولۇڭغا ماڭساڭچۇ، خەپ، ئاشۇ شۇمتىكىڭنى تۇغۇپ بولە قېنى.

قادىرنىڭ خوتۇنى قوشكېزەك ئوغۇل تۇغۇۋەتتى. قادىرنىڭ ئاتا - ئانىسى نەۋرىلىرى ئۈچۈن ئاتايىن بۆشۈك تويى ئۆتكۈزدى. قادىرنىڭمۇ خۇشلۇقتىن ئېغىزى قۇلىقىغا يەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ نەگىلا بارسا ئوغۇللىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ ماختىنىپ يۈرگىنى يۈرگەندى.

ئۇنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرى يوققا چىققاندەك بوشىشىپلا كەتتى. ئۆزىچىلا تاماقتىن قېلىپ شۇمۇۋالغاندەك بولۇپ قالدى. ئانىسى ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر قانچە قېتىم بازارغا ئاپىرىپ كەلدى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ئۇ ئاشۇ قوشكېزەك ئوغۇلنى ئۆزىنىڭ بالىسى بولسىچۇ دەپ

www.uyghurkitap.com

ئويلاپ كېتەتتى . ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئۇ قادىرنىڭ خوتۇنى بولالايتتى. قادىرمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى. ئۇ قادىرغا بىر جۈپ ئەمەس، نەچچە دېسە شۇنچە بالا تۇغۇپ بېرەتتى. چوقۇم قادىرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ياخشى خوتۇن بولالايتتى.

قادىرنىڭ قوشكېزەك ئوغلى ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇۋاتاتتى . ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا بۇ باللارغا دىققەت قىلىپ قالاتتى . باللار بىر ـ بىرىدىن ئوماق ئىدى . كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى . ئۇمۇ بۇ باللارغا ئامراق بولۇپ قېلىۋاتاتتى . باللارنى تۇتۇۋېلىپ قاسماق بېسىپ كەتكەن يۈزلىرىگە سۆيۈۋالغۇسى كېلەتتى . مۇشۇ باللار مېنىڭ بولغان بولسا ... ئۇ دائىم شۇنداق خىيال قىلاتتى . ئۇنىڭ بەزىدە تۇرۇپ بۇ باللارغا ئۆچلۈكى كېلەتتى . مۇشۇ كىچىككىنە شۇمتەكلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بارلىق ئۈمىدىنى يوققا چىقىرىۋەتكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى .

ئۇنى ئەگىشىدىغانلار يەنە خېلى بار ئىدى . ئانىسى ئۇنىڭغا هېلى ئۇنى، هېلى بۇنى تونۇشتۇرۇپ ئارام بەرمەيتتى . ئەمما ئۇنىڭ هېچقايسىسىغا كۆڭلى يوق ئىدى . ئۇ بەزىدە چىرايلىق ياسىنىپ بازارغا بېرىپ كېلەتتى . هېلىقى قىزىل دۇخاۋا كۆڭلىكى سەل كونىراپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا بەكلا يارىشاتتى . ئەرلەر ئۇنى ئەگىپ گەپ تاشلاپ بېقىشاتتى .

بىر كۈنى، ئۇنىڭ دادىسى ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ موكلا يىقىلغانچە، ئەتىسى بامدات نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ يەرلىكىدە ياتتى . دادىسىنىڭ ئۆلۈمى شۇنداق تۇيۇقسىز بولدىكى، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن گاڭگىراپلا قالدى . بوۋاي ئۆيىنىڭ بەرىكىتىنى بىللە ئېلىپ كەتكەندەك قىلاتتى . نەچچە ئايغا قالماي ئۆيدە بوران ئۇچۇشقا باشلىدى . ئانىسى ئۆزىچىلا ياۋاشلىشىپ كەتتى . بۇرۇنقى نوچى تۇرقىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . نەچچە كۈندىلا جۈدەپ موماي

سىياقىغا كىرىپ قالدى . ياغلىقىنى پېشانىسىگىچە تېڭىپ بەش ۋاخ نامىز ئوقۇپ بۇۋۇم بولۇپ كەتتى . ئۇ بەزىدە ئانىسىنىڭ جايىنامازدا ئولتۇرۇپ ، تارامىلاپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتى .

ئېتىزنىڭ ئىشلىرى ئەمدى ئۇلارغا قالغانىدى . ئانا ـ بالا ئوبدانلا جاپا تارتىشتى . ئانىسى تېخىمۇ جۈدەپ ، ئورۇقلاپ كېسەلچان بولۇپ قالدى . ئېشەك هارۋىسىغا قىغنى ئۇسۇپ ، ئاۋاق ئېشەكنى ساۋاپ ـ سۆرەپ دېگۈدەك ئېتىزغا قىغ ئاپىرىش ئەمدى ئۇنىڭغا ئوبدانلا هار كەلدى .

ئېتىزنىڭ ئىشلىرى كۈندە چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئەمدى ئوسما قويۇپ ياسىنىپ ، بازارغا بېرىپ چۆرگىلەپ كېلىشكىمۇ چولىسى تەگمەيتتى . قىزىل دۇخاۋا كۆڭلىكىنى ئېشەك هارۋىسىنىڭ يان ياغىچىدىكى پۇتاق ئىلىۋېلىپ يىرتىلىپ كەتتى . ئۇ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى . كېيىن ساتقاندا چوقۇم بىر كۆڭلەكلىك دۇخاۋا ئالىمەن دەپ ئويلاپ ، يەنە ئۆزىنى بەزلىدى .

بىر كۈنى ، ئانىسى ئۇنى يېنىغا چاقىردى . كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى .

ــ بالام ، مەن سېنىڭ بەختىڭگە ئولتۇرۇپ قويدۇم ، مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئەردىن تەلىيىڭ چىقمىدى ، ــ ئانىسى يەنە تۆكۈلۈپ يىغلاپ كەتتى . ئانىسىنىڭ ياش بىلەن نەمدەلگەن يۈزى ئاجايىپ پاكىز ، چىرايلىق ئىدى . ئۇ هېچقاچان ئانىسىنىڭ بۇنچىلىك سۆيۈملۈك چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى ، ئانىسىنى ئەزەلدىن ئۆزىگە بۇنچىلىك يېقىن هېس قىلىپ باقمىغانىدى ، ــ ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، داداڭ ئۆلۈپ كېتىپ بىزنىڭ هالىمىز خارابلىشىپ كەتتى ، بىر ئۆيدە زادى ئەر زاتى بولمىسا بولمايدىكەن ، ئېتىزنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىدىغانغىمۇ بىر ئەر كېرەك ئىكەن . بۇ يىل هەتتا باغقىمۇ سۇ باشلىيالماي ، مېۋىلەرنى قۇرۇ-

تۇپ قويدۇق . شۇڭا مۇۋاپىق بىرسىنى تېپىپ توپۇڭنى قىلىۋالايلى . ياشتا چوڭراق بولسىمۇ مەيلى . بىرگە ئىچ كۆيۈنگۈل بولسا تېخى ياخشى .

— ماقۇل ! — ئۇ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ماقۇل بولدى .

ئۇ ئۆزگە قانات سۆرەپ يۈرگەنلەرنى بىر - بىرلەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى . قادىرنى ، قادىرنىڭ ئۆزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئەسلىدى . ئۇ قادىرنى كۆرمىگىلى ئۈزۈن بولغانىدى . دادىسىنىڭ نەزىر كۈنى قادىر ئانچە - مۇنچە ئىشلارغا قارىشىپ بېرىپ يۈرگەندەك قىلىۋىدى ، كېيىن يوقاپلا كەتتى .

ئۇ قادىرنىڭ ئالدىنى يولدىلا توستى .

— گېپىڭنى ئوچۇق قىل ! خوتۇنۇڭغا تۇرامسەن ؟ ماڭمامسەن ؟

قادىر ئالا سېرىق بولۇپ گەدىنىنى قاشلىدى .

— مېنىڭچە بولسا ساڭىلا تۇرغۇم بار ئىدى . ئەمما شۇ خوتۇن تۇغۇمچى چىقىپ قالدى . ھايت دېسەملا ، باللار يېتىم ... ئەمما ، مەن يەنىلا سېنى ...

— ئەر بولغۇچە ئۆل ئىلاھىم ! — ئۇ ئىچ - ئىچىدىن قاپسىۋالغان يىغىسىنى يۇتۇۋېتىپ ، ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى - دە ، ئېتىزنىڭ قىرى بىلەن يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى .

ئۇ ئېتىزنىڭ ئىشلىرىغا كۆنۈپ كەتتى . ئەرلەر بىلەن تەڭ ئورما ئورۇيتتى . كەتمەن چاپاتتى . كالا قېتىپ قوش ھەيدەيتتى . ئىشقىلىپ ، ئەرلەر قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىلا قىلاتتى .

ئۇنىڭ يۈزى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايدى . قوللىرى قارىيىپ يىرىك بولۇپ كەتتى . بەدىنى تېخىمۇ تولۇپ چىڭىدى . يېزىنىڭ توپىلىق يوللىرىدا ئەمدى بۇرۇنقىدەك كاسسىنى تولغاپ ئەمەس ،

گۆس ـ گۆس دەسسەپ يالاڭ ئايىغ ماڭاتتى .
چىڭقى چۇش . ھاۋا ئوتتەك قىزىق ئىدى . ئۇ خامانىدا بۇغداي ئۆنچىسى ئۈستىدە ياتاتتى . كۈن ئۇنىڭ يۈزىنى پىژىلدىتىپ كۆيدۈرۈۋەتتى . جاپا تارتقىنىغا يارىشا ئۇنىڭ بۇغدىيى بەكلا ئوخشىدى . ئۇ بۇغداي ـ گۈرۈچ توشۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلىپ تۈگەتتى . ئەتىگەندىن بېرى ، بۇغداي ئۆنچىسنى ئۆرۈپ ئاپتاپقا يايدى . ئۇھ دېگۈدەك ھالىمۇ قالمىدى . مەھەللىدىكىلەر چۈشلۈك ئۇيقۇغا كەتكەندە ، ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتكۈسى كەلمىدى . ئۆزىنى ئۆنچە ئۈستىگە ئوڭدىسىغىلا تاشلىدى .
ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يېپيېڭى قىزىل دۇخاۋا كۆڭلەك بار ئىدى . بۇ كۆڭلەك يىرتىلىپ كەتكەن ھېلىقى كۆڭلىكىدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق ئىدى . قىزىل گۈللىرىنىڭ ئۈستىدە چېكىم ـ چېكىم ياقۇتلار بار ئىدى . بۇ ياقۇتلار كۈن نۇرىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقنايتتى .
قادىرنىڭ خامىنى نېرىدىلا ئىدى . ئۇ قادىرنىڭ چۈشلۈكى ئۇخلىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى .
كۈن نۇرى ئۇدۇل ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى . ئۇ ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە كۆزلىرىنى يۇمدى . ئاسمانغا قىپقىزىل نۇر يېيىلدى . بۇ قىزىل نۇر ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكتىنمۇ قىزىل ئىدى . ئاشۇ قىزىل نۇر ئىچىدە قادىر ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى ...

www.uyghurkitap.com

## ئېزىتقۇ

نەچچە كۈندىن بېرى، ئاسماندىن توپا يېغىۋاتاتتى. بۇ يەرنىڭ توپىلىرى قۇمساڭغۇ سېرىق ئىدى. قۇرغاق شامال ئاچچىق توپىلارنى نە ــ نەلەرگىچە ئۇچۇرتۇپ يۈرەتتى. توپا قاڭسىق پۇرايتتى. دىماغلارنى ئېچىشتۇراتتى. دەل ــ دەرەخ، زىرائەت يوپۇرماقلىرىنى بىر قەۋەت توپا قاپلاپ كەتكەنىدى. ئادەملەرنىڭ كىيىم ــ كېچەكلىرى ھەتتا چىرايىدىنمۇ توپا تۆكۈلەتتى. بۇ سېرىق توپىلار يېپىشقاق ئىدى. يۇسىمۇ ئاسانلىقچە چىقىپ كەتمەيتتى. توپا بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچىكىگە، چىرايىغىلا ئەمەس، ھەتتا تىنىقىغىچە سىڭىپ كەتكەنىدى.

بىر توپ بالىلار ماللىرىنى ھەيدەپ قويۇپ بەخىرامان ئويناۋاتاتتى. بۇ يەر كەڭرى كەتكەن تۈزلەڭلىك ئىدى. بۇ ئەتراپتا قويۇق ئوت - چۆپلەر يوقلۇقىغا قارىماي، مەھەللىدىكى بالىلار قوي - كالىلىرىنى ھەر كۈنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ چىقىپ قويۇۋېتىشكە ئامراق ئىدى، ماللار نېرىغا كەتمەيتتى، ئەتراپتا ئاندا - ساندا ئۆسۈپ قالغان جىغان، يانتاق، يۇلغۇنلارنى، قىتمالىشىپ كەتكەن پاكار - پاكار جىگدىلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ھەتتا شاخلىرىنىمۇ ئىزدەپ تېپىپ يەپ ئوتلىشاتتى. شۇڭا ئۆيدە ئالاھىدە بورداپ باققاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەرنىڭ قوي - كالىلىرىمۇ ۋىجىك، ئاۋاق ئىدى.

بالىلار چېلىشىۋاتقان ئىككى بالىنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ

قى ـ چۇ قىلىپ ۋارقىرىشاتتى . شامال توپىلارنى ئۇچۇرۇپ ئۇلار-نىڭ يۈزلىرىگە ، كۆزلىرىگە ئۇراتتى . ئەمما بالىلار بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى . ئۇلار توپا ـ چاڭغا كۆنۈپ كەتكەنىدى .

شامال سەل كۈچەيدى . ئۇششاق ـ ئۇششاق شېغىللارنىمۇ ئۇچۇرۇشقا باشلىدى . بالىلار تېخىچە ئويۇن بىلەن بەند ئىدى . بىردىنلا چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى . قويلار مەرىشىپ كەتتى . با-لىلار ئويۇنلىرىنى توختىتىپ قاراشتى . دەھشەتلىك بىر قارا قۇيۇن تۈزلەڭلىكتە چۆرگىلەپ يۈرەتتى . قۇيۇن مۇناردەك يۇمىلاق ، ئاسمانغا تۇتاشقۇدەك ئېگىز ئىدى . ئۇ شىددەت بىلەن چۆرگى-لەيتتى ، تاپىنى تەگكەن يەرنىڭ توپىسىنى ، تاش ـ داشقاللىرىنى پاك ـ پاكىز ئۇچۇرۇپ ، ئۇدۇل ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى .

بالىلار قويلىرىنىڭ قۇيۇن ئارىسىدا قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتاتتى . قارا قۇيۇن چۆرگىلەپ قوي ـ كاللارنىڭ يېنىغا كەلدى . خۇددى ئۇلجا ئىزدەۋاتقاندەك ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلى-نىشقا باشلىدى . بىر بالا يېڭى تۇغۇلغان قوزىسىدىن ئەنسىرەپ يىغلاشقا باشلىدى .

ــ ۋاي ئىست ، مېنىڭ قوزامنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان بولدى . ئەمدى قانداق قىلاي ؟ دادام ئۇرىدۇ مېنى .

ــ قورقما ! ــ چوڭراق بالا ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى ، ــ قۇيۇن ھەرقانچە يامان بولسىمۇ ، ھەرگىز قوزاڭنى ئۇچۇرۇپ كېتەلمەيدۇ .

ــ قۇرۇق گەپ ، ــ بىر قانچە بالا تەڭلا ئۇنى ئورىۋال-دى ، ــ كۆرمىدىڭمۇ ، ھەر يوغان تاش ـ داشقاللارنى ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتىدىغۇ . ئاشۇ ئاۋاق قوزىنى ئۇچۇرۇپ كېتەلمەمدا ؟

قۇيۇن يىراقلاپ كەتتى . ئەمما بالىلار قىزىشىپ قالدى .

— ھەرگىز ئۇچۇرۇپ كېتەلمەيدۇ .

باللارنىڭ ھەممىسى تۇشمۇتۇشتىن ئۇنىڭغا ئولىشىۋالدى .

— ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ . قوزىنىلا ئەمەس ، سېنىمۇ ئۇچۇرۇپ كېتەلەيدۇ . نوچى بولساڭ سىناپ باقە قېنى ؟

قۇيۇن يەنە چۆرگىلەپ ئۇلار تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى . باللار ئۇنىڭغا قارىشىپ تۇراتتى . بۇ بالا يېشى چوڭ بولغىنى بىلەن بەكمۇ ئاۋاق ، ۋىجىك ئىدى . باياتىنقى چېلىشىشقىمۇ قاتنىشالماي بىر چەتتە تۇرۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ بىردىنلا باللارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلدى . ئۆزىدىن كىچىك شۇمتەكلەرنىڭ ئالدىدا گەپتە يېڭىلىپ قالغانىدىن كۆرە ، سىناپ باقسا نىمە يامىنى ؟

ئۇ بىردىنلا قۇيۇن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى . قۇيۇن ئاجايىپ تېز چۆرگىلەيتتى . ئۇنىڭ قۇيۇننىڭ كەينىدىن يەتمىكىمۇ خېلى تەسكە چۈشتى . ئۇ يەڭگىل بولغىنى ئۈچۈن خېلى تېز يۈگۈرەيتتى . ئۇ قۇيۇننىڭ كەينىدىن ئون مېتىر ئارىلىقتا قوغلاپ كېتىۋاتاتتى . قارا قۇيۇن تۇيۇقسىز كەينىگە ياندى . دەھشەت بىلەن ھۆركىرىگىنىچە ئۇنى يالماپلا قوينىغا ئالدى . تاش ـ داشقاللار بىلەن قوشۇپ پىرقىرىتىپ ئۇچۇرۇپ ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئاسماننىڭ قەھرىگە ئاچىقىپ كەتتى .

باللار دەسلەپتە ئېغىزلىرىنى ئېچىشقىنىچە ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى . بىر ـ بىرىگە چۆچۈپ ـ چۆچۈپ قاراشتى . ئاندىن قىيا ـ چىيا بىلەن مەھەللە تەرەپكە يۈگۈرۈشتى . چوڭلار ئاڭلاپ ھەيران بولۇشمىدى . پەقەت ياقىسىنى چىشلەپ توۋا دەپ قويۇشتى . ئۇنىڭ يالغۇز تۇل ئانىسى بۇ خەۋەردىن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى . ياقىسىنى يىرتىپ يىغلىدى . مەھەللىدىكىلەر ئەتىسى ئۇنى يوقلاپ كىرىشكەندە ، ئانىسىنىڭ ئاللىبۇرۇن سوۋۇپ كەت-



www.uyghurkitap.com

كەن جەسىتىنى كۆرۈشتى. يۈيۈپ - تاراپ يەرلىكتە قويۇشتى.

* * *

ئۇنىڭ ئىسمى روزاخۇن ئىدى. ئۇلۇغ رامىزان ئايلىرىدا تۇغۇلغىنى ئۈچۈن، ئانىسى ئۇنىڭغا شۇ ئىسىمنى قويغانىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، مال باققىلى چىققان ھېلىقى باللار روزاخۇننى تېپىپ كېلىشتى. باللار يىراقلارغا ئوتلاپ كەتكەن ماللىرىنى يىغىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، ئازگالنىڭ ئىچىدە تۈگۈل-گىنىچە ياتقان روزاخۇننى كۆرۈپ قېلىشقانىدى. ئۇنىڭ چىرايى تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغان، كىيىملىرى تىتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۈچ كۈنگىچە شۇ ھالەتتە ھوشسىز ياتتى. تۆتىنچى كۈنىگە كەلگەندە كۆزىنى ئاچتى. ئەتراپىدىكى-لەرنى كۆرۈپ ئۈمچەرەپ يىغلىدى. سايىت موللىنىڭ قىزى ئېتىپ بەرگەن ئۈگرىنى ئىچىپ سەل - پەل ماغدۇرىغا كەلدى.

— قويۇن سىېنى نەگە ئاپاردى؟ — ئەتراپتىكىلەر تۇش-مۇتۇشتىن سوراشتى.

— ھېچ يەرگە. قويۇننىڭ ئارىسىدا پەقەت تۈگمەن تې-شىدەك پىرقىرىغىنىم ئېسىمدە. باشقا ھېچ نەرسە ئېسىمدە يوق. راستىنلا...

ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھېچكىم ئىشەنمىدى. باشلىرىنى چاي-قىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

ئۇ نەچچە كۈندىن كېيىن، سەل ئەسلىگە كېلىپ ئۆز ئۆ-يىگە كەتتى. ئۇنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى قەبرى ئۆجمە-نىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇ ئېسىنى بىلگەندىن بېرى، ئانىسى بىلەن مۇشۇ ئۆيدە تۇراتتى. بۇرۇن بۇ يەر خېلى زىچ مەھەللە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

باشقىلار چوك ئۆستەك بويىغا يېڭى ئۆيلەرنى سېلىپ، كۆچۈپ كەتتى . ئەمدىلىكتە بۇ يەردە پەقەت ئۇنىڭ بىر يانغا قېيسىيىپ قالغان يالغۇز ئۆيىلا قالغانىدى .

ئانىسىنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭغا بەكلا بىلىندى . نەچچە كۈنىگىچە قورقۇپ ئۇيقۇسى كەلمىدى . شىپىر ـ شىپىر ئاۋازلاردىن قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلاتتى . جىن چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇپ ئۆرە ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدى . كېيىن بارا ـ بارا كۆندى ، ئانچە قورقماس بولۇپ قالدى ، ئەمما ئۇنى يالغۇزلۇق قىيناپتتى .

مەھەللىدىكىلەر نېمىشقىدۇر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى . چوڭ ـ كىچىك ھەممىيلەن ئۇنىڭغا يوچۇنلا نەزەردە قارىشاتتى . كىچىك باللار تۆگۈل تەگتۈشلىرىمۇ ئۇنى كۆرسىلا نە ـ نەلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى . ھېچكىم ئۇنىڭغا گەپ قىلمايتتى . ئۇ بۇنىڭدىن شۇنچىلىك بۇرۇقتۇم بولدىكى ، بىر مەزگىل گاڭگىراپ ساراڭلا بولۇپ قالدى . بارا ـ بارا بۇنىڭغىمۇ كۆندى . ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئادەم خالايتتى . يالغۇزلۇق ئۇنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتەتتى .

تۈن قاراڭغۇسى ئىدى . تۆگلۈكتىن ئاي ـ يۇلتۇزلار تۆگۈل كىچىككىنە يورۇقلۇقمۇ كۆرۈنمەيتتى . كېچە شۇنچىلىك جىمجىت ئىدىكى ، قوڭغۇز ـ چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرىمۇ ، سالما ـ پاتمىچۇقلارنىڭ شىپىرلاشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى . ئىشىك ئاۋازسىز ئېچىلدى ، بىر پارچە ئوت لاۋۇلداپ كۆيگىنىچە ئۆيگە كىرىپ ، ئۆينى يورۇتقىنىچە ئۇدۇل ئۇ ياتقان سۇپىنىڭ لېۋىگە باردى . روزاخۇن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى . بېشىدا قاراپ تۇرغان قىزنى كۆردى . قىز بىر قارىسا سايىت موللىنىڭ قىزىغا ، بىر قارىسا ئۇ كىنولاردا كۆرگەن ناياق خېنىملارغا ئوخشايتتى . قىزنىڭ مۇرىسىدە يېيىلىپ تۇرغان چېچى بىر قارىسا قىزىل ، بىر قا-

رىسا سىرىق، بىر قارىسا قارا كۆرۈنەتتى. ئاپئاق بەدىنى كۆرۈ-نۈپ يالىڭاچ دېگۈدەكلا تۇراتتى.

— سەن... سەنْ كىم بولىسەن؟ — روزاخۇنىنىڭ كۆزى قورقۇنچتىن چەكچىيىپ، سەلگىنە كەينىگە داجىدى.

— مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز، — قىز شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. قىزنىڭ تولغان كۆكسى راسا پىشقان ئال-مىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىردىنلا كۈچلۈك ئىنتىلىش قوزغالدى. قىزنىڭ قولىنى ئاستاغىنا تۇتتى. ئۆمرىدە ئايال زاتى-نىڭ قولىنى تۇتۇپ باقمىغانىدى. بۇ قول مۇزدەك سوغۇق، بار-ماقلار ئۇزۇن، تىرناقلار ئۆسۈك ئىدى. ئۇنىڭ تېنىگە جۇغىدە تىترەك ئولاشتى. قىز ئاللىبۇرۇن يوتقانغا كىرىپ بولغانىدى. قىزنىڭ كۆكسى ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە تېگىشى بىلەنلا ئۇ ئېزى-تىپ تۈگەتكۈسىز راھەتتىن ئەس-ھوشىنى يوقاتتى. كېيىن ھېچنېمىنى سەزمىدى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئۇ ئويغاندى. خوتۇنى ئۆيدە ئاۋازسىز مېڭىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئالدىغا لېگەندە ئۇششاق توغرالغان گۆش ئەكەلدى. ئۇ ھەيران قالدى، ئۆيدە گۆش يوق ئىدى. بۇ خوتۇن گۆشنى نەدىن تاپتىكىنە؟ ئۇنىڭ قورسىقى گۆشنى كۆرۈپلا كورۇلداپ كەتتى. سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ گۆشنى ئىشتىھا بىلەن تازا يېدى-دە، راھەتلىنىپ كېرىلدى. خوتۇنى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى.

— مەن پەرىزات. سىز ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، مەن ئا-دەمزات ئارىسىدىن سىزنى ئەر قىلىپ تاللىدىم. مېنى سىزدىن باشقا ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ. سىز مېنىڭ بۇ ئۆيدە ئىكەنلىكىمنى ھېچكىمگە ئېيتىپ سالماڭ! — خوتۇنى شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا قايتا-قايتا جېكىلىدى.

بىر كۈنى ، مەھەللىدە سېكرېتارنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىر-
گەنلىكى ھەققىدە گەپ ـ سۆز تارقالدى . سېكرېتارنىڭ خوتۇنى
ئاغزىنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ ئوغرىنى قارغايتتى .

— پۇرچاققا دۇئا ئوقۇتۇپ چىلاپ قويدۇم . يەنە ئۈچ
كۈندىن كېيىن پۇرچاق ئېسىلغاندا ، ئوغرىنىڭ قورسىقىمۇ ئېسى-
لىپ ۋاككىدە يېرىلىپ ئۆلىدۇ . ئۆلسۇن ! ئوغرىنىڭ جازاسى شۇ .
خۇدا بۇيرۇسا ئۈچ كۈندىن كېيىنلا ئوغرىنىڭ ھالىغا ۋاي ، ئۆ-
لىدۇ ، تىن تارتمايلا چوقۇم ئۆلىدۇ ...

مەھەللىدىكى بەش ـ ئالتەيلەن ئوغرى ھەققىدە ھەر خىل
پەرەزلەرنى قىلىپ پاراڭلىشىپ تۇراتتى ، روزاخۇنمۇ بۇ پاراڭغا
قېتىلىپ قالدى . ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا پوسۇققىدە :

— ئوغرى ھەرگىز يىراقتىن كەلمىدى . چوقۇم سېكرېتار-
نىڭ ئىشلەمچىلىرىدىن بىرەرسى ... — دەپ سالدى . ھەممەيلەن
ئۇنىڭغا قارىشىپ قويدى ، ئەمما ئۈندىمىدى .

نەچچە كۈندىن كېيىن ئوغرى تۇتۇلدى . دېگەندەك ،
ئوغرى سېكرېتارنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلەمچى بولۇپ چىقتى . نەچچە
يىل ئىشلەپ تۇزۇك ھەق ئالالمىغان ئىشلەمچى بالا ئاچچىقىدا
ئوغرىلايدىغاننى ئوغرىلاپ ، ئوبدان جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ، چان-
دۇرماي ئىشىنى قىلىپ يۈرۈپتۇ . ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە ،
تۇيۇقسىز قورسىقى ئاغرىپ ئىچى سۈرۈپ كېتىپتۇ . سېكرېتارنىڭ
خوتۇنىنىڭ پۇرچاق چىلاپ قويغانلىقى ئېسىگە كېلىپ قورقۇپتۇ .
ئۆزىگە قورسىقى بارا ـ بارا ئېسىلىپ يوغىناپ كېتىۋاتقاندەك تۇ-
يۇلۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قورقۇپ كېتىپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ .

ئوغرى شۇنداق قىلىپ تۇتۇلدى . ئەمما مەھەللىدە ئوغرى-
نىڭ كىملىكىنى روزاخۇن ئېيتىپ بېرىپتۇ ، دېگەن گەپ
تارقىلىپ كەتتى .

— روزاخۇن ھەممىنى بىلەلەيدىكەن.
— روزاخۇن رەم سالالايدىكەن.
— ئەلۋەتتە سالالايدۇ. ھېلىقى قويۇن ئۇنى دۆ - پەرىلەر ماكانىغا ئېلىپ بارغان گەپ. ئۇ يەرگە بارغانلار ئۇستا رەمچى بولۇپ كېلەرمىش. ئۇلارغا دۆ - پەرىلەر ھەر ۋاقىت ياردەمدە بولارمىش.

مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە تۇشمۇتۇشتىن كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ئالدىدا كەلگەن بىر - ئىككىيلەننى بىر نەرسىلەرنى دەپ يولغا سالدى. كېلىدىغانلار كۆپەيگەنسېرى قورقۇشقا باشلىدى. ئۇ بۇلارنى خوتۇنىغا دېۋىدى، خوتۇنى ئويلىمغان يەردىن:

— قورقماڭ، مەن ھەممىنى بىلىمەن. يېنىڭىزدا تۇرۇپ مەن سىزگە ئېيتىپ بېرىمەن. مېنى سىزدىن باشقا ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ نامى بىردىنلا بۇ مەھەللىدىن ئۆتۈپ يىراق - يىراقلارغا تارىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئادەم ئۈزۈلمەس بولدى. كېلىدىغانلار شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، بەزى كۈنلىرى كەلگەنلەر ئۇزۇن ئۆچىرەت بولۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشاتتى.

ئۇنىڭ يېنىغا ھەر خىل ئادەملەر كېلەتتى. سودىگەرلەر قىلماقچى بولغان سودىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە پال ئاچقۇزاتتى. قىزلارمۇ كېلەتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى بىلىپ باقماقچى بولۇشاتتى. ھەممىدىن كۆپ كېلىدىغىنى دىلى سۇنۇق دەردمەن ئاياللار ئىدى. خوتۇنى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بۇ دەردمەن ئاياللارنىڭ ھالىغا كۈلەتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەڭ ئاچچىق، يامان سۆزلەرنى دەپ بېرەتتى.

— ئېرىڭىزنىڭ ئاشنىسى بار ئىكەن. سىزدىن چىرايلىق،

ياش ، شوخ ئىكەن ، ئۇ ئېرىگىزنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋېتتۇ . ئېرىگىز ئاشنىسى بىلەن دائىم ئۇچرىشىدىكەن ...

ئاياللار بۇنداق سۆزلەرنى لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە ئاچچىق بىلەن ئاڭلايتتى . ئاندىن بىچارىلەرچە يالۋۇرۇشاتتى .

— نىمە كەتسە مەيلى ، ئېرىمنى ئاشنىسىدىن سوۋۇتۇپ ، ماڭا ئامراق قىلىپ بەرسىلە . بالىلىرىم بار ، مېنى دېمىسىمۇ ، بالىلىرى ئۈچۈن ئۆيگە ئامراق بولسۇن !

ئۇ ئاياللارغا بىر ــ ئىككى تال ئالما ، بىرەر كاللەك ناۋات ياكى بىرەر ئۇچۇم ئۈزۈم بېرىپ ، ئېرىگە يېگۈزۈشنى تاپىلاپ يولغا سالاتتى . ئاياللارنىڭ بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ ، گويا ئېرى ھازىرلا يېنىغا قايتىپ كېلىدىغاندەك ، چىرايىنىڭ گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكىنىگە ئۇ ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالاتتى .

ئۇنىڭ يېنىغا يوغان قورساق ئەمەلدارلارمۇ كېلەتتى . ئۇلار كۆپىنچە كېچىسى كىچىك ماشىنا بىلەن مەخپىي كېلىشەتتى . ئۇلارنىڭ دەككە ــ دۈككىگە چۈشكەن ھالىتى ، ئەمىلىدىن چۈشۈپ كېتىشىدىن شۇنچە قورقۇشلىرىمۇ ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى .

— مېنىڭ كەلگۈسۈم قانداق بولىدىكىن ؟ مەن يەنە ئۆسەلەمدىكەنمەن ؟ يېقىندا سايلام بولماقچىدى ، سايلىنالارمەنمۇ ؟ ... ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق سوئاللارنى سورىشاتتى .

بىر كۈنى ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى چىقىپ پال ئاچقۇزدى . ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ، ئۇنى كىچىك ماشىنىغا سېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى . ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق ئېسىل ئۆينى كۆرۈپ باقمىغانىدى . ئۆي ئىگىسى ئۇنى شۇنداق ئەتىۋارلىدىكى ، ئۇ ئۆزىنى راستتىنلا خېلى ئەتىۋارلىق ئادەم بولسام كېرەك ، دەپ ئويلاپمۇ قالدى . ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ ئالدىغا يوغان بىر كاللەك پۇلنى قويدى .

— يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ھاكىم سايلىمى بولىدۇ. سىز ئۈچ كۈنگىچە ئايەت ئوقۇپ، بارلىق كارامىتىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى ماڭا مايىل قىلىسىز. ئەگەر ھاكىم بولۇپ سايلىنالىسام، سىزنى يەنە رازى قىلىمەن. سىزگە ياردەملىشىشكە يەنە موللام چاقىرايمۇ؟

— يا... ياق... بولدى.

ئۇ پۇلنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەمەلىيەتتىنمۇ ئانچە كۆپ ئايەتمۇ بىلمەيتتى. خوتۇنى ئېسىگە كەلدى. نېمىشقىمۇ خوتۇنىنى ئېلىۋالمىغان بولغىيتتىكىن؟ شۇ خوتۇن ئامالىنى قىلار ئىدى...

ئۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ زورلىشى بىلەن پۇلنى قوينىغا سالدى. جاينامازنى سېلىپ تەسۋىسىنى سىيرىپ ئولتۇرۇپ، ئۈچ كۈننى تەستە توشقۇزدى. ئۈچىنچى كۈنى، ئۆي ئىگىسى كىيىملىرىنى تازا قاتۇرۇپ كىيىپ سايلام يىغىنىغا كەتكەندە، ئۇمۇ غىپپىدە قېچىپ چىقتى-دە، ئالدى- كەينىگە قارىماي ئۆيىگە كېلىۋالدى.

كېيىن، ئۇنىڭغا پال سالغۇزغىلى چىققانلاردىن ھېلىقى ھاكىمنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىدى. سايلام يىغىنى كۈنى، ھېلىقى ھاكىم ئۆزىنىڭ سايلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى باردەك تولىمۇ خاتىرجەم ھەم سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. ئەمما سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان ھامان چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ، كەينىگە ئۈچۈپ چۈشۈپتۇ. تېخىچە دوختۇرخانىدا ھوشسىز ياتارمىش...

ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا غەش بولدى. بۇ ئىشتىن قاتتىق رايى يېنىپ كەتتى. ئەمما ئادەملەر ھامان ئۇنى ئىزدەپ كېلىۋېرەتتى. ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ كەلگەنلەرنى ھەر خىل سۆزلەر بىلەن مازاق قىلاتتى. قورقىتىپ كۆڭۈل

ئاچاتتى . چوڭ ـ چوڭ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلاتتى . ئۇنىڭمۇ خوتۇنى ئېيتىپ بەرگەن گەپلەرنى ئەينى ئېيتاتتى ، باشقا ئامالى يوق ئىدى . پال سالدۇرۇشقا كەلگەن كىشىلەرمۇ ئۇ تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنى تارتىشمايلا بېرىشەتتى . خوتۇنى ئالدىغا چۈشكەن نەرسىلەرنى ئۇدۇللۇق ئىچكىرى قازناق ئۆيدىكى قارا ساندۇققا تاشلايتتى .

بىر كۈنى ، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قىز كەلدى . قىز سايىت موللىنىڭ قىزى ئىدى . ھېلىقى چاغدا ئۆزىگە ئۆگرە ئېيتىپ ئىچ-كۈزۈپ قويغىنى ئېسىدە ئىدى . قىز ياغلىقىنى پېشانىسىگە چۈشۈ-رۈپ چىگىۋالغان ، ياغلىق ئۇنىڭ قېشىنى سەلگىنە توسۇۋالغان-دى . قىز ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمەي تىكىلىپ تۇراتتى . بوز رەڭ كۆزلىرى ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى . كۆز قارىچۇقىنىڭ چېتىدە ئوتتۇرىسىدا يېنىۋاتقان بىر ئۇچقۇن بار ئىدى .

— سىز ... سىز بىرسىگە كۆيۈپ قاپسىز ، — ئۇ بۇ سۆزنى خوتۇنىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنىنى ياكى ئۆزىنىڭ ئېغىزىدىن تاسادى-پىي چىقىپ كەتكەنلىكىنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىدى . قىز بۇ سۆز-دىن تاكى بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى ، كۆزىنى دەرھال ئەپ-قېچىپ يەرگە قارىۋالدى ۋە يۈرىكىنىڭ شىددەت بىلەن دۇكۇلدەپ سوققىنى ئۇنىڭغا ئېنىق ئاڭلاندى . قىز تۇيۇقسىز بېشىنى كۆ-تۈردى ، ئاجايىپ بىر جۈرئەت بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكى-لىپ تۇرۇپ سورىدى .

— كىمگە ؟

ئۇ بىردىنلا مەڭدەپ قالدى ، كاللىسى تورمۇزلىنىپ قال-غاندەك ئېسىگە ھېچ گەپ كەلمىدى . ئالدىراپ يېنىغا قارىدى ، خوتۇنى يېنىدا يوق ئىدى ، ئۇ چىپىلداپ تەرلەپ كەتتى ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي دۇدۇقلىدى .

— ... ئىشقىلىپ بىرسىگە . مەن ... مەن كىملىكىنى بىلەل-
مىدىم . سىز ...

قىز ئۇنىڭغا شۇنداق بىر تەرىزدە قارىدىكى ، قىزنىڭ نە-
زىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوقتەك قادالدى . ئۆزىنى بىردىنلا قىزنىڭ
ئالدىدا قىيپالىڭاچ تۇرغاندەك ھېس قىلدى . قىزنىڭ كۆزىدىن
بىردىنلا ئىككى تامچە ياش دومىلاپ مەڭزىگە ئېقىپ چۈشتى-
دە ، يۈزىنى ئەتكىنىچە بىر دەمدە كۆزدىن غايىب بولدى .

ئۇ جايىدا قاققان قوزۇقتەك مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇ-
رۇپ قالدى . ھېچكىمنى قوبۇل قىلمىدى . خوتۇنىنىڭ ناز - كە-
رەشمىسىگىمۇ قاراپ قويمىدى . ئۇنىڭ خىيالىغا بىر نەرسىلەر
كىچىكەندەك بولدى ، نېمىنىدۇر ئويلىماقچى بولدىيۇ ھېچنېمىنى
ئويلىيالمىدى . كاللىسى قۇپقۇرۇق ، ئەزەلدىن ھېچ نەرسە بولۇپ
باقمىغاندەكلا قۇپقۇرۇق ئىدى . يۈرىكىدە ھېچقانداق ھېس -
تۇيغۇ يوق ئىدى .

ئۇ جىمپلا كەتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە ئۇ-
نىڭ بىلەن تەڭلا جىمجىتلىققا چۆمدى . بۇ جىمجىتلىق ئۇنىڭ
ئېسىگە بىر نەرسىلەرنى سالغاندەك بولدى ، ئەمما ھەممە نەرسە
غۇۋا ئىدى . ئۇنىڭ نېرۋىسى يەنىلا گاراڭ ھالەتتە تۇراتتى . بې-
شى ، پۈتۈن بەدىنى ئېغىر ئىدى . ئۈستىنى يوغان ، قاپقارا بىر
نەرسە بېسىپ تۇراتتى .

ئۇنىڭ ئەتراپىدا خوتۇنى ناىناقلاپ ئايلىنىپ يۈرەتتى .
خوتۇنىنىڭ كۆڭلىكىمۇ ، كۆزىمۇ ، چېچىمۇ بىر قارىسا قىزىل ،
بىر قارىسا سېرىق ، بىر قارىسا يېشىل ياكى قارا كۆرۈنەتتى .
خوتۇنى يورۇقلۇقتىن ، كۆلەڭدىن قاچاتتى ، قاراڭغۇ ئۆيدىن چىق-
مايتتى . ئۇنىڭ ئۇزۇن تىرناقلىرى ئادەمنى شۈركۈندۈرەتتى .
ئەمما بۇ خوتۇن تاماققا قەۋەتلا ئۇستا ئىدى ، ئەتكەن تامىقى ئا-

www.uyghurkitap.com

جايىپ مەززىلىك ئىدى . ئاچچىقلانمايتتى . قاچان قارىسا ھىجى-
يىپ ، نازلىنىپ تۇراتتى .

بىر كۈنى ، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ تاماق ئەتكىنىنى كۆرۈش
باققۇسى كەلدى . خوتۇنى تاماق ئەتكەندە ئىشىكنى چىڭگىدە تا-
قاپ قوياتتى . ئۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئاستا ماردى ، ئۆي سەل
قاراڭغۇ بولسىمۇ ، ھەممە نەرسە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . خوتۇن
ئاۋۋال قازانغا سۇ قۇيدى ، ئاندىن پات - پات قولتۇقىغا قىسىپ
سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان خالتىدىن بىر دۆۋە قۇرت -
قوڭغۇز ، پاقا - چېكەتكىلەرنى قازانغا تۆكتى . بىر چېكەتكە
سەكرەپ قېچىۋىدى ، كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ قازانغا تاشلاپ تۇۋاقنى
دۇملىدى ، ئاندىن كاسىسىنى يەرگە قويۇپ ئىككى پۇتىنى قاي-
چىلاشتۇرۇپ ئوچاققا تىقتى . پۇت بىردىنلا گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە
باشلىدى . قازان پورۇقلاپ قاينىدى . قازاندىكى نەرسىلەر پىشتى .
خوتۇن پۇتىنى ئاستا تارتىپ ئورنىدىن قوپتى . پۇتى ئۆز پېتىچە
ئىدى . تۇۋاقنى ئېچىپ نەرسىلەرنى لىگەنگە ئۇستى ، لىگەنگە نې-
مىلەرنىدۇر دەپ سۇفلىدى . ئۇ ئىشىك تۆۋىدە تىنىشقىمۇ جۈرئەت
قىلالماي ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بىردىنلا قاتتىق
كۆڭلى ئېلىشتى . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يېگەن نەرسىلىرىنى
بىراقلا قۇسۇۋەتمەكچى بولغاندەك ، سىرتقا چىقىپ ھۆ قىلىشقا
باشلىدى . قورۇق ھۆدىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىڭقىلىپ كەت-
تى ، ئۇچەي - باغرى ئاغزىغا تىقىلدى ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ
كەتتى . ئۇنىڭ مەيدىسى تويپتەك ئېغىر ئىدى . گويا ئاشقازىنىغا
مەينەت لاي - لاتقىلار توشۇپ كەتكەندەك چىڭ ئىدى . ئۇنىڭ
ئىچى ئىسلاشقان موردىدەك قاپقاراڭغۇلىشىپ كەتكەنىدى .

ئۇ بىردىنلا ، بۇ خوتۇنىنىڭ پەرىزات ئىكەنلىكىدىن گۇمان-
لىنىپ قالدى ، تامىقىنىمۇ يېمىدى ، چىرايىغا قارىغۇسىمۇ كەل-

مدى . ئەمما خوتۇن كۆندە بىر خىل ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئۇنى مايىل قىلىشقا تىرىشاتتى ، ئەركىلەپ زېرىكمەيتتى . بىر كۈنى كېچىسى ، ئۇ بىر پارچە ئوتىنىڭ ئىشىكتىن سوزۇلۇپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . قورقۇپ تۇرسىمۇ كەينىدىن ئەگەشتى . ئوت سوزۇلغىنىچە دەرۋازا يوچۇقىدىن سىرتقا چىقتى . قېرى ئۈجمە تۈۋىگە باردى . ئۈجمە تۈۋىدىكى يەنە بىر ئوت بىلەن چىرمىشىپ بىرلىشىپ كەتتى . ئۇ ئىتتىكلا ئۆيىگە يېنىپ كىردى ، يوتقاندا خوتۇنى يوق ئىدى ، ئۇ قورقۇپ كەتتى . شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى جىن بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ئۆتكىنىگە يۈرىكى ئاجايىپ ئاچچىققا تولۇپ كەتتى . بۇ كېچىنى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە تەستە تاڭ ئاتقۇزدى . تاڭ ئېتىش بىلەنلا مەھەللىدىكى يېشى ئەڭ چوڭ سارىخان مومايىنىڭ قېشىغا يۈگۈردى . مومايغا يالۋۇردى .

— موما ، خۇش بولۇپ كېتەي . مېنى جىندىن قۇتقۇزۇۋېلىڭ . بىر ئامال قىلىڭ ، جېنىم موما ، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ !

مومای ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى .

— سېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ يالغۇز ئۈجمە خالىي ئەمەس . مەنغۇ نەچچە قېتىم ئاشۇ ئۈجمە تۆپىدە ئوت يېنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمەن . ئاناڭ رەھمەتتى دائىم مۇشۇ ئۈجمىنى چىقىرىۋېتىپ ، كۆزدىن يوقاتسام دەيدىغان ، ئەمما قورقۇپ ئۇنداقمۇ قىلالمايتتى . سەن تۇيمىغان بىلەن بەزى كېچىلىرى جىنلار ئاناڭنى ئۇخلاتمايدىكەنمىش . شۇڭا يالغۇز قېلىشتىن بەك قورقاتتى ئۇ بىچارە . ئاخىر يالغۇزلۇق بېشىغا چىقتى . سېنى قويۇن ئەپقاچقان كېچىسى ئاشۇ ئۆيدە يالغۇز يېتىپلا ... — مومای سۆزلەۋېتىپ قېقىلىپ كەتتى . ھاسراپ دېمىنى ئېلىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاش-

تۇردى ، — سېنىڭ ئىشىڭغا كەلسەك جېنىم بالام ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سېنى جىن ئىگىلىۋاپتۇ . جىندىن قۇتۇلمىساڭ سەنمۇ جىنغا ئايلىنىپ كېتىسەن ، ۋاقتىدا قۇتۇل . ساڭا دەپ بېرەي ، سەن ئاۋۋال ئاشۇ ئالۋاستى خوتۇنۇڭنىڭ بىر تۇتام چېچىنى يۇلۇۋال . ئۇ خوتۇن ۋارقىراپ ساڭا چاڭگال سالسىمۇ قورقما . ئاخىر ئۇ خوتۇن ساڭا يالۋۇرۇشقا ئۆتىدۇ ، دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ يالۋۇرىدۇ . گېپىگە ھەرگىز ئىشىنىپ كەتمە . تەھدىت سالسىمۇ قورقما . ئاشۇ بىر تۇتام چېچى قولۇڭدا بولسىلا جىن سېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ . سەن ئاندىن ھويلاڭنىڭ ئالدىدىكى قېرى ئۈجمىنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەت . ئۈششاق — ئۈششاق توغراپ ، كىچىككىنە شاخ ھەتتا يوپۇرماقلىرىغىچە ئوت قويىۋەت . ئاندىن ھېلىقى بىر تۇتام چاچنى ئاشۇ ئوتتا كۆيدۈرۈۋەت . شۇنداق قىلالىساڭ جىنلاردىن قۇتۇلىسەن . ساڭا ، سېنىڭ يەتتىنچى ئەۋلادىڭغىچە جىن — ئالۋاستىلار تەھدىت سالالمايدۇ . بارغىن بالام ، شۇنداق قىلغىن . ئاللا ساڭا مەدەت بەرگەي !

ئۇ بىر كۈنى سىرتتا لاغايلاپ ئۆتكۈزدى . كەچتە دەككە — دۈككە ئىچىدە قورقۇپ تۇرۇپ ئۆيگە كىردى . خوتۇنى ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئەتىگەندە نەگە بارغانلىقىنى ھەم كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولغاندەك قىلاتتى . ئۇ قورققىنىدىن چىپىلداپ تەرلەپ كەتتى . خوتۇنىغا قاراپ كۈلمەكچى بولدىيۇ ، كۈلكىسى قاملاشمىغانلا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كەتتى . خوتۇنىنىڭ ناز — كەرەشمىلىرىمۇ يوقالغانىدى . چىرايىدىن كۆكۈچ مۇز ياغاتتى . ئۇنىڭ ئالدىغا بىر لىگەن گۆشنى دوققىدە قويۇپ ئۇنىڭغا قارىغىنىچە ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ گۆشكە قاراپ كۆڭلى ئاينىدى ، بەدىنى جۇغۇلدىدى ، ئامالسىز گۆشكە

قـول ئۈزاتتى ـ دە ، كۆزىنى يۇمۇپلا ئاغزىغا سالدى ، چايناپ يۇ-
تۇۋەتتى . ئۇنىڭ ئىچ ئەزاسىدا سانسىزلىغان چېكەتكە ، قۇرت ـ
قـوڭغۇزلار سەكرىشىپ يۈرۈۋاتقاندەك ، ئۇنى چىشلەپ ، غاجاپ ،
چېقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇ بۇلارغا چىدىدى . بىر لېگەن گۆشنى
تولىمۇ تەستە يەپ تۈگەتتى .

خوتۇنىنىڭ چىرايى ئېچىلدى . ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئۇنى
يوتقانغا تارتتى . خوتۇنىنىڭ يوتقان ئىچىدە باشقىچە خۇلۇقلىرى
بار ئىدى . ئۇ سەسكىنىپ تۇرسىمۇ ھېچنېمىنى چاندۇرمىدى .
خوتۇنىنىڭ بىلەكلىرىنى ، يۈزلىرىنى سىلىدى . ئاندىن قولىنى
ئاستا ـ ئاستا چاچلىرى ئارىسىغا ئاپاردى . چاندۇرماستىن كوكۇ-
لىسىدىن بىر ئورام چاچنى قولىغا يۆگىدى ، ئاندىن شۇنداق كۈ-
چەپ تارتتىكى ، قاتتىق چىرقىراش بىلەن تەڭ ، بىر تۇتام چاچ
بىر پارچە تېرە بىلەن قوشۇلۇپلا ئۇنىڭ قولىغا چىقتى .

خوتۇنى بىر چىرقىراش بىلەنلا بىر ھازا جىمىپ كەتتى .
تـۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ كۆزلىرى بىرخىل دەھشەت
بـىلەن ياناتتى . قىپقىزىل قانغا تولغان ، قان ئېچىدىغان ھالەتتە
چـەكچەيگەنىدى . يۈزىدە كۆكۈچ بىر رەڭ قېتىپ قالغانىدى ،
سالۋارىغان چاچلىرى مۈرىسىگە ، ئەمچەكلىرىگە يېيىلىپ تۇراتتى .
خـوتـۇن غەزەپلىك بىر ھۆركىرەش بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلدى . ئۇ-
زۇن تىرناقلىرى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنىڭ كانىيىنى چىرمىدى
. ئېغىزى بىردىنلا يوغىنىدى ، چىشلىرى ئۇزاردى ، ئۇنىڭ يۈزىگە
چاڭگال سالدى . روزاخۇن تېپىرلاپ قالدى . قولىدىكى چاچنى
چىڭ سىقىمدىۋالغانىدى . مىدىر ـ سىدىر قىلالمايتتى ، بەدىنى
بـوشـىشىپ كېتىۋاتاتتى . خوتۇن بىردىنلا ئۇنىڭ كانىيىدىن قو-
لىنى بوشىتىپ قولىدىكى چاچقا ئېسىلدى . بۇ پۇرسەتتە ئۇ بىرلا
كۈچەپ خوتۇننى قاتتىق تەپتى . خوتۇن دومىلىغىنىچە بۇلۇڭغا

بىرىپ قالدى ، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى ، پۈتۈن بەدىنىدىن غەزەپ ـ ئاچچىق تۆكۈلەتتى . ئۇمۇ بوش كەلمىدى ، ئۇ شۇ ھالەتتە ئۇزۇنغىچە تۇتۇشتى . ھەر ئىككىسىنىڭ ھېرىپ ھالى قالمىدى . خوتۇن پالاقىدە يەرگە يىقىلغانچە قوپالماي قالدى .

ــ چېچىمنى قايتۇرۇپ بەر ! ــ خوتۇننىڭ ئاۋازى ئاران ـ ئاران چىقاتتى .

ــ ياق ، بەرمەيمەن ، ــ ئۇمۇ ھاسىراپ سۆزلەيتتى .

ــ چېچىمنى نېمە قىلىسەن ؟

ــ كۆيدۈرۈۋېتىمەن .

خوتۇن جىمىپ كەتتى . بىردىنلا تاراملاپ يىغلاشقا باشلىدى .

ــ خوش بولۇپ كېتەي ، ئۇنداق قىلما ! كۆيدۈرۈۋەتمە ! چېچىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەر !

ــ ياق !

خوتۇن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆمىلەپ كېلىپ تىزلاندى . ئۇنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلىدى ، پۇتلىرىغا سۆيدى .

ــ رەھمەتلىك ئاناڭنىڭ ھەققىدە ئۆتۈنۈپ قالاي ، چېچىمنى كۆيدۈرۈۋەتمە ! سېنىڭ قۇلۇڭ بولاي ، ئۆمۈرۋايەت خىزمىتىڭنى قىلاي !

ــ كۆزۈمدىن يوقال ! بۇ چاچنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن ! ئۇرۇق ـ جەمەتىڭنىمۇ يوق قىلىۋېتىمەن .

خوتۇننىڭ بېشى لاسسىدە چۈشۈپ كەتتى . بوشاشقان تېنى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا پالاقىدە چۈشتى .

ئۇ پالتىنى قولىغا ئالدى . قېرى ئۇجمە يېنىغا باردى . قېرى ئۇجمە قۇچاق يەتمىگۈدەك دەرىجىدە يوغىنىغان ، پالتا ئۆت-



www.uyghurkitap.com

مىڭگۇدەك دەرىجىدە قاتماللىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆجمىگە كۆچەپ
پالتا سالدى. پالتىنىڭ بىسى يېنىپ كەتتى. پالتىنىڭ بىسىنى
ياندۇرۇپ يەنە سالدى، يەنە يېنىپ كەتتى. ئۈچىنچى قېتىم سى-
لىۋىدى پالتا ئۆتتى، بىسى يانمىدى. ئارقا - ئارقىدىن پالتا
سالدى. ھەر قېتىم كۆچەپ پالتا ئۇرغىنىدا ئىڭرىغان، چىرقىرى-
غان ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك بولاتتى. بۇ ئاۋازلار ئۇنىڭ پالتىنى
تېخىمۇ كۆچەپ ئۇرۇشىغا سەۋەب بولاتتى.

قېرى ئۆجمە ئاخىر يىقىلدى. ئەمما ئۇنىڭ يىلتىزىنى كو-
لىماق بەكمۇ تەسكە چۈشتى. بۇ قېرى دەرەخ يەرگە شۇنچىلىك
چىڭ، شۇنچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدىكى، ئۇنى يەرنىڭ
باغرىدىن تارتىپ چىقىش ئۈچۈن غولىغا پالتا ئۇرغاندىنمۇ بەكرەك
كۈچ كېتەتتى.

تۇپتوغرا ئۈچ كېچە - كۈندۈزدە بۇ قېرى ئۆجمە يوغان
بىر دۆۋە ئوتۇنغا ئايلاندى. قېرى ئۆجمە پاراسلىغىنىچە ئاجايىپ
ياخشى كۆيدى. ئوت شۇنداق يالقۇنلىدىكى، ئوتنىڭ بىر ئۇچى
ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى. پۈتۈن مەھەللە كۈندۈزدەك يورۇپ
كەتتى. تاڭ ئاتقاندىمۇ ئوت تېخىچە كۆيۈۋاتاتتى. قاپقارا ئىس
ھاۋادا ئاستا - ئاستا يېيىلىپ، مەھەللە ئاسمىنىدا بىر قەۋەت قارا
پەردە ھاسىل قىلغانىدى. روزاخۇن قولىدىكى چاچنى ئوتقا تاش-
لىدى. سېسىق چۇپۇر پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالدى. چاچ پى-
ژىلداپ بىردەمدە كۆيۈپ ئوتۇن كۈلىگە ئارىلىشىپ كەتتى.
نەچچە كۈنگىچە مەھەللە ئاسمىنىدا بىر قەۋەت قارا پەردە لەيلەپ
يۈردى. مەھەللىدىكىلەر كۈن چىققىنىنىمۇ كۆرەلمىدى. ھەممەيلەن
ئاسمانغا ئەپسۇسلىنىپ قاراپ قويۇشاتتى.

بىر كۈنى كېچىسى، قاتتىق يامغۇر ياغدى. بۇ يەردە
بۇنداق يامغۇر ئاز ياغاتتى. تاڭ سەھەردە پۈتۈن ئەتراپ يۇيۇنۇپ

چىققان قىزدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى . ئاسمان ئاجايىپ سۈزۈك ، نەمخۇش ھالەتتە ئۇپۇق سىزىقىغىچە سوزۇلغانىدى . ئەمدىلا كۆ-تۈرۈلگەن كۈن يېڭى كېلىنچەكنىڭ قىزارغان يۈزىگە ئوخشاپ قالغانىدى .

روزاخۇن ئەتراپقا زوقلىنىپ قارىغىنىچە ، ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى . سايىت موللىنىڭ قىزى ئىشىك ئالدىدىكى يولدىن ئۆ-تۈپ قالدى . قىز يەرگە قارىغىنىچە تولىمۇ ئاستا كېتىۋاتاتتى .

— خۇمارگۈل ، توختاپ تۇرۇڭە !

قىز توختاپ بېشىنى كۆتۈردى . ياغلىقىنى پېشانىسىگە چۈشۈرۈپ چىگىۋالغانىدى . ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى . بوز رەڭ كۆزلىرى ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى . كۆز قارىچۇقىنىڭ چېتى ئوتتۇرىسىدا يېنىۋاتقان بىر ئۇچقۇن بار ئىدى .

— مەن ... مەن سىزگە پال سېلىپ باقتىم . سىز بىرسىگە كۆيۈپ قاپسىز ...

قىز بۇ سۆزدىن تاكى بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى ، كۆزىنى دەرھال ئەپقېچىپ يەرگە قارىۋالدى . يۈرىكىنىڭ شىددەت بىلەن دۈكۈلدەپ سوققىنى ئۇنىڭغا ئېنىق ئاڭلاندى . قىز تۇيۇق-سىز بېشىنى كۆتۈردى . ئاجايىپ بىر جۈرئەت بىلەن ئۇنىڭ كۆ-زىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى .

— كىمگە ؟

ئۇ بىردىنلا مەڭدەپ قالدى .

## خىيال

... ئۇ ھەممىدىن ۋاز كەچتى . ئېرىدىن ، جاندىن ئەزىز ئوغلىدىن ، ئۆزى كۆنۈپ كەتكەن تۇرمۇش رىتىمىدىن ...

ئۇ ۋاز كېچىشنىڭ بۇنداق ئاسانغا توختايدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى .

ــ بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى ! ــ ئۇ ئۆزىدە شۇنداق بىر جۈرئەتنىڭ پەيدا بولغىنىغا ھەيران قالدى .

ئېرى دەسلەپتە ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ كەتتى . ئاندىن قولىدىكى تېخى چېكىپ بولالمىغان تاماكىسىنى ئاچچىق بىلەن يەرگە تاشلىدى .

ــ مەيلى ، ئاجراشساق ئاجراشتۇق . ئەمما ئوغلىمىز ئىرـ شاتنى ئېلىپ كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلما !

ئۇ ئېرىنىڭ قوپاللىقىدىن رەنجىدى . ئۇنىڭ شۇنداق دەيـ دىغانلىقىنى بىلەتتى . ئېرى ئۇنىڭ بالىسىغا شۇقەدەر ئامراقلىقىنى ، ئايرىلىشقا چىدىمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ، قەستەن شۇنداق دەۋاتاتتى .

ــ بالا تۇرۇشنى خالىسىلا ، يېنىڭىزدا تۇرسا مەيلى !

ئۇ ئۆزىنىڭ تاش يۈرەكلىك قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى ...

ئۇ سومكىسىنى ئېلىپلا ، پەلەمپەيدىن بىرسى قوغلىغاندەك تاراقلاپ چۈشتى . ئوغلى تېخى ئويغانمىغانىدى . بالا ئويغىنىپلا

چوقۇم ئاپىسىنى ئىزدەپ بىر هازاغىچە يىغلايدۇ . ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، ئاپىسىز تۇرمۇشقىمۇ كۆنۈپ كېتەر . ئاپىسىنى ئۇنتۇپ كېتەر . چوڭ بولغاندا بەلكىم ئاپىسىنىڭ ئۆزلىرىدىن نېمە ئۈچۈن ۋاز كەچكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالار ...

بالكوندىن ئېرىنىڭ ئەلەمگە تولغان كۆزلىرى كۆرۈنگەندەك بولدى . ئېرى ئۇنى چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ قەدىمى ئىختىيارسىز سەلگىنە ئاستىلىدى . ئەمما قەدىمىنى توختاتمىدى . ئۇ هەممە نەرسىنىڭ قايتىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى .

ئۇ ئېرىنىڭ ئاۋازىنى ئاجايىپ ياقتۇراتتى . ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان چاغلىرىدا ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ ئاجايىپ مەردانە ، ئۇرغۇلۇق ئاۋازىغا كۆيۈپ يۈرگەنىدى . كېيىن ئۇلار توي قىلدى . ئەرنىڭ ئاۋازىغا سالماقلىق قوشۇلۇپ تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كەتتى . ئۇلار ئاجايىپ شېرىن ، مۇهەببەتلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى . ئەمما بىر خىللا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان تۇرمۇش رىتىمى ، تۇرمۇش غېمى ، بالىلىق بولغاندىن كېيىنكى جىددىيچىلىكلەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئاۋۋال سالقىن ، ئاندىن سوغۇق كەيپىياتنى باشلاپ كىردى . ئۇ دەسلەپتە خورسىندى ، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ ، هەممىنى باشتىن باشلاشنىمۇ ئويلاپ كەتتى . ئەمما بۇ مۇمكىنمۇ ! تۇرمۇش ، خىزمەت ، ئائىلىدىكى جىددىيچىلىكلەر ئۇنىڭمۇ ، ئېرىنىڭمۇ مىجەزىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى .

ئۇنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇلىرى بار ئىدى . ئۇ يازغۇچى بولۇشنى ، داڭلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ كىشىلەرنى هاڭ - تاڭ قالدۇرۇشنى ئويلايتتى . ئۇ ئۆزىدە مۇشۇنداق تالانتنىڭ بارلىقىنى ، تەسەۋۋۇرىنىڭ تولىمۇ رەڭگارەڭ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . ئەينى چاغلاردا ئانچىكىم يېزىپ قويغان ئەسەرلىرىمۇ خېلى كۆپلۈك

ئىنكاس قوزغىغانىدى. ئەمما ئۇ ھەممىنى — ئەقلىنى، تالانتىنى، بارلىق گۈزەل تەسەۋۋۇر، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئېرنگە، ئائىلىسىگە بېغىشلىۋەتتى. ئۇ بۇلارغا رازى ئىدى. ئائىلىسىدىن، ئېرىدىن تېخىمۇ گۈزەل نەرسىلەرگە، مۇكەممەل بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى.

ئەمما، ئۇنىڭ بارا - بارا تۇرمۇشىدىن رايى يېنىپ كېتىۋاتاتتى. ئاۋۋال ئېرىدىن كۆڭلى سوۋۇدى. ئېرى ئۇنىڭغا مۇھەببەتلىك ئەسلىملەردىن باشقا ھېچ نەرسە بېرەلمىگەنىدى. ئۇ ئېرىنىڭ تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ، ساپادا قىيسايغىنىچە يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان ئېزىلەڭگۈ ھالىتىدىن ئاجايىپ بىزار ئىدى. بەزى كېچىلىرى نە - نەلەردە يۈرۈپ ئىچىپ، مەست بولۇپ كېلىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا گۈپپىدە تاشلىغانلىرىدا، ئۇنى كۆتۈرۈپلا بالكوندىن تاشلىۋەتكۈسى كېلىپ كېتەتتى.

ئۇلارنىڭ ئۆيــىــمۇ بەكلا ئاددىي ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ «پاھ» دېگۈدەك كىيىملىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇمۇ باشقا ئاياللارغا ئوخشاشلا ئېسىل نەرسىلىرى بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئۇ خىيال - ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىن تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇ ھەممىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپلا كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ھەممىسى قوشۇلۇپ تاشقىنغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقتى. تۇزلۇق، قىرتاق كۆز يېشى مەڭزىنى بويلاپ دومىلاپ ئۇنىڭ لەۋلىرىگە ئېقىپ كىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان، مۇشۇنداق بىر خىل تەم ئارىسىدا ياشاپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ تۇزلۇق، قىرتاق تەم ئۇنىڭ قەلبىدىكى نۇرغۇن گۈزەل ھېس - تۇيغۇلىرىنى يۇتــۇپ كــېتــىۋاتاتتى. ئۇنى ھاردۇرۇپ، ھالسىرىتىپ قويغانىدى.

— مەن ســىــزنــى ســىــز ئارزۇ قىلغان ھەممىلا نەرسىگە

ئېرىشتۈرەلەيمەن .

بىر چاغدا ، تولىمۇ ئابرۇيلۇق ، پۇللۇق بىر ئەر ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەنىدى . ئۇ ئۇنىڭ قىز چاغلىرىدىكى ئۆزىگە ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ بىرى ئىدى . شۇنچە يىللار ئارىسىدا پەقەت شۇلا ئۇنىڭغا بولغان ئەقىدىسىنى سۇسلاشتۇرمىغانىدى . ئۇ دەسلەپتە بۇ سۆزلەرگە ئانچە ئىشەنمىدى ، پەقەت سۇسقىنا كۈلۈپ قويدى . ئۇ ئەرلەرنىڭ ۋەدىسىگە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كېتىدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەس ئىدى . كېيىن ... ئۇنىڭ بىردىنلا تەۋەككۈل قىلىپ باققۇسى كەلدى . ئۇ ھاياتىدا ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ئېرىشىپ باقسا نېمە بوپتۇ ؟ بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ ئېرى ۋە بالىسىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر بارغۇ ؟...

ئۇ سومكىسىنى ئاسقىنىچە مەقسەتسىزلا كوچا ئايلاندى . كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى . ئۇ كوچىنى ھېچقاچان بۇنداق ئازادە ، تىنچ ھالدا كۆرۈپ باقمىغانىدى . ئۇ ئۆزىنى تېرىلىرى كېڭىيىپ قالغاندەك ئازادە ، راھەت سەزدى . قەدەملىرىمۇ قۇشتەك يەڭگىل ئىدى . ئۇ شۇ ماڭغىنىچە شەھەر سىرتىغا چىقىپ قالغىنىنى سەزمەيلا قالدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۆز يەتكۈسىز يېشىللىق سوزۇلۇپ ياتاتتى .

* * *

... ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكىدەكلا بولدى . ئۇنىڭ بۇ تويى تۇنجى قىز تويىدىن نەچچە ھەسسە ھەشەمەتلىك ئۆتتى . بۇ توي ئۇنىڭ يۈرىكىدە دەسلەپكى تويىدەك ھاياجانلىق دۈكۈلدەشلەرنى پەيدا قىلالمىغان بولسىمۇ ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۆزىگە ھەۋەس بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن شادلاندى . ئۆزىنى بەخت

قوينىدا يەنە بىر قېتىم ئەللەيلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدى .
ئەرنىڭ شەھەر سىرتىدا ئاجايىپ چىرايلىق قورۇسى بار ئىدى . باغنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئېرىقتىن ھەر ۋاقىت سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇ خىزمەتتىن يېنىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىدە ، كىچىككىنە ئالا كۈچۈك ئۇنى ئوماققىنا قاراپ قارشى ئالاتتى . بۇ ھويلىنىڭ ھەممىلا يېرى ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ، ئازادىلىك بېغىشلايتتى .
ئەر كۆپىنچە سىرتلاردا ئالدىراش يۈرەتتى . ئەمما ئۇنىڭغا ھەر كۈنى تېلېفون بېرىپ ئەھۋال سوراشنى ئۇنتۇمايتتى ، ئۇنىڭغا كۆيۈنەتتى ، ھەممە نېمىسىنى تەل قىلىپ بېرەتتى . بۇ ئائىلىدە ئۇ كۈتكەن ، ئارزۇ قىلغان ھەممە نەرسە بار ئىدى . ئەمما بىرلا يېرى ئەر گۇمانخور ئىدى . بىر كۈنى چاقچاق قىلغاندەكلا :
— سىز بۇرۇنقى ئېرىڭىز ھەم بالىڭىزدىن بەك ئاسان ۋاز كەچتىڭىز . كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەندىنمۇ ۋاز كەچمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ ، — دەپ ئۆزىنىڭ گۇمانخورلۇقىنى ئاشكارىلاپ قويدى . ئۇ ھېچنېمە دېمىدى . پەقەت شۇ سۆز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۇنىسىز غاجىلاۋاتقان بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇۋالدى . ئەرنىڭ ئاشۇ سۆزىنى ، گۇمان بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىنى ئۇزۇنغىچە ئۇنتۇيالمىدى .
ئەمما قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇ مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان تۇرمۇش غېمىدىن قۇتۇلۇپ ئازادە مۇھىتقا ئېرىشتى . ئۇ بۇ پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك ئىدى . ئۇ باش چۆكۈرۈپ ئەسەر يازدى . ئەسەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى . بىر قانچە توپلاملىرى نەشر قىلىنىپ ، بۇ شەھەردىكى خېلى داڭلىق شەخسكە ئايلىنىپ قالدى . ئۇنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىمۇ كۆپ ئىدى .
ئېرى قاچان قارىسا ئالدىراشلا يۈرەتتى . ئۇنىڭ مۇۋەپپەـ

قىيەتلىرى ۋە خۇشاللىقىغا جور بولۇش ئىپسىگە كەلمەيتتى. پەقەت گۇمان ئارىلاش قىلغان بەزى چاقچاقلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئائىلىدە نە كۆلكە ـ چاقچاق ، نە قىزغىنلىق ، نە جىدەل ـ ماجىرا يوق ئىدى . ئۇلار پاراڭلاشقۇدەك تۈزۈك گەپمۇ چىقمايتتى . ئۇ-لەر خۇددى تۇرغۇن سۇدەك جىمجىت ، ئۆتەتتى . ئۇلارنىڭ ئور-تاق نىشانى ، ئورتاق غېمى ، ئورتاق ئارزۇسى يوق ئىدى . ئۇلار خۇددى بىر يولدا كېتىۋاتقان ناتونۇش يولۇچىلارغا ئوخشايتتى .

بۇ قورۇ يەنىلا شۇنداق چىرايلىق ، ئازادە ئىدى . ئېرى ئۇنىڭغا يەنىلا ھەممىنى تەل قىلىپ بېرەتتى . ئۇنىڭغا تېلېفون بې-رىپ ئەھۋال سوراشنى ئۇنتۇمايتتى . ئەمما بارا ـ بارا بۇ چىرايلىق قورۇ ، ھەممە نېمىسى تەل بۇ ئۆي ئۇنى قىزىقتۇرالماس بولۇپ قې-لىۋاتاتتى . بۇ چىرايلىق ئۆي ، بۇ ھەشەمەتچىلىكلەرنىڭ ھېچقا-چان ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى . نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى .

ئۇ يالغۇزسىرايتتى . بەزىدە بىر كۈننى كەچ قىلماق تولىمۇ تەسكە چۈشەتتى . بۇنداق چاغلاردا ئوغلىنى سېغىناتتى . ئوغلى بىلەن تەڭ كونا ، سېرىق بىنادىكى ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان تارغىنا ئۆيى ئېسىگە كېلەتتى . ئاشۇ ئۆيىنىڭلا ئۆزىگە مەنسۇپ ئى-كەنلىكىنى ھېس قىلدى : كۆن بويى شۇ ئۆي ئۈچۈن جىددىي ، ئالدىراش يۈرەتتى . ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئائىلە ئىقتىسادىنى بىللە پىلانلىشاتتى . بىر ئايلىق مائاشنى نېمىگە ، قانداق ئىشلى-تىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشەتتى . بەزىدە تالاش ـ تارتىش قى-لىپ سوقۇشاتتى . بالىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا مۇڭدىشاتتى . قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇلارنىڭ ئورتاق غېمى ، ئورتاق ئارزۇسى بار ئىدى . بىر ـ بىرىنى ئاز ـ تولا چۈشىنىشەتتى . ئۇنىڭ ئۆيىگە ـــ ئاشۇ تار ، ئاددىي بىنا ئۆيىگە قايتىپ كەتكۈسى كەلدى .

— بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى ! — دېدى ئۇ ئېرىگە.

— مەيلى ! — ئەرمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا قىلاتتى...

ئۇنىڭ يۈرىكى ئاجايىپ كۈچلۈك سېغىنىشقا تولۇپ كەتكەنىدى. سېرىق بىنا ئۆز پېتىچە تۇراتتى. ئەتراپتا ھېچ نەرسە ئۆزگەرمىگەندەك قىلاتتى. ئوغلى بىلەن ئېرى ئۇنى كۈتۈۋاتقانمىدۇ ؟ ...

ئۇ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك 4 - قەۋەتكە چىقتى. مۈرىسىدىكى سومكىسى بوش سىلكىنىپ تۇراتتى. ئىشىك ئېتىك ئىدى. يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى. ئۇ ئىشىكنى يەڭگىل چەكتى. ئىشىكنى يېرىم يالىڭاچ كىچىككىنە ئوغۇل ئاچتى. بۇ ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى. ئازراقمۇ ئۆزگەرمىگەن، يەنىلا شۇ پېتىچە ئىدى. بالا ئۇنى كۆرۈپلا بوينىغا ئېسىلدى.

— ئاپا، ئەتىگەندىن بېرى نەگە كەتتىڭ ؟ قورسىقىم ئېچىپ كەتتى.

— ماقۇل بالام، مەن سىزگە يەيدىغان نەرسە بېرەي.

ئۇ ئوغلىنى سۆيۈپ قويۇپ ئۆيگە كىردى. ئېرى ساپادا قىيسايغىنىچە يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. ئۆي ئىچى تاماكا ئىسىغا تولۇپ كەتكەنىدى. ئېرى ئۇنى كۆرۈپلا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماكىسىنى ئاچچىق بىلەن يەرگە تاشلىدى.

— بۈگۈن شەنبە تۇرسا، ئەجەب ئەتىگەندىلا سومكاڭنى ئېسىپ تاراقلاپ چىقىپ كېتىۋاتىسەنا. بالا بىلەن كارىڭ يوقمۇ زادى، دېگىنە، نەلەرگە بېرىپ كەلدىڭ ؟

ئۇ بىردىنلا يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

[General Information]
书名=红遍乡村　维吾尔文
SS号=40300823